ئادالەت ھىمىت

# پەرزەنتنامە

ـــ بالىلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان پسىخىك تەربىيەسى

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com



«بولمايدۇ» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان سۇ كرىستالى



«ئەبلەخ» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان سۇ كرىستالى



«كۈچ ــ قۇۋۋەت» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان سۇ كرىستالى



«ناھايىتى ياخشى بولدى» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان
سۇ كرىستالى

# تەشەككۈرنامە
# (كىرىش سۆزئورنىدا)

قەلبىم مىننەتدارلىق بىلەن تولغاچقا، بۇ تەشەككۈرنامىنى كىتابىمغا كىرگۈزۈش نىيىتىگە كەلدىم.

مەزكۇر كىتابىم نۇرغۇن ئادەمنىڭ ياردىمى بىلەن نۇرغۇن ئاتا ـ ئانا ۋە ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ئالدىدا تۇرۇدۇ، كىتابنى يېزىپ بولغان كۈنۈم قەلبىم هاياجانغا تولدى.

تەشەككۈر دېگەن سۆزنى تىلغا ئالغىنىمدا، بىرىنچى بولۇپ ئويلىغىنىم ئاتا ـ ئانام بولدى، ئۇلارنىڭ بۇ كىتابىمنى يېزىشىم بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، لېكىن مەن بۈگۈنكى كۈنگە ئۇلارنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى، شەرتسىز غەمخورلۇقى ۋە قوللىشى بىلەن ئېرىشكەن.

بۇنىڭدىن 30 نەچچە يىل ئىلگىرى مۇھىت ۋە تۇرمۇش شارائىتىنىڭ چەكلىمىسى سەۋەبىدىن ئاتا ـ ئانام مېنى خەنزۇ مەكتەپكە بەرگەنىدى، مەن شۇ يىللاردا ئۇلارنىڭ ئامالسىزلىقتىن شۇنداق قىلغانلىقىغا ئىشىنىمەن، لېكىن مۇھىمى ئۇلار شۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلغان. ئۇلاردىن كۆپ مىننەتدارمەن، چۈنكى مەن ئۇلارنىڭ ئەينى يىلدىكى ئاشۇ تاللىشى ئارقىلىق ئۈچ خىل تىل ئۆگىنىش، ئۈچ خىل مەدەنىيەت ۋە قىممەت قارىشى بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم، ئەڭ مۇنەۋۋەر، ئەڭ ئىلغار بىلىم بىلەن ئۇچراشتىم، ناۋادا ئاتا ـ ئانامنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، قوللىشى بولمىغان بولسا مېنىڭ بۈگۈنۈم بولمىغان بولاتتى. يەنە بىز قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەتمۇ بۈگۈنكى ئەڭ

1

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىممەتلىك بايلىقىم، شۇنداقلا مېنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ يېقىن، ئەڭ بىۋاستە كۆڭۈل رىشتەم ھېسابلىنىدۇ، ئاتا ـ ئانامنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى مېنى بۇگۈنكى كۈنگە ئېرىشتۈردى قېرىنداشلىق مېھىر ـ مۇھەببەت بۇگۈنۈمنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە شىجائەت بېغىشلىدى دېسەم بولىدۇ، شۇڭا مەن مۇشۇ پۇرسەتتە ئاتا ـ ئانام ۋە قېرىنداشلىرىمغا رەھمەت ئېيتىمەن.

كىتابىمنى يېزىش جەريانىدا ئىدىيە ـ مەقسىتىمنى كىتابىي تىل بىلەن قانداق ئىپادىلەش مەن دۇچ كەلگەن بىر قىيىن مەسىلە بولدى. تەلىيىمگە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى ئابدۇسالام ئابلىز بۇ جەھەتتە ماڭا ناھايىتى كۆپ ياردەم قىلدى. ئابدۇسالام ئابلىز تىل ئوقۇتقۇچىسى ۋە ئىجتىھاتلىق تەرجىمان بولغاچقا ئىدىيە ۋە قاراشلىرىمنى كىتابىمدا بايان قىلىش جەھەتتە ناھايىتى ئەستايىدىل ھالدا ياردەم ـ تەكلىپلەرنى بەردى. تېخىمۇ قىممەتلىكى شۇكى، كىتابىم پۈتكەندىن كېيىن ئابدۇسالام ئەپەندى ئۆزى نەشرىيات بىلەن ئالاقىلىشىپ، كىتابىمنىڭ نەشر قىلىنىشىغا كۈچ چىقاردى. بۇنى مەن مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايمەن.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىكىلەرنىڭ مەن بىلەن ھەمكارلاشقانلىقىدىن، كىتابىمنىڭ ئارگىنالىنى كۆرگەندىن كېيىن كەسپىي نۇقتىدىن كىتابىمنىڭ قىممىتىنى تونۇغانلىقىدىن تولىمۇ سۆيۈندۈم. مەزكۇر كىتابىم نەشرىياتتىكىلەرنىڭ، بولۇپمۇ مەسئۇل مۇھەررىرنىڭ قوللىشى ۋە تەر ئاققۇزۇشى نەتىجىسىدە نۇرغۇن ئاتا ـ ئانا ۋە ئوقۇرمەنلەر بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. بۇ ئۇلارنىڭ مائارىپىمىزغا، ئەۋلادلىرىمىزغا، مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسىگە تولىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەن بۇ يەردە ئۇلارغىمۇ چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

مەن ئاخىرىدا ھاياتىمدىكى ئەڭ مۇھىم ئىككى كىشىگە ——

يولدىشىم بىلەن ئوغلۇمغىمۇ رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇلارنىڭ ئۇن ـ تىنسىز قوللىشى بولمىغان بولسا مەن قىزغىن سۆيگەن كەسپىمنى داۋاملاشتۇرالمىغان بولاتتىم، بولۇپمۇ ئوغلۇم بولمىغان بولسا مېنىڭ نۇرغۇن ئىدىيە ۋە كۆزقارىشىم پەقەت ئوي ـ پىكىر پېتىلا قېپقالغان بولاتتى، بۇ يەردە ئوغلۇمغىمۇ رەھمەت ئېيتىمەن، چۈنكى ئۇ مېنىڭ «تەجرىبىلىرىم» نىڭ ئەمەلىيەتتىن ئۆتۈشىگە، «ئوي ـ پىكىرلىرىم» نىڭ دەلىللىنىشىگە ياردەم بەردى.

بىر ئادەم نۇرغۇن ئادەمنىڭ يار ـ يۆلەك بولۇشى بىلەن پۈت تىرەپ تۇرالايدۇ دەپ قارايمەن. ماڭا يار ـ يۆلەك بولغان، كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلىغان دوستلىرىمغا، كەسىپداشلىرىمغا، ئاتا ـ ئانامغا ۋە بالامغا يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتىمەن.

ناۋادا ئوقۇرمەنلەرنىڭ كىتابتىكى كۆزقاراشلارغا ئوخشىمىغان قارىشى بولسا ۋە ياكى مېنىڭدىن سورايدىغانلىرى بولسا مېنىڭ ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقۇم ياكى بىلوگىم ئارقىلىق مەن بىلەن ئالاقىلىشىشنى قىزغىن قارشى ئالىمەن، ئوقۇرمەنلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشنى ۋە بىللە ئۆگىنىشنى ئارزۇ قىلىمەن.

2014 ـ يىل ياز، بېيجىڭ

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب ئاتا ـ ئانىلار بىلىشكە تېگىشلىك پسىخولوگىيەگە ئائىت ھېكايىلەر ........ 1

ئىككىنچى باب سۆپەتلىك مېھىر ـ مۇھەببەت تۆرەلمە مەزگىلىدىن باشلىنىدۇ ........ 16

ئۈچىنچى باب ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىلىش: بالىلار دۇنياسىنى چۈشىنىش ........ 35

تۆتىنچى باب ئۆمۈرلۈك نەپ بېرىدىغان قابىلىيەت تەربىيەسى ........ 50

بەشىنچى باب ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئۆگىنىشىگە قانداق ياردەم قىلىشى كېرەك؟ ........ 77

ئالتىنچى باب بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدىكى تەربىيە —— مۇھەببەت تەربىيەسى ........ 117

يەتتىنچى باب ئىدىتلىق ئاتا ـ ئانىلاردىن بولايلى ........ 156

سەككىزىنچى باب ئائىلە — بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى بۆشۈك ........ 196

www.uyghurkitap.com

بىرىنچى باب

# ئاتا ـ ئانىلار بىلىشكە تېگىشلىك پسىخولوگىيەگە ئائىت ھېكايىلەر

بالىلارنى تەربىيەلەش ئۇسۇلۇم خاتا بوپتۇ، دەيدىغان ئاتا ـ ئانا بولمىسا كېرەك. لېكىن بالىلارنىڭ چوڭ بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنى باشقۇرۇش تەسكە چۇشۇۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كۆتكىنىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ، ئەلۋەتتە مەسئۇلىيەتچان ئاتا ـ ئانا: «بۇ زادى تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلۇمدىكى مەسىلىمۇ ياكى بالىدىكى مەسىلىمۇ؟» دەپ ھەسرەت چېكىشى تۇرغان گەپ. بۇ زادى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلىشىدىكى ئۇسۇل مەسىلىسىمۇ ياكى بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلالماسلىقتىكى مەسىلىمۇ؟ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بۇنىڭ ئۈچۈن غەم ـ ئەندىشە قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. مېنىڭچە بىز ئەنسىرەش تۇيغۇسىنى تۆگىتىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلى توغرىسىدا ئىزدەنسەكلا، بالىلىرىمىزنى ياراملىق ئادەملەردىن قىلىپ تەربىيەلەپ چىقالايمىز. كونكرېت مەزمۇنغا كىرىشتىن ئاۋۋال بۇ مەسىلىگە ئائىت بىرنەچچە قىسقا ھېكايىنى پسىخولوگىيە نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئوقۇپ باقايلى.

## 1 ـ ھېكايە: «تەشنالىق تەسرى» ــ بالىلارنى يارىملىق قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشنىڭ سىرلىق قورالى

بۇرۇنقى زاماندا مەلۇم بىر قەبىلىنىڭ مۇنداق بىر ئەنئەنىسى بار ئىكەن: يىگىت توي قىلماقچى بولسا ئۆزى يېتەرلىك كالا تۇتۇپ، تۇتقان كالىلىرىنى قىزنىڭ ئائىلىسىگە تويلۇق ھېسابىدا بېرىدىكەن، تويلۇق كالا ئاز بولغاندا بىر، كۆپ بولغاندا توققۇز بولۇشى كېرەككەن. قەبىلە باشلىقىنىڭ ئىككى قىزى بار ئىكەن. بىر كۈنى بىر يىگىت قەبىلە باشلىقىنىڭ ئالدىغا كىرىپ، قەبىلە باشلىقىنىڭ چوڭ قىزىغا كۆڭلى چۈشۈپ قالغانلىقىنى، تويلۇققا توققۇز كالىنى تارتۇق قىلىپ، ئۇنى ئەمرىگە ئالماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران قالغان قەبىلە باشلىقى:

ــ توققۇز كالا جىق بولۇپ كېتىپتۇ، چوڭ قىزىم توققۇز كالىغا يارىمايدۇ، كىچىك قىزىمنى ئېلىڭ، كىچىك قىزىم توققۇز كالىغا لايىق، ــ دەپتۇ.

بىراق يىگىت «چوڭ قىزلىرىنى ئالىمەن» دەپ گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، قەبىلە باشلىقى ئامالسىز قوشۇلۇپتۇ.

بىر يىلدىن كېيىن قەبىلە باشلىقى كۈيئوغلىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، كۈيئوغلىنىڭ ئۆيىدە بىر توپ ئادەمنىڭ بىر ساھىبجامالنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلىدىن زوقلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان قەبىلە باشلىقى كۈيئوغلىنى چاقىرىپ:

ــ ساھىبجامال كىم؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ سىلىنىڭ چوڭ قىزلىرى، ــ دەپتۇ كۈيئوغلى.

مانا بۇ سىرلىق «تەشنالىق ئېفتكى»، بۇ پىسخولوگىيەدە «پىگمالىئون ئېفتكى» دېيىلىدۇ. بۇنداق تەسىر كۆرسىتىش ئۇسۇلى يۇنان ئەپسانىلىرىدىن كەلگەن:

بۇرۇن سىپرۇستا پىگمالىئون ئىسىملىك بىر شاھزادە ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ئويمىچىلىقتا ماھىر ئىكەن، شاھزادە ياغاچتىن بىر قىزچاقنىڭ ھەيكىلىنى ئويۇپتۇ. ئۇ بۇ ھەيكەلگە پۈتۈن يۈرەك قېنى ۋە ھېسسىياتىنى سەرپ قىلغاچقا، ھەيكەل تولىمۇ مۇكەممەل چىقىپتۇ، ھەتتا شاھزادە بۇ ھەيكەلنى ئىختىيارسىز ھالدا ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ ھەيكەلنى كۈندە كۆرمىسە چىدىيالمايدىكەن، شۇنداقلا ئۇنىڭغا يېقىملىق مۇھەببەت ناخشىسى ئېيتىپ بېرىدىكەن، چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت بىلەن تىكىلىپ قارايدىكەن، ئۇنى رېئاللىقتىكى بىر ساھىبجامالنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىدىكەن. شاھزادە بىر كۈنى ھەيكەل قىزغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىۋاتقاندا، ئويۇلمىغان يەردىن قىزچاققا جان كىرىپ، رېئاللىقتىكى ساھىبجامالغا ئايلىنىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن شاھزادىنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپتۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھېكايىلە رىۋايەت ۋە ئەپسانە بولسىمۇ، لېكىن ئامېرىكا پىسخولوگى روزېنتال بۇ ھېكايىلەردىن پايدىلىنىپ، 1960 - يىلى مۇنداق بىر تەجرىبە ئىشلىگەن: روزېنتال يېڭى مەۋسۇم باشلانغاندا كالىفورنىيە ئىشتاتىدىكى بىر مەكتەپكە بارىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن مەكتەپتىكى پۈتۈن ئوقۇغۇچىنىڭ زېھنىنى سىنايدۇ، ئۇ سىناق قەغىزىگە نومۇر قويماستىن، ھەرقايسى سىنىپتىن خالىغانچە 20% ئوقۇغۇچىنى تاللاپ چىقىدۇ ۋە سىنىپ مەسئۇللىرىغا: «بۇلار سىناقتا ئەڭ يۇقىرى نومۇر ئالغان ئوقۇغۇچىلار، يەنى سىنىپتىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار» دەيدۇ. سىنىپ مەسئۇللىرى روزېنتالنىڭ گېپىگە شەكسىز ئىشىنىپ، بۇ 20% ئوقۇغۇچىنى ھەقىقەتەن تەربىيەلەشكە ئەرزىيدىغان، ئۆگىنىشتە غايەت زور يوشۇرۇن تەرەققىيات كۈچىگە ئىگە ئوقۇغۇچىلار دەپ قارايدۇ.

روزېنتال مەكتەپ مۇدىرىغا ئۈچ ئوقۇتقۇچىنى ئىشخانىغا چاقىرتقۇزىدۇ، ئۇ بۇ ئۈچ ئوقۇتقۇچىغا: «ئۈچ - تۆت يىللىق ئوقۇتۇش ئىپادەڭلارغا قارىغاندا، سىلەر مۇشۇ مەكتەپتىكى ئەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مۇنەۋۋەر، زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە ئوقۇتقۇچىلار ئىكەنسىلەر، شۇڭا بىز مەكتەپ بويىچە ئەڭ ئەقىللىق ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ سىلەرگە تۇتقۇزدۇق. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى تەڭ ياشتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭكىدىن يۇقىرى، سىلەرنىڭ تېخىمۇ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دەيدۇ.

روزېنتال بىر يىلدىن كېيىن بۇ مەكتەپكە كېلىپ، ھېلىقى ئوقۇغۇچىلارنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ زور دەرىجىدە ئىلگىرىلىگەنلىكىنى، ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، باشقا ئوقۇغۇچىلارنىڭكىدىن خېلىلا ئېشىپ كەتكەنلىكىنى، ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ باشقا ئوقۇغۇچىلارنىڭكىدىن كۆرۈنەرلىك ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنى بايقايدۇ.

بۇ چاغدا مەكتەپ مۇدىرى ئوقۇتقۇچىلارغا ئەينى ئەھۋالنى ئېيتىپ، بۇ ئوقۇغۇچىلار مەخسۇس تاللانغان ئوقۇغۇچىلار بولماستىن، ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن خالىغانچە تاللىۋالغان ئوقۇغۇچىلار، دەپ ئەينى ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىدۇ، ھېلىقى ئۈچ ئوقۇتقۇچى ئەھۋالنىڭ بۇنداقلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغان بولۇپ، ئۇلار بالىلارنىڭ نەتىجىسىنىڭ ياخشى بولۇشى ئۆزلىرىنىڭ دەرسنى ياخشى ئۆتكەنلىكىدىن بولغان، دەپ قارىغان.

بۇ چاغدا مەكتەپ مۇدىرى ئۈچ ئوقۇتقۇچىغا يەنە بىر ئەمەلىي ئەھۋالنى ئېيتىمىغان: ئۇ ئۈچ ئوقۇتقۇچىمۇ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى بولماستىن، بەلكى ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدىن ئىختىيارىي تاللىۋېلىنغان ئوقۇتقۇچىلار ئىدى. لېكىن نەتىجە روزېنتال ئويلىغاندەك بولۇپ چىققان: بۇ ئۈچ ئوقۇتقۇچىمۇ ئۆزلىرىنى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى دەپ قارىغان، ئىشەنچ ۋە ئېتىبارغا تولغاچقا خىزمەتنىمۇ ئالاھىدە كۈچەپ ئىشلىگەن، يەنە كېلىپ ئوقۇغۇچىلارمۇ ياخشى ئوقۇغۇچىلار بولغاندىكىن نەتىجىسى چوقۇم ياخشى بولىدۇ دەپ قارىغان. نەتىجىدىن ھەممەيلەن رازى بولۇشقان، كىشىلەر بۇ خىل تەسىرنى «روزېنتال ئېففېكتى» دەيدۇ.

شۇڭا بىرىنچى ھېكايىدىكى يىگىت لايىقىغا توقۇز كالىنىڭ قىممىتى بىلەن مۇئامىلە قىلغان، ئۇ قىزمۇ ئۆز قىممىتىنىڭ توقۇز كالىغا يارايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىپ، پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن.

مەن بۇ ھېكايە ۋە ھېكايىنىڭ ئىلھامى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان پسىخولوگىيە تەتقىقات نەتىجىسى ئارقىلىق ئاتا - ئانىلارغا شۇنى دېمەكچىمەن: بىزدە «تىلىسەڭ تاپىسەن» دېگەن گەپ بار. بىر ئادەمنىڭ باشقا بىر ئادەمدىن كۈتىدىغان نەتىجىسى ۋە كۈتكىنى شۇ ئادەمنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنى بەلگىلەيدۇ، بولۇپمۇ بالىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئىشەنگەن ۋە چوقۇنغان كىشىلەرنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشىشى ئۇلارغا پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ، بۇ كىشى دەل ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسىدۇر. ھەر بىر ئاتا - ئانىنىڭ بالىلىرىنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارلىق ۋە ئەقىللىك ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا ئىشىنىشىگە ئاساسى بار. لېكىن بالىلارنىڭ ئاخىرىدا تالانتلىق ۋە ئەقىللىك ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىش - چىقالماسلىقىنى ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۇلارغا تالانتلىق ۋە ئەقىللىك بالىلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك ئۈمىدۋارلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى، تەربىيەلىشى بەلگىلەيدۇ.

## ئىككىنچى ھېكايە: مۇھەببەت، مىننەتدارلىق ۋە مەدھىيەلەشنىڭ كۈچى — «جاۋابىنى سۇ بىلىدۇ»

سىز بۇ ئىشقا ئىشىنەمسىز؟

ئىككى چىنە گۈرۈچ ئاش بولسا، ناۋادا بىز ئۇنىڭ بىر چىنىسىگە كۈندە مەدھىيە - مىننەتدارلىق سۆزلىرى ئېيتساق، يەنە بىرىگە كۈندە تىل - ھاقارەت ياغدۇرساق، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، كۈندە ماختاش - مەدھىيەلەش سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغان ھېلىقى بىر چىنە گۈرۈچ ئېشى ئېچىپ بىر چىنە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



خۇش پۇراق گۇرۇچ شەربىتىگە ئۆزگىرىدۇ، ئەمما يەنە بىر چىنىسى كۆكىرىپ مۇخقا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

بۇ «جاۋابىنى سۇ بىلىدۇ» ناملىق كىتابتىكى ھېكايىدۇر. بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى ياپونىيەلىك تېببىي پەنلەر دوكتورى ئېموتوكاتسى بولۇپ، ئۇ 1994 ـ يىلدىن باشلاپ سۇ كىرىستالى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ سۇ تامچىسى قاچىلانغان تەجرىبە تەخسىسىدىن ئەللىكنى نۆلدىن تۆۋەن 25 ℃ لۇق مۇھىتتا (بۇ سۇلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئېلىپ كېلىنگەن) قويۇپ مۇز شارچىسىغا ئايلاندۇرىدۇ. ئاندىن ئۇلارنى نۆلدىن تۆۋەن 5℃ لۇق ئۆيگە يوتكەپ، 200 ھەسسىلىك مىكروسكوپ بىلەن كۆزىتىدۇ. نەتىجىدە بۇ مۇز شارچىلىرى قىسقىغىنا ئىككى مىنۇت ئىچىدە خىلمۇخىل كىرىستال شەكلى ھاسىل قىلىدۇ. دوكتور ئېموتوكاتسى رەسىمگە تارتىپ ئۇنى يۇيۇپ چىقىرىدۇ، ئاندىن ئېرىشكەن نەتىجىسىنى «جاۋابىنى سۇ بىلىدۇ» ناملىق كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقىدۇ.

سۇ كۆرگەن رەسىم، ئاڭلىغان ئاۋاز ۋە تىلغا ئاساسەن مۇناسىپ كىرىستال ھاسىل قىلىدۇ. سىز سۇنى تىللىغان ياكى ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىغاندا سۇ كىرىستالى كۆرۈمسىز، قالايمىقان، ھەتتا كىشىنىڭ ئىچىنى ئېلىشتۇرغۇدەك شەكىلدە بولىدۇ، لېكىن سىز سۇنى ماختاپ ـ مەدھىيەلىگەندە سۇ كىرىستالى ئىنتايىن ئېنىق، رەتلىك ۋە كۆركەم بولىدۇ. ھەيران قالارلىقى شۇكى، سىز قايسى دۆلەت، قايسى مىللەت تىلىدا سۆزلەڭ، پەقەت گېپىڭىز مەدھىيە ۋە مىننەتدارلىق سۆزلىرى بولسىلا سۇ كىرىستالىنىڭ شەكلى ئوخشاشلا كۆركەم ـ چىرايلىق بولىدۇ.

بۇ خەنزۇچە «ئەقىل ـ پاراسەتلىك» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان سۇ خىرۇستالى: (سۈرەتنى ئالدىدىكى رەڭلىك بەتتىن كۆرۈڭ)

بۇ ئىنگلىزچە «ئەقىل ـ پاراسەتلىك» دېگەن گەپ ـ سۆزنى ئاڭلىغان سۇ خىرۇستالى: (سۈرەتنى ئالدىدىكى رەڭلىك بەتتىن كۆرۈڭ)

بۇ نېمىسچە «ئەقىل ـ پاراسەتلىك» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان سۇ خىرۇستالى: (سۇرەتنى ئالدىدىكى رەڭلىك بەتتىن كۆرۈڭ)

«مۇھەببەت ۋە مىننەتدارلىق» سۆزلىرىنى ئاڭلىغان سۇ كىرىستالى ئەڭ كۆركەم بولۇپ، پارقىراپ تۇرغان ئالاھىدە تەرتىپلىك ئالتە بۇرجەك شەكىل ھاسىل قىلغان، ئۇ خۇددى ئېچىلىپ تۇرغان گۈلگە ئوخشايدۇ. لېكىن سىز يامان ياكى ئەدەپسىز گەپ قىلغان سۇنىڭ كىرىستالى ئىنتايىن قالايمىقان بولىدۇ، بەزىدە ھەتتا كىرىستال ھاسىل بولمايدۇ. «سەن بەك دۆت» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان سۇ كىرىستال تۇتمايدۇ. تۆۋەندىكى رەسىمدىكىسى قالايمىقان كىرىستال شەكلىدۇر. «ئەبلەخ» دېگەن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان سۇنىڭ كىرىستالى بىر تېز پىرقىراۋاتقان قارا ئۆڭكۈرگە ئوخشايدۇ. مانا بۇ ئىككى رەسىمنىڭ بىرى «مۇھەببەت ۋە مىننەتدارلىق» سۆزلىرىنى ئاڭلىغان سۇ كىرىستالى بولسا، يەنە بىرى «ئەبلەخ» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان سۇ كىرىستالىدۇر:

«مۇھەببەت ۋە مىننەتدارلىق» سۆزلىرىنى ئاڭلىغان سۇ كىرىستالىنىڭ رەسىمى: (سۇرەتنى ئالدىدىكى رەڭلىك بەتتىن كۆرۈڭ)

«ئەبلەخ» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان سۇ كىرىستالىنىڭ رەسىمى: (سۇرەتنى ئالدىدىكى رەڭلىك بەتتىن كۆرۈڭ)

بۇ ئىلمىي تەجرىبە ۋە ھېكايىلەر بىزگە كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە تىلنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. دوستانە ۋە يېقىملىق سۆزلەر ئىناق مۇھىت شەكىللەندۈرەلەيدۇ، ئەكسىچە زەھەرلىك، سەت گەپلەر ئىناقسىزلىق، زىددىيەت ۋە زورلۇق پەيدا قىلىدۇ. ئۇنداقتا ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرى بىلەن قانداق پاراڭلىشىشى كېرەك؟

«سىز دەك ئەقىللىك ۋە ساغلام پەرزەنت ئاتا قىلغان ئاللاغا شۈكرى».

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



«نېمە گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىم ئۈچۈن، سەندەك بىر بالىنى تۇغقاندىمەن».

ئاتا ـ ئانىلار مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلغان بولغىيتتۇقمۇ؟ بالىلىرىمىز مۇشۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن قانداق ئىنكاسلاردا بولىدىغانلىقىنى، بۇ گەپلىرىمىزنىڭ قانداق قىلىق ـ ھەرىكەتلەرنى پەيدا قىلىدىغانلىقىنى شۇ تاپتا تەسەۋۋۇر قىلالايمىزمۇ ـ يوق؟ ناۋادا بىر بالا كۈندە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كەڭ قورساقلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرغانلىقىنى كۆرسە، ئۆزىگە ئىلھام ـ مەدەت بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىسا ئۇ چوقۇم كۆركەم «كىرىستال» ھاسىل قىلالايدۇ. ناۋادا بىر بالا كۈندە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەنقىد ۋە ئەيىبلەش ـ دەشنامىلىرىدىن قۇتۇلالمىسا ياكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىسا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئاچچىقى كەلگەندە «دۆت» دەپ تىللاشلىرىنى ئاڭلاپ تۇرسا، ئۇنداق بالا قانداقمۇ «كىرىستال» ھاسىل قىلالايدۇ؟

بۇ ھېكايىلەر ئارقىلىق ئاتا ـ ئانىلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ بالىلارغا بولغان تەسىرىنى تونۇپ يېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بالىمىز مەيلى تۇغما ئەقىللىك بولسۇن ياكى دۆت بولسۇن، مەيلى رايىش ياكى كەپسىز بولسۇن، ئۇلار ئىجابىي، يېقىملىق گەپلەرنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋېلىشى، شەيئىلەرنى ياخشى ـ ساغلام تەرەپكە تەرەققىي قىلدۇرالايدىغان بولۇشى كېرەك. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قەلبى مېھىر ـ مۇھەببەتكە ۋە مىننەتدارلىققا تولغاندىلا، بالىلار ئاتا ـ ئانىلارغا مېھىر مۇھەببەتكە ۋە مىننەتدارلىققا تولغان سۆز ـ ھەرىكەت بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ، ئاتا ـ ئانىلار پەخىرلىنىدىغان ساغلام ئادەم بولۇپ چىقالايدۇ.

## ئۈچىنچى ھېكايە: قاپىقىڭىزدا نېمە بار؟ ــ پىروپېكسىيە تەسىرى

بىزدە «قاپىقىڭدا نېمە بولسا، تېشىغا شۇ تەپچىيدۇ» دەيدىغان

تەمسىل بار. مەسىلەن، قاپاقتا ماي بولسا تېشىغا ماي تەپچىپ چىقىدۇ، سۇ بولسا سۇ تەپچىپ چىقىدۇ. بۇ تەمسىلنى كىشىلەرنىڭ پسىخىكىسىغا تەتبىقلاش مۇمكىن. چۈنكى كىشىلەر دائىم مۇنداق بىر خاتالىق سادىر قىلىدۇ: مېنىڭ قاپىقىمدا ماي بولغىنىكەن، ئۇنىڭ قاپىقىدىمۇ ماي بولۇشى كېرەك؛ مېنىڭ قاپىقىمدا سۇ بولغانىكەن ئۇنىڭكىدىمۇ سۇ بولۇشى كېرەك.

بىر ئانا تۆت ياشلىق قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ سودا سارايلىرىنى ئايلىنىشقا ئامراق ئىكەن، بىراق قىزى سودا سارىيىغا كىرىش بىلەنلا يىغلاپ جېدەل قىلىدىكەن، بۇ چاغدا ئانا بەك خاپا بولۇپ، قىزىم گەپ ئاڭلىمايدۇ دەپ قارايدىكەن. ئۇ ئايال قىزىم سودا سارايدىكى كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان شۇنچە كۆپ تاۋارلارنى نېمىشقا ياقتۇرمايدىغاندۇ دەپ ھەيران بولىدىكەن. بىر قېتىم قىزىنىڭ ئاياغ بوغقۇچى يېشىلىپ كېتىپتۇ، ئانىسى قىزىنىڭ ئاياغ بوغقۇچىنى چىگىۋېتىپ قورقۇنچلۇق بىر ئەھۋالنى كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پۇت بىلەن قوللا كۆرۈنەتتى. ئانا شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى سېزىپتۇ، چۈنكى ئانا ئۆزى سودا سارىيىنى ئايلىنىش قىزىقارلىق ئىش دەپ قارىغاچقا، قىزىمۇ مەندەك ئويلايدۇ دەپ قالغانىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئانا قىزىنى سودا سارىيىغا ئېلىپ بارماپتۇ، سودا سارىيىغا ئاپىرىشقا توغرا كەلسە قىزىنى دادىسىنىڭ بويىنىغا مىندۈرۈپ ئېلىپ بېرىپتۇ. دېمەك، ئۇ ئانا «مېنىڭ قاپىقىمدا بار نەرسە چوقۇم قىزىمنىڭكىدىمۇ بولۇشى كېرەك دەپ ئويلىماسلىق كېرەك ئىكەن» دېگەننى چۈشىنىپ يېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئالدى بىلەن قىزىنىڭ قاپىقىدا نېمە بارلىقىنى كۆرۈۋېلىشنى بىلىۋاپتۇ. مۇنداقچە قىلىپ، ئېيتقاندا، بۇ بىز ھازىر تەشەببۇس قىلىۋاتقان «بالىلارنىڭ نەزىرى بىلەن جاھاننى كۆزىتىش» دېگەنلىكتۇر.

بۇ خىل ئۆزىنىڭ قاپىقى بىلەن باشقىلارنىڭ قاپىقىغا ھۆكۈم چىقىرىدىغان ھادىسە پسىخولوگىيەدە «پىرويېكسىيە تەسىرى» دېيىلىدۇ. بۇ ئۆز قارىشىنى باشقىلارغا زورلاش، ئۆزىدىكى مەلۇم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خۇسۇسىيەتنى باشقىلاردىمۇ بار دەپ قاراش، ئۆز ھېسسىياتىنى، ئىرادىسىنى، خۇسۇسىيىتىنى باشقىلارغا تېڭىش بولۇپ، بۇ ئادەملەردىكى «شۇنداق بولۇشى كېرەك» دېگەندىن ئىبارەت تەپەككۇر ئۇسۇلىدۇر.

كىشىلەر مۇناسىۋىتىدە «پىروېيكسىيە تەسىرى» ھادىسىسى ئاسانلا كۆرۈلىدۇ. بالىلار تەربىيەسىدە، بولۇپمۇ بالىلار چوڭ بولۇپ قالغاندا، ئاتا ـ ئانىلار بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت كۆرۈلگەندە، بۇ خىل ھادىسە تېخىمۇ ئاسان كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

«مەن ئۇنىڭ ئانىسى، ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقىنىنى بىلمەمدىمەن؟»

«ئۇ دەرسنى دىققەت قىلىپ ئاڭلىمىغاچقا، تاپشۇرۇقنى ئىشلىيەلمىگەن گەپ».

«سەن بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ قويغاچقا، مۇئەللىم تەنقىدلىگەن گەپ».

«ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقىنىنى بىلىمەن، ئۇ مەن بىلەن ئەتەي قېرىشىۋاتىدۇ!»...

بۇ ھېكايە ئارقىلىق، ئاتا ـ ئانىلارغا شۇنى دېمەكچىمەنكى، بىز بالىلىرىمىزنى چۈشىنىمىز دەپ قارىغان چېغىمىزدا، بىز ئۇلارنى ھەقىقەتەن چۈشىنىمىزمۇ ياكى «قاپىقىڭىزدىكى نەرسە» نىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزىمىزچىلا چۈشىنىمەن دەپ قالدۇقمۇ؟

## تۆتىنچى ھېكايە: بالىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ ياخشى بولماسلىقىنىڭ سەۋەبى ـــ ئادەتلەنگەن چارىسىزلىق

«ئادەتلەنگەن چارىسىزلىق» ـــ بالىلار قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، قىيىنچىلىققا نىسبەتەن ھېچقانداق تەدبىر قوللانماي، بۇ خىل ئەھۋالغا ئاستا ـ ئاستا كۆنۈپ قېلىشتەك جەرياننى كۆرسىتىدۇ.

ئامېرىكا پسىخولوگى سېلىگمان 1967 ـ يىلى ھايۋانلارنى تەتقىق قىلغاندا شۇنى بايقىغان، ئۇ دەسلەپتە ئىتنى قەپەسكە سولاپ قويغان، ئاۋاز ياڭراتقۇ ياڭراش بىلەن ئىتقا توك بىلەن چىدىغۇسىز زەربە بەرگەن. ئىت قەپەستە توك زەربىسىدىن قېچىپ قۇتۇلالماي، يۈگۈرۈپ چىرقىراپ كەتكەن. قايتا ـ قايتا تەجرىبە قىلىنغاندىن كېيىن، ياڭراتقۇدىن ئاۋاز چىقىشى بىلەنلا ئىت يەردە جىممىدە ياتىدىغان بولۇپ قالغان. نالە ـ پەرياد كۆتۈرمىگەن، قەپەستە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆزىنى ئاتمىغان. كېيىن سېلىگمان ئىتقا زەربە بېرىشتىن بۇرۇن، قەپەسنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قويغان، بۇ چاغدا ئېت ئۆزىنى ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تېخى توك زەربىسىگە ئۇچرىمىسىمۇ، يەردە يېتىپ ئىڭرايدىغان ۋە تىترەيدىغان بولۇپ قالغان.

شۇنىڭ بىلەن سېلىگمان ئىتنى يوغان بىر قەپەسكە يۆتكەپ، قەپەسنى ئوتتۇرىسىدىن ئىت ئاتلىسىلا ئۆتەلىگۇدەك قىلىپ توسقان، قەپەسنىڭ بىر تەرىپىگە توك ئۆتكۈزگەن، يەنە بىر تەرىپىگە توك ئۆتكۈزمىگەن. سېلىگمان تەجرىبە قىلىنمىغان بىر ئىتنى تەجرىبە قىلىنغان ئىت بىلەن بىرگە قەپەسنىڭ توك ئۆتكۈزۈلگەن تەرىپىگە سولاپ قويۇپ، ياڭراتقۇنى قويۇپ بەرگەن ۋە قەپەسكە توك ئۆتكۈزگەندە، كېيىن ئېلىپ كىرىلگەن ئىت بىردەم ئالاقزەدە بولغاندىن كېيىن دەرھال بىخەتەر تەرەپكە ئۆتۈۋالغان. ئەمما تەجرىبە قىلىنغان ئىت يېڭى كەلگەن ئىتنىڭ قەپەسنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئاسانلا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە قاراپ قويغاندىن كېيىن جايىدا جىممىدە يېتىۋەرگەن.

مەن پسىخىك مەسلىھەتچىلىك قىلىۋاتقان يىللىرىمدا ئۆگىنىش جەھەتتە قىيىنچىلىقى بار نۇرغۇن بالىنى ئۇچراتتىم. بۇ بالىلار دۆت ئەمەس، شۇنداقلا تىرىشمىغانمۇ ئەمەس، ئۇلار خېلى تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن، تىرىشىپ باققان، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ ئارمانىغا تۇشلۇق دەرمانى يوقلۇقىنى ياكى «توك زەربىسى»نىڭ ئۆزىنىڭ كۆتۈرۈش كۈچىدىن خېلىلا ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىلىپ، تىرىكىشىش ۋە تىرىشىشتىن ۋاز كېچكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار كۆڭلىدە قانداقلا قىلسام پايدىسى يوق، مېنىڭ بولۇشۇم مۇشۇ دەپ ئويلايدۇ.

بالىلار ئۇچۇن قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان «توك زەربىسى» ئالدى بىلەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارغا بولغان كۆز قارىشى ۋە باھاسىدىن كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، بىر ئانا ئاتا ـ ئانىلار يىغىنىدا بالىسىنىڭ ئالدىدىلا ئۇنىڭ سىنىپ مۇدىرىغا بالىسىنىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا ۋىچىك، كېسەلچان ئىكەنلىكىنى، جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىزلىقىنى، بۇ ئامىللارنىڭ بالىسىنىڭ ئۆگىنىشىگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرغانلىقىنى، شۇڭا بالىسىدىن ئانچە چوڭ ئۈمىد كۈتمەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. مۇئەللىم شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ قىيىنچىلىققا ئۇچرىسىلا «بىلمەيمەن»، «ئېسىمگە ئالالمىدىم» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئېنىقكى، بۇ بالىدا «ئادەتلەنگەن چارىسىزلىك» كۆرۈلگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، بالىلارغا قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان «توك زەربىسى» دەرسىنىڭ بارغانسېرى قىيىنلىشىپ كەتكەنلىكىدىن كېلىپ چىققان. ئاتا ـ ئانىلار بالىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ دەرس تەكرارلىشىغا ياردەم بېرەلمەسلىكى بالىلارنىڭ كۆپ قېتىم مەغلۇپ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، شۇنىڭ بىلەن ھەر قېتىم قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا «ئۆزۈم ھەل قىلالمايمەن» دەپ ئويلاپ، كاللا ئىشلىتىشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالغان. چۈنكى بالا كۆڭلىدە: «ھەرقانچە تىرىشقىنىم بىلەنمۇ پايدىسى يوق ئىكەن، ئۇنىڭدىن كۆرە مۇشۇنداق تۇرىۋېرەي»، دەپ ئويلاپ قالىدۇ.

بالىلار ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ:

«سېنىڭ بۇ سوئالنى ئىشلىيەلمەيدىغانلىقىڭنى بىلىمەن، چۈنكى سەن ئۇنچە ئەقىللىق ئەمەس».

«دەرسنى ئەستايىدىل ئاڭلىمىغاندىكىن، ئەلۋەتتە ئىشلىيەلمەيسەندە»...

دىگەندەك گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بالىلاردا بولار ئىش بولدى دەيدىغان قاراش پەيدا بولۇپ، تېخىمۇ ئۆگـەنمەي ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ.

بىز بۇ ھېكايە ئارقىلىق ئاتا ـ ئانىلارغا شۇنى دېمەكچىمىز، ئەگەر بالىڭىز ئەزەلدىن ئۆگىنىشنى خالىمىسا ياكى ئۆگىنىش نەتىجىسى تۆۋەن چۈشۈپ كەتكەن بولسا، بالىدا «ئادەتلەنگەن چارىسىزلىك» پسىخىكىسى كۆرۈلۈۋاتامدۇ قانداق دېگەن مەسىلىنى ئويلىشىپ بېقىڭ. بۇنداق چاغدا بالىلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىغا ياردەم قىلىشىغا، مەسىلىلەرگە ھەرخىل ئۇسۇل بىلەن تاقابىل تۇرۇشنى ئۆگىتىپ قويۇشىغا، ئۆزى قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش پۇرسىتى ۋە تەجرىبىسى يارىتىپ بېرىشكە موھتاج. مۇشۇنداق بولغاندا بالا ئاندىن پسىخىكا جەھەتتە ياردەمسىزلىك تۇيغۇسىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ھەم جەسۇر بالىغا ئايلىنالايدۇ.



## بەشىنچى ھېكايە: تەربىيە ئۆلچىمى ۋە پەيتى ـــ بىلىش ۋە ئەخلاق تەرەققىياتىنىڭ باسقۇچى

شىۋېتسارىيەلىك پسىخولوگ پىياگېت ئۇسمۇرلەر ئەخلاق تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە گەۋدىلىك تۆھپە ياراتقان. ئۇنىڭ تەتقىقات جەريانىدىكى قىسمەن ھېكايىلىرى ناھايىتى مەشھۇر:

A. جۇليان ئىسىملىك بىر ئوغۇل بالا بار ئىكەن، ئۇ دادىسى سىرتقا چىقىپ كەتكەندە، دادىسىنىڭ سىياھ قۇتىسىغا قىزىقىپ قاپتۇ ـ دە، سىياھ قەلىمىنى ئېلىپ ئويناپتۇ، شۇنىڭ بىلەن داستىخانغا سىياھ تېمىپ كېتىپتۇ.

B. ئاۋگۇست ئىسىملىك بىر ئوغۇل بالا دادىسىنىڭ سىياھ قۇتىسىنىڭ قۇرۇقدىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، دادىسى سىرتقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چىقىپ كەتكەندە سىياھ قۇتىسىنى توشقۇزۇپ قويماقچى بوپتۇ، لېكىن ئۇ سىياھ قۇتىسىنىڭ ئاغزىنى ئاچىمەن، دەپ داستىخانغا بىرمۇنچە سىياھنى تۆكۈۋېتىپتۇ.

ئۇ يەنە مۇنداق بىر ھېكايىنى ئېيتقان:

A. مارى ئىسىملىك بىر قىز ئانىسى سىرتقا چىقىپ كەتكەندە، شىرە ئۈستىدىكى ئىستاكاننى ئويناپ چېقىۋېتىپتۇ.

B. رېنا ئىسىملىك بىر قىزچاق ئانىسى سىرتقا چىقىپ كەتكەندە، ئانىسىغا ئىستاكان يۇيۇشۇپ بېرىمەن دەپ دىققەتسىزلىكتىن ئۈچ ئىستاكاننى چېقىۋېتىپتۇ.

پىياگېت بۇ ئىككى ھېكايىدە مۇنداق ئىككى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان:

1. ئىككى بالىنىڭ سەۋەنلىكى ئوخشاشمۇ ـ يوق؟

2. ئىككى بالىدىن قايسىسى ئەسكى؟ نېمىشقا؟

پىياگېت كۆپ مىقداردىكى ئەمەلىي ئىسپات تەتقىقاتى ئارقىلىق بالىلار ئەخلاقىي ھۆكۈم ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن بىلىش ئىقتىدارى تەرەققىياتىدا ئۆزئارا ماسلىق، تەكشۈك تەرەققىي قىلىش مۇناسىۋىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى سەزگەن. پىياگېت بالىلار ئەخلاقىي بىلىش تەرەققىياتىنىڭ بىر ئومۇمىي قانۇنىيىتىنى يىغىنچاقلاپ چىققان: بالىلار ئەخلاقىي تەرەققىياتى ئومۇمەن ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ، 10 ياشتىن بۇرۇن بالىلارنىڭ ئەخلاق ھەرىكىتىكە بولغان تەپەككۇر ھۆكۈمى ئاساسەن باشقىلار بېكىتىپ بەرگەن تاشقى ئۆلچەمگە ئاساسەن بولىدۇ ھەم ھەرىكەت نەتىجىسىنىڭ ئاقىۋىتىگە توغرا ـ خاتالىقىغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلىدۇ، ھەرىكەتنىڭ مۇددىئاسىنى ئويلاشمايدۇ، بۇ باسقۇچ «تاشقى تەسىرلىك ئەخلاق» دېيىلىدۇ؛ 10 ياشتىن كېيىن بالىلارنىڭ ئەخلاقىي ھەرىكەتكە بولغان تەپەككۇر ھۆكۈمىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئاساسەن بولىدۇ، بۇ چاغدا ئۇلار ھەرىكەتنىڭ مۇددىئاسىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى توغرىسىدا ئويلىنىشىدۇ، بۇ «ئىچكى تەسىرلىك ئەخلاق» دېيىلىدۇ.

شۇڭا 10 ياشتىن كىچىك بالىلار داستىخاننىڭ قانچىكى جىق يېرىنى مەيىنەت قىلىۋەتكەن بالىنى ئەسكى بالا دېگەن قاراشتا بولىدۇ؛ 10 ياشتىن يۇقىرى بالىلار ئىككى بالىنىڭ سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈش مۇددىئاسىنىڭ نېمىلىكىنى مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق، كىمنىڭ ياخشىراق ئىكەنلىكىگە، كىمنى ئەپۇ قىلىشقا بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالايدۇ.

6 ياشتىن 10 ياشقىچە بولغان بالىلاردا «چاپىقىنى ئالمەن دەپ قارىغۇ قىپتۇ» دېگەندەك ئەھۋال كۆرۈلىدۇ، بۇ مەزگىلدە ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئاسانلا خاتا چۈشىنىپ قالىدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە قارىتا تەربىيە بېرىشتىن بۇرۇن، بالىلارنىڭ بىلىش تەرەققىياتىنىڭ قايسى باسقۇچتا ئىكەنلىكىنى بىلىشى، جازالاشتىن بۇرۇن بالىسىنىڭ قىلمىشىنىڭ پىسخىك مۇددىئاسىنى چۈشىنىشى كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ يېتەكلىشى ياكى جازالىشى ھەقىقىي ئىجابىي ۋە ئاكتىپ رول ئوينىيالايدۇ.

www.uyghurkitap.com



## ئىككىنچى باب

# سۆيەتلىك مېھىر ـ مۇھەببەت تۆرەلمە مەزگىلىدىن باشلىنىدۇ

ئۆز بالىسىنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئاتا ـ ئانا بولمايدۇ، ئاتا ـ ئانا مېھىر ـ مۇھەببىتى بەئەينى دېڭىزدەك چوڭقۇر، لېكىن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتى سۆيەت جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتى سۆيەت جەھەتتىن يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇشى ئاتا ـ ئانىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى، ئورۇن ـ مەرتىۋىسىنىڭ قانداقلىقى، قانچە پۇلى بارلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولماستىن، بەلكى بالىلىرىنى چۈشىنىش دەرىجىسى ۋە بالىلىرىغا تەربىيە بېرىش پەيتىنى ئىگىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ..

## هامىلە تەربىيەسىنىڭ زادى قانچىلىك رولى بولىدۇ

2012 ـ يىلى يازدا شىنجاڭغا بېرىپ، ياش ئانىلارغا لېكسىيە سۆزلىگىنىمدە، نۇرغۇن ئانا مەندىن هامىلە تەربىيەسىگە ئائىت مەسىلىلەرنى سورىدى. لېكىن «هامىلدارلىق مەزگىلىدە هامىلىگە هامىلە تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش كېرەكمۇ ـ يوق» دېگەن مەسىلىگە قارىتا ئوخشىمىغان كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىر ئانا مەندىن ئاچىسىنىڭ ئىككى بالىسى بارلىقىنى، چوڭ بالىسىغا

ھامىلىدار بولغاندا ھامىلە تەربىيەسى دېگەنلەردىن خەۋەرسىز بولغاچقا ئۇنىڭغا ھېچقانداق ھامىلە تەربىيەسى ئېلىپ بارمىغانلىقىنى، ئىككىنچى بالىسىغا ھامىلىدار بولغاندىلا ئۇنىڭغا ھامىلە تەربىيەسى ئېلىپ بارغانلىقىنى، نەتىجىدە ئىككىنچى بالىسىنىڭ بىرىنچى بالىسىدىن خېلىلا ئەقىللىك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ھەمدە ئىككىنچى بالىسىنىڭ بىرىنچى بالىسىدىن ھەممە جەھەتتە ئىقتىدارلىق ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ ھامىلە تەربىيەسىنىڭ رولىدىن بولغان - بولمىغانلىقىنى، ھامىلە تەربىيەسى رولىنىڭ شۇنچە چوڭ بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى سورىدى.

ئەمەلىيەتتە، ھامىلە تەربىيەسى قانداقتۇر يېڭى چۈشەنچىمۇ ئەمەس، شۇنداقلا غەربتىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىن كىرگەن ئىلغار تەجرىبىمۇ ئەمەس. مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئادىتىدە «ھامىلە تەربىيەسى»نىڭ نۇرغۇن ئىزنالىرى بۇرۇندىنلا بار ئىدى. ئالايلۇق، «ھامىلىدار ئايالنىڭ زىيادە ئاچچىقلانماسلىقى، زىيادە خۇش بولۇپ كەتمەسلىكى، كەيپىياتى تۇراقلىق بولۇش»، «يول ماڭغاندا ئالدىرىماسلىق، ئېغىر ھەرىكەت قىلماسلىق»، «يېمەك - ئىچمەك تاللىماسلىق» قاتارلىقلار. ئەمەلىيەتتە بۇلار ھامىلە تەربىيەسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدۇر.

20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا ھامىلە تەربىيەسى دېگەن ئۇقۇم ئىچكىرىدىكى بەزى چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەرگە ناھايىتى كەڭ تارقالغان بولۇپ، «ھامىلە تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش» ھامىلىدار ئاياللارنىڭ ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە قىلىش زۆرۈر بولغان مۇھىم ئىشى بولۇپ قالغان، شۇنداقلا ئەينى ۋاقىتتىكى ئاتا - ئانىلارنىڭ لاياقەتلىك ياكى لاياقەتسىزلىكىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەم، ھامىلىنى ئىلمىي تەربىيەلىگەن - تەربىيەلىمىگەنلىكىنىڭ ئاساسلىق مىزانى بولۇپ قالغان.

ئەمەلىيەتتە، ھامىلە تەربىيەسىنىڭ ئۈنۈمى شۇنداق زورمۇ؟ بۇ ئىجتىمائىي قىزىق نۇقتىنى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ پسىخولوگلىرى، بىيولوگلىرى 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ

ئوتتۇرىلىرىدىن بۇيان تەتقىق قىلىنىشقا باشلىغان. ھامىلە تەربىيەسىنىڭ زادى پايدىسى بارمۇ ـ يوق دېگەن مەسىلە توغرىسىدا يەنىلا توغرا ئىلمىي چۈشەنچە يوق. بۇ ھادىسىگە نىسبەتەن مېنىڭ كۆز قارىشىم مۇنداق: ھامىلە تەربىيەسىنىڭ قانچىلىك رولى بارلىقى توغرىسىدا ئېنىق بىر نېمە دېيىش قىيىن. ھامىلە تېخى تۇغۇلمىغان چاغدا بىز ئۇنى خىلمۇخىل ئۇسۇل بىلەن غىدىقلايمىز، تۇغۇلغاندىن كېيىن مۇھىتنىڭ تۈرلۈك تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، تۆرەلمىنىڭ قايسى خىل ئىقتىدارى تۆرەلمە مەزگىلىدە شەكىللەنگەن ياكى شۇ مەزگىلدە ئاساس سېلىنغان، قايسى خىل ئىقتىدارى تۇغۇلغاندىن كېيىن سەۋەب قىلىش ئارقىلىق شەكىللەنگەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ئامالسىزمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر بىر بوۋاقنىڭ ئىقتىدارىنىڭ شەكىللىنىشى يەنە تۇغما ئىرسىيەت ئامىلى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى نەزىرىمىزدىن ساقىت قىلماسلىقىمىز لازىم.

شۇڭا مەن مۇشۇ خىل ئالدىنقى شەرت ئاستىدا ھامىلىدار ئانىلارنىڭ مۇۋاپىق ھالدا تۆرەلمە تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشنى قوللايمەن. بۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى شۇكى، ھامىلىدار ئاياللار «توغرا بولغان ھامىلە تەربىيەسى» نىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى كېرەك.

ھامىلە تەربىيەسى ھەرگىز ھامىلىگە بولغان تەربىيەنى كۆرسەتمەيدۇ. توغرا بولغان ھامىلە تەربىيەسى ھامىلىدار ئايالنىڭ يېتەرلىك ئوزۇقلۇقتا ۋە ياخشى ئارام ئېلىشىغا، ھامىلە تەرەققىياتىنىڭ تەبىئىي قانۇنىيىتىگە بويسۇنۇشقا، ھامىلىدار ئاياللارنىڭ ئەڭ ياخشى بولغان بەدەن ھالىتىنى ساقلىشىغا، ھامىلىنى مۇۋاپىق پەرۋىش قىلىش ئارقىلىق ئانا بىلەن ھامىلە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ، ھامىلىنى ئانىنىڭ تېنىدە تېخىمۇ كۆپ تۇغما بەدەن سۈپىتىگە، ئەقلىي ئىقتىدارغا، ھېسسىيات ئەۋزەللىكىگە ئىگە قىلىشقا، ئانىنىڭ ساغلام، ئەقىللىك بالا تۇغۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

شۇڭا مەن هامىلە تەربىيەسىدە ئۇزۇقلۇق هامىلە تەربىيەسى ۋە كەيپىيات هامىلە تەربىيەسىدىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم مەزمۇن بولۇشى كېرەك دەپ قارايمەن. بۇلاردىن باشقا ھەممىلە تەربىيە شەكىللىرى ئاپتاپسىنىش هامىلە تەربىيەسى، مۇزىكا ئاڭلاش هامىلە تەربىيەسى، ھەرىكەت قىلىش هامىلە تەربىيەسى، سىلاش هامىلە تەربىيەسى قاتارلىقلار بولمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ، هامىلىدار ئانا ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن هامىلە تەربىيە شەكىللىرىنى قاراتمىلىق هالدا تاللىسا بولىدۇ.

مەن هامىلىگە بولغان ئۇزۇقلۇق تەربىيەسى توغرىسىدا كۆپ توختالمايمەن، بۇ هامىلىدار ئايالنىڭ هامىلىدار مەزگىلىدە نورمال ئۇزۇقلىنىشىنى، يېمەك - ئىچمەك قۇرۇلمىسىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىنى، ئانا بىلەن هامىلىنىڭ ئۇزۇقلۇققا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

مەن بۇ يەردە هامىلىگە بولغان كەيپىيات تەربىيەسى ھەققىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن. ئانىنىڭ كەيپىياتىنىڭ هامىلىگە بولغان تەسىرى توغرىسىدا نۇرغۇن فىزىيولوگلار، پىسخولوگلار تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋە مەلۇم نەتىجىگە ئېرىشكەن. هامىلىدارلىق مەزگىلدە ئانىنىڭ كەيپىياتى هامىلىگە بىۋاستە تەسىر قىلىدۇ. هامىلىدار ئايال غەزەپلىنىش، تەشۋىشلىنىش، جىددىيلىشىش قاتارلىق كەيپىيات هالەتلىرىدە تۇرغاندا ئانىنىڭ تېنىدىكى ئاتسېتىل خولىننىڭ خىمىيەلىك ماددا چىقىرىشى ئېشىپ كېتىدۇ، بۇ هال بۆرەك ئۈستى بېزى پوستلاق ماددىسى هورمۇنىنىڭ ئاجرىلىشىنى كۆپەيتىۋېتىدۇ، هالبۇكى، بۆرەك ئۈستى بېزى پوستلاق ماددىسى هورمۇنىنىڭ هامىلىگە كۆرۈنەرلىك زىيانلىق رولى بار. بۇ خىل هورمۇن ئانا تېنىدىن هامىلىگە قان ئارقىلىق كىرىپ، بەزى توقۇلمىلارنىڭ بىرىكىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، بولۇپمۇ دەسلەپكى ئۈچ ئاي هامىلىنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرى يېتىلىدىغان مۇھىم مەزگىل بولغاچقا، هامىلىدار ئايالنىڭ كەيپىياتى ئۇزۇنغىچە تۇراقسىز بولسا هامىلىنىڭ غەلىتە

19

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



شەكىللىنىشىنى ياكى ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا بىز ھامىلىدار ئاياللارنىڭ ھامىلىدار مەزگىلىدە كەيپىياتىنىڭ «مۆتىدىل» بولۇشىنى ئاساس قىلىشىنى تەشەببۇس قىلىمىز. بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھامىلىدار ئاياللار كەيپىياتنى خۇشال تۇتۇشى، خاتىرجەم بولۇشى، بىرەر ئەھۋالغا يولۇققاندا ئۆزىنى كونترول قىلىشى كېرەك، بولۇپمۇ ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت كۆرۈلگەندە ئۇنى بىر ـ بىرىگە يول قويغان ئاساستا مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك، يەنى ئۆزىنى زىيادە كونترول قىلىۋالماسلىق، شۇنداقلا ئۆزىنى زىيادە قويۇۋەتمەسلىك كېرەك. كەيپىياتنىڭ تۇراقسىزلىقى زىيادە ئېشىپ كەتمەسلىكى، ئامال بار ئارتۇقچە خۇش بولۇپ كەتمەسلىكى، مەيۇسلەنمەسلىكى، غەزەپلەنمەسلىكى كېرەك. بۇ روھىي ھالەت ئامىللىرى ھامىلىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۆتىدىل، خۇشال ـ خۇرام كەيپىيات نېرۋا، تەندە سۈيۈقلۇق ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، نېرۋا سۈيۈقلۇقى ھامىلىدار ئايالنىڭ خۇشال ـ خۇرام كەيپىياتى ئارقىلىق ھامىلىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ھامىلىدار ئايال كۆپرەك سەيلە قىلىشى، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بەزى كىتاب ـ ژۇرناللارنى ئوقۇشى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھامىلە بىلەن پەس ئاۋازدا پاراڭلىشىشى ياكى ھامىلىگە ھېكايە ئوقۇپ بېرىپ، ئۇنىڭغا ئۆز ئاۋازىنى ئاڭلىتىشى، ئىنسانىيەت ئاۋاز دولقۇنى ئۈچۈرلىرىنى بىلدۈرۈشى كېرەك.

ئەمەلىيەتتە «ھامىلە تەربىيەسى»نىڭ رولى كۆپ ۋاقىتتا بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن «تەشنالىق ئېفتكى» دېگەن شۇ. ئالايلۇق، نۇرغۇن ھامىلىدار ئانىلار ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە چىرايلىق بالىلارنىڭ رەسىمىگە قارىسا ياكى ئۈزۈم يېسە بوۋاقنىڭ كۆزى چوڭ تۇغۇلىدۇ، ئالما يېسە تېرىسى ياخشى بولىدۇ دەپ قارايدۇ ۋاھاكازالار. نەتىجىدە بوۋاق تۇغۇلغاندىن كېيىن دەرۋەقە شۇنداق بولغانلىقىنى بايقايدۇ. مانا بۇلار «تەشنالىق ئېفتكى»نىڭ مەلۇم رول ئوينىغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ناۋادا ھامىلىدار ئايال

بەزى پائالىيەتلەر بىلەن پائال شۇغۇللانسا، دىققىتىنى باشقا ياققا بۇرىيالايدۇ ـ دە، ھامىلىدارلىق مەزگىلىدىكى بەزى غەم ـ ئەندىشىلەردىن خالىي بولالايدۇ.

شۇڭا مەن ئەڭ ياخشى ھامىلە تەربىيەسى ھامىلىدار ئانا شۇ چاغدىكى ھالىتىنى بىمالال قوبۇل قىلىپ، نورمال روھىي ھالىتى بىلەن غىزالىنىشى، ئارام ئېلىشى، ئۆزى ياقتۇرىدىغان ئىشلارنى قىلىشى، مۇقىم كەيپىياتنى ساقلىشى ھەمدە خۇشال روھىي ھالەت بىلەن بوۋىقىنىڭ يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىشىنى كۈتۈشى كېرەك دەپ قارايمەن.

## ئۆملەش ـــ پۈتۈن بەدەن ماسلىشىش ئىقتىدارىنىڭ بىرىنچى قەدىمى



يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پىسخىك مەسلىھەت بېرىش مەركىزىمىزگە داۋالانغىلى كەلگەن ئۆگىنىشى تۇسالغۇغا ئۇچرىغان بالىلار بارغانسېرى كۆپەيدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغىنى شياۋباۋ ئىسىملىك بىر بالا بولدى.

شياۋباۋ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، ئۇ ئۈچ يېشىدا يەسلىگە كىرگەن، شۇ چاغدا بەزى ھەرىكىتىنىڭ نورمالسىزلىقى بايقالغان، ئالايلۇق، ھەمىشەم خاتىرجەمسىزلىنىش، دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرەلمەسلىك قاتارلىقلار. مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن تەڭتۇشلىرى ناھايىتى ئاسان ئىگىلىۋالغان ھەرىكەتلەرنى ئۇ ناھايىتى تەستە ئىگىلىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرىكىتى تازا ماسلاشمىغان، تىل جەھەتتە ئىپادىلەشكە ماھىر ئەمەس، ئۇنىڭ كىشىلەرگە بىرەر ۋەقەنى بايان قىلىپ بېرىشى ناھايىتى تەسكە توختىغان. ئۇ كىتاب ئوقۇشنى تېخىمۇ خالىمىغان، خەتنى كۆرسىلا بېشى ئاغرىغان. دەسلەپتە دوختۇرخانىغا ئاپارغاندا دوختۇرلار ئۇنىڭغا «قۇتۇرىغاقلىق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



كېسەللىكى» دەپ دىياگنوز قويغان. «قۇترىغاقلىق كېسەللىكى»نى كېسەللىكنى داۋالاش ئۇسۇلى بويىچە بىر يىلدىن كۆپرەك داۋالانسىمۇ، ھېچقانداق ئۈنۈمى كۆرۈلمىگەن. كېيىن يەنە نۇرغۇن دوختۇرخانىلارغا بېرىپ كۆرۈنسىمۇ قىلچە ئۈنۈمى بولمىغان، بىز كۆپ تەرەپلىمىلىك دىياگنوز قويۇش ئارقىلىق شياۋباۋغا «ئۆگىنىش توسالغۇسىغا ئۇچراش» ئىچىدىكى «كىتاب ئوقۇش توسالغۇسى» كېسەللىكىگە مۇپتىلا بولغان دەپ دىياگنوز قويدۇق.

كىتاب ئوقۇش توسالغۇسى ئىرسىي ئامىلنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندىن باشقا يەنە تۇغۇلغاندىن كېيىنكى نېرۋا سىستېمىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. پىسخولوگىيەلىك تەتقىقاتلار چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۆگىنىش توسالغۇسىغا ئۇچرىغان بالىلاردىكى توسالغۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىنى ئۇلارنىڭ ئوڭ ـ سول مېڭىسى ئوتتۇرىسىدىكى تەرەققىيات ۋە باغلىنىشىنىڭ يېتەرلىك بولۇش ـ بولماسلىقى بىلەن مەلۇم مۇناسىۋىتى بار دەپ قارايدۇ. بوۋاقلار تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ئۈچ يىل بوۋاقلارنىڭ ئوڭ ـ سول مېڭىسى تازا تەرەققىي قىلىدىغان ئاچقۇچلۇق مەزگىل بولۇپ، بۇ مەزگىلدە بوۋاقنىڭ ھەرىكىتىنىڭ تولۇق تەرەققىي قىلغان ـ قىلمىغانلىقى يەنە ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. ھەرىكەت تەرەققىياتى قانچە تولۇق بولسا، بوۋاقنىڭ بەدەن ھەرىكىتى شۇنچە ماسلىشىدۇ، ئوڭ ـ سول مېڭىسى ئارىلىقىدىكى نېرۋا ھۆجەيرىسىنىڭ باغلىنىشى شۇنچە كۆپ بولىدۇ. بوۋاققا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ باسقۇچ نېرۋا سىستېمىسى ماس تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ بالدۇرقى ھەرىكەت ئىقتىدارى — ئۆمىلەشتۇر.

ھەممىمىزگە ئايانكى، ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسى ئوڭ ۋە سول مېڭىدىن تەشكىل تاپىدۇ، ئۇلار ئۆزىگە قارشى بولغان يېرىم بەدەننىڭ ھەرىكىتىنى باشقۇرىدۇ، يەنى سول مېڭە ۋە سول بەدەننىڭ ئوڭ تەرىپىنى، ئوڭ مېڭە بەدەننىڭ سول تەرىپىنى باشقۇرىدۇ. ئىش تەقسىماتى جەھەتتە سول مېڭە ئاساسلىقى تىل، مەنتىقە، تەھلىل،

ئالگېبرالىق تەپەككۇر ئارقىلىق بىلىشنى ۋە ھەرىكەتنى كونترول قىلىدۇ؛ ئوڭ مېڭە بولسا ئاساسلىقى بىۋاسىتە كۆرۈش ۋە گېئومېتىرىيەلىك، دىئاگراممىلىق ھەم ئۇنىۋېرسال تەپەككۇر ئارقىلىق بىلىشنى ۋە ھەرىكەتنى كونترول قىلىدۇ. ئۆمىلەش بوۋاقلار ھەرىكىتىدىكى ئەڭ مۇكەممەل ھەرىكەت بولۇپ، ئۇ پۈتۈن بەدەننىڭ نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنى تۈتاشتۇرىدۇ. ھەر قېتىمقى سول قولنىڭ ئۆمىلەش ھەرىكىتى ئوڭ مېڭىنىڭ ھەرىكىتىنى ئاكتىپلاشتۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوڭ پۇتنىڭ ئۆمىلەش ھەرىكىتى سول مېڭىنىڭ ھەرىكىتىنى ئاكتىپلاشتۇرۇپ، ئوڭ ــ سول مېڭە ھۈجەيرىلىرى ئوتتۇرىسىدا بىرلا ۋاقىتتا مەلۇم باغلىنىش پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا ئۆمىلەش بوۋاقلارنىڭ پۈتۈن بەدىنىنىڭ ماسلىشىشچانلىقىنى كۈچلۈك تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆمىلىگەن ۋاقىت قانچە ئۇزۇن بولسا، تەرەققىي قىلىشمۇ شۇنچە تولۇق بولىدۇ، ئۆمىلىگەن بوۋاقلارنىڭ ئوڭ ــ سول مېڭىسىنىڭ تۇتىشىش ئىقتىدارى ئۆمىلىمىگەن بوۋاقلارنىڭكىگە قارىغاندا تەرەققىي قىلغان بولىدۇ. چوڭ مېڭە نېرۋا سىستېمىسى ماس تەرەققىي قىلغاچقا، ئۆمىلىشى يېتەرلىك بولغان بالىلاردا «ئۆگىنىشى توسالغۇسىغا ئۇچراش» ئېھتىماللىقى ناھايىتى تۆۋەن بولىدۇ.

شۇڭا بوۋاقلارنىڭ ئۆمىلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش جەھەتتە ئاتا ــ ئانىلارغا تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىنى كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمەن:

**1. «ئۆملەش مېڭىش ئۈچۈن، ماڭغاندىن كېيىن ئۆمىلىمىسىمۇ بولىدۇ» دېگەن خاتا قاراشنى تۈزىتىش كېرەك**

بەزى ياشانغانلار بالىنىڭ ئۆمىلىشى مېڭىش ئۈچۈن، ماڭالىغاندىن كېيىن ئۆمىلىمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ دەپ قارايدۇ. بەزى ياش ئاتا ــ ئانىلار بالىسىنىڭ يەردە ئۆمىلەۋاتقانلىقىغا قاراپ، بىرىنچىدىن، بالىسىغا ئىچى ئاغرىيدۇ، ئىككىنچىدىن،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۆمىلىگەندە مەينەت بولۇپ كېتىدۇ، دەپ بالىسىنى ئۆمىلىگىلى قويمايدۇ. بۇ خىل كۆز قاراش خاتا بولۇپ، بالىلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى تەرەققىياتىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر ياشقا توشمىغان بالىغا نىسبەتەن ئۆمىلەش ئۇنىڭ بۇ باسقۇچتىكى ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان مۇھىم ھەرىكىتى. ئۆمىلەش بوۋاقلارنىڭ بەدەن سەزگۈسىنى ئۆستۈرۈپ، بەدىنىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، ماسلىشىش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرىدىغان مۇھىم ۋاستە ھېسابلىنىدۇ. ئۆمىلىمىگەن بالىلارنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىش جەريانىدا بەدىنىنىڭ ماسلىشىشى ياخشى بولماسلىق، دائىم يىقىلىپ كېتىش، ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە ئۇسۇۋېلىش، پۇتلىشىش قاتارلىق ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ، چوڭ بولغاندا يەنە چوڭ مېڭە سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى تۈپەيلى ئۆگىنىش جەھەتتە ھەرخىل قىيىنچىلىقلارغا يولۇقىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھېكايىدىكى شىاۋباۋ دەل «ئۆمىلەش» نى بېشىدىن كەچۈرمىگەن بالىدۇر.



**2. ئۆمىلەشنىڭ ئەڭ ياخشى مەزگىلىنى چىڭ تۇتۇش، ئۆمىلەشنى بەك بالدۇر ياكى بەك كېيىن مەشىق قىلدۇرماسلىق كېرەك**

بوۋاقلارغا ھەرقانداق ئىقتىدارنى ئىگىلىتىش بوۋاقلار تېنىنىڭ فىزىيولوگىيەلىك يېتىلىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىش كېرەك. ئۆمىلەش بوۋاقلار ئۈچۈن ئېيتقاندا «جىسمانىي ئەمگەك» ۋە «ناھايىتى قىيىن ئىش»، ناۋادا ئۆمىلەش بەك بالدۇر بولۇپ كەتسە، بوۋاقلاردا جىسمانىي جەھەتتىن ھېرىپ قېلىش ۋە ماسلىشالماسلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ، شۇنداقلا قورقۇش پىسخىكىسى پەيدا بولىدۇ. شۇڭا فىزىيولوگلار بوۋاقلارنىڭ ئۆمىلەش ۋاقتى يەتتە ئايلىقتىن كېيىن بولۇشى، ئۆمىلەشتىن بۇرۇن ئولتۇرۇشنى راۋۇرۇس بىلگەندىن كېيىن ئاندىن ئۆمىلىشى كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇنى بوۋاقلارنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قاراپ تەتبىقلاش كېرەك دەپ قارايدۇ.

### 3. ئاتا ـ ئانىلار بوۋاقلىرىنىڭ ئۆمىلىشىنى تەدرىجىي مەشىق قىلدۇرۇشى كېرەك

بوۋاقلار ئۆمىلەشنى ئەمدىلا باشلىغاندا تۈز كارىۋاتتا ياكى ئەدىيال، گىلەم سېلىنغان يەردە ئۆمىلىشى، بوۋاقنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى ئوتتۇز ـ قىرىق سانتىمېتىر جايغا ئويۇنچۇق قويۇپ قويۇشىمىز، بالا ئۆمىلەپ بېرىپ ئۇنى ئالالايدىغان بولۇشى كېرەك. ناۋادا ئۇ قولىنى سوزۇۋالسا، ئۇنى بۇ ئويۇنچۇقنى ئوينىغىلى ۋە ئويۇنچۇقنى ئالالىغانلىقى ئۈچۈن بىردەم ئارام ئالغىلى قويۇشىمىز كېرەك. ئاندىن ئۇ ئويۇنچۇقنى بوۋاقنىڭ ئالدىدىن سەل ئالدىغا يۆتكەپ قويۇپ، ئۆزىمىز يىراق كېتىشىمىز كېرەك، بۇ ئارقىلىق بالىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغىلى بولىدۇ. ئۆمىلەشنى مەشىق قىلىش قېتىم سانى كۆپ، ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك. بوۋاق ئۆمىلەشنى خالىمىسا ئۆمىلەشكە مەجبۇرلىماستىن بۇنىڭ سەۋەبىنى تېپىشىمىز كېرەك. جىسمانىي ئەھۋالدا مەسىلە كۆرۈلمىگەن شارائىتتا، بوۋاقنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۇنى ئۆمىلەشكە قىزىقتۇرالايدىغان ئامال تېپىشىمىز كېرەك.

### 4. ئاتا ـ ئانىنىڭ «ياردىمى» ناھايىتى مۇھىم

بوۋاقلار ئۆمىلىگەن دەسلەپكى باسقۇچتا ئاتا ـ ئانىلار ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشى كېرەك. ئاتا ـ ئانىلار بوۋاقلار ئۈچۈن كونكرېت نېمە قىلىپ بېرىشى كېرەك؟ ئاتا ـ ئانىلار بوۋاقلارنىڭ ئۆمىلىشىگە قولايلىق شارائىت ھازىرلاپ بەرگەندىن كېيىن، بوۋاقنىڭ ئۆمىلىشىگە ياردەم بېرىشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى، يەنى قانداق ئۆمىلەش، قايسى تەرەپكە ئۆمىلەش ... دېگەندەك جەھەتلەردە بوۋاقنى يېتەكلىشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



**5. بوۋاقلارنىڭ ئۆمىلىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەك**

مەسىلەن، يۇقىرىقىلاردىن باشتا ئۆمىلەشكە باشلىغان بوۋاققا ئۆمىلەشكە قولايلىق بولغان ئازادە كىيىملەرنى كىيدۈرۈشىمىز، قىش ۋاقتى بولسا ئۆينىڭ ئىسسىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك. بەزى بوۋاقلار ئۆمىلەيدىغان ئورۇننىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى سەۋەبىدىن ئۆمىلىمەسلىكى مۇمكىن. مەسىلەن، بوۋاقنى كارىۋاتقا چىقىرىپ قويسىڭىز، ئۇ بۇ يەر ئۆمىلەيدىغان جاي ئەمەس، ئۇخلايدىغان جاي دەپ ئويلىشى ياكى كارىۋاتتىن چۈشۈپ كېتىمەن دەپ قورقۇشى مۇمكىن. شۇڭا بالىنىڭ ئۆمىلىشىگە تۈز، تەكشى، كەڭ، ئازادە ۋە بىخەتەر جاي هازىرلاپ گىلەم، ئەدىيال دېگەندەك نەرسىلەرنى سېلىپ بېرىشىمىز كېرەك.



**6. بالا ئۆملمەيلا مېڭىپ كەتكەن بولسا، بۇنى تولۇقلاشنىڭ ئامالى بارمۇ؟**

بۇنىڭ ئامالى شۇكى، بوۋاقنى كۆپ هەرىكەتلەندۈرۈش، بوۋاقنىڭ چوڭ-يېشىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭغا مەلۇم تەنتەربىيە هەرىكىتىنى ئۆگىتىش كېرەك. ئەڭ ياخشى هەرىكەت سۇ ئۈزۈش. سۇ ئۈزۈش پۈتۈن بەدەننىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى تەڭشەيدىغان، بوۋاقنىڭ ئۆمىلىمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققان كەمچىلىكلىرىنى تولۇقلايدىغان ياخشى هەرىكەت دەپ قارىلىدۇ. شۇڭلاشقا بالىلىرى ئۆمىلەش باسقۇچىنى بېشىدىن كەچۈرمىگەن ئاتا - ئانىلار بەك ئەندىشە قىلىپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ، كېيىنكى كۈنلەردە بالىنىڭ هەرىكەت قىلىشىغا چەك قويۇۋالماي، ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىغا قويۇپ بەرسە، بالىلار 12 ياشتىن ئىلگىرى نېرىپ سىستېمىسىنىڭ يېتىلىشىنى هەرىكەت قاتارلىق ئاماللار بىلەن تولۇقلىۋالغىلى بولىدۇ.

## بىخەتەرلىك رىشتى — بالىلار ساغلام ئەخلاق - پەزىلىتىنىڭ ئاساسى

ئامېرىكىلىق پسىخولوگ مېخىل «مېھىر - مۇھەببەت ئۇقۇرى» تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە بۇ نەزەرىيەنى رەسىم ئارقىلىق ئوبرازلىق چۈشەندۈرگەن. ئۇ «مېھىر - مۇھەببەت ئۇقۇرى» نى يۈرەك شەكلىدە سىزىپ چىققان ھەمدە مېھىرى - مۇھەببەتنى «مېھىر - مۇھەببەت ئۇقۇرى» دىكى سۇغا ئوخشاتقان. «مېھىر - بۇھەببەت ئۇقۇرى» دىكى سۇ نەدىن كېلىدۇ؟ مېخىل «مېھىر - بۇھەببەت ئۇقۇرى» نىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىككى «مېھىر - مۇھەببەت ئۇقۇرى» ئۇلىغان، بۇ ئىككى «مېھىر - مۇھەببەت ئۇقۇرى» ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاتا - ئانىنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بىر ئادەم بالا ۋاقتىدا ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ «مېھىر - مۇھەببەت ئۇقۇرى» غا ئۈزۈكسىز مېھىر - مۇھەببەت قۇيۇپ تۇرۇشى كېرەك. ئاتا - ئانىلار مۇشۇنداق قىلغاندا بالىلارنىڭ «مېھىر - مۇھەببەت ئۇقۇرى» پەيدىنپەي توشۇپ، ئۇلار ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ھەم باشقىلارنىمۇ ياخشى كۆرىدىغان ۋە باشقىلارغا ئىشىنىدىغان ئىقتىدارنى ھازىرلىيالايدۇ.

بوۋاقلارنىڭ ئىككى ياشتىن ئىلگىرىكى ۋاقتى ئۇلاردا ياخشى كۆرۈش ۋە مەسئۇلىيەت ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈشىمىزنىڭ «ئالتۇن باسقۇچى» ھېسابلىنىدۇ. بۇ باسقۇچتا بالىلار ئەتراپىدىكى ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەرگە تايىنىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. بىخەتەرلىك تۇيغۇسى يېتەرلىك بولۇپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ مۇۋاپىق غەمخورلۇقىغا، قوغدىشىغا ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەن بالىنىڭ «مېھىر - بۇھەببەت ئۇقۇرى» دىكى سۇ سۈزۈك، يېتەرلىك بولۇپ، مۇھىتىغا ياخشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى ubuhurkitap.com



ماسلىشالايدۇ، يەسلى مۇھىتىغا ناھايىتى ئاسانلا ماسلىشالايدۇ؛ ئاتا - ئانىلار بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا نورمال ئاتا - ئانا ۋە بالىلىق مۇناسىۋىتى شەكىللەندۇرەلەيدۇ، بۇلار كەلگۈسىدىكى ساغلام ئەخلاق تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنداقتا بالىلار بىخەتەرلىك رىشتىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار قانداق قىلىشى كېرەك؟

**1. نۆل ياشتىن بىر ياشقىچە بولغان باسقۇچتا بوۋاقلارنىڭ ھەرقانداق سىگنالىغا ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرۇش كېرەك**

ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىيات «ئۆز ئارا ئالاقە قىلىش» داۋامىدا ئۇزۇكسىز چوڭقۇرلىشىدۇ ۋە يېتىلىدۇ. يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارمۇ تۈرلۈك سىگناللار ئارقىلىق ئانىسىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. مەسىلەن: يىغلاش، كۈلۈش ياكى غىڭشىش قاتارلىقلار ئارقىلىق باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ ھەمدە ئانىسىغا قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ، مەسىلەن، قورسىقى ئاچسا، ئۇيقۇسى كەلسە، بىئارام بولسا قاتارلىقلار پەقەت بوۋاقلارنىڭ ئوخشىمىغان باسقۇچتا تەلىپىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ. بوۋاق سەل چوڭ بولۇپ گەپ قىلغۇدەك، ماڭغۇدەك بولغاندا چاقىرىش، ئەگىشىش ئارقىلىق تايىنىدىغان ئادەمگە بولغان ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ.

بوۋاقنىڭ بىۋاسىتە باقغۇچىسى بولغان ئانىنىڭ بوۋاق چىقارغان تۈرلۈك سىگناللارغا ۋاقتىدا، مۇۋاپىق ئىنكاس قايتۇرۇشى، بوۋاققا: «قوزام، بۇ يەر بىخەتەر» دېگەننى بىلدۈرۈشتۇر. مەسىلەن: بوۋاق كارىۋاتنىڭ بىر چېتىگە كېلىپ مەلۇم بىر نەرسىنى ئالماقچى بولۇپ قولىنى سوزىدۇ، بۇنداق چاغدا كۆپىنچە بوۋاقلار بۇرۇلۇپ ئانىسىغا قارايدۇ، ناۋادا ئانىسى بوۋاقنىڭ ھەرىكىتىنى قوللاپ كۆلۈمسىرىسە ياكى ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىدىغان بىرەر ئېغىز گەپ قىلسا بوۋاق ئۆزى قىلماقچى بولغان ئىشنى ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ ئەنسىرەش ياكى

قورقۇشىنىڭ ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى، سۆيۈملۈك ئانىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۆزىنى قوللاۋاتقانلىقىنى ۋە ياردەم بېرىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ. ئانىسىنىڭ ئىنكاسىغا ئېرىشكەن بوۋاق ئانىسىغا نىسبەتەن ئىشەنچ تۇرغۇزىدۇ ۋە ئانىسى بولغاچقا ئۆزىنى بىخەتەر ھېس قىلىپ، بىخەتەرلىك تىپىدىكى رىشتە باغلاشقا ئاساس سالىدۇ.

**2. بىخەتەرلىك مىجەزىدىكى رىشتە باغلاش ئۈچۈن، ئانىلاردا چوقۇم ئۆزىنى كونترول قىلالايدىغان ۋە كەيپىياتىنى باشقۇرالايدىغان ئىقتىدار بولۇشى كېرەك**

نۇرغۇن ئانىلار بۇ نۇقتىغا سەل قارايدۇ، ھەرقانداق ئادەمدە ناچار كەيپىيات بولىدۇ، بۇ نورمال ئەھۋال دەپ قارىلىدۇ. بۇنىڭ بوۋاقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە زور تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. تۇرمۇشتا ئانىلار مۇنداق كەچۈرمىشلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. كەيپىياتى ياخشى بولماي تۇرغاندا بوۋىقى توختىماي يىغلاپ خاپا قىلىشى مۇمكىن، بۇنداق چاغدا ئانا خاپا بولۇپ: «نىمە بولدۇڭ؟ يىغلاۋەرمە، ئادەمنى ئەجەب بىزار قىلىدىغۇ، بولدى، يىغلىما، يىغلىما دەۋاتىمەن!» دەپ ۋارقىرىشى مۇمكىن. ناۋادا بۇ خىل ئەھۋال دائىم يۈز بەرسە، بوۋاق بۇنداق كەيپىياتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىشنى ئۆگىنىۋالىدۇ، چۈنكى ئۇ بۇ خىل كەيپىياتنىڭ ئانىسىنى خاپا قىلىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئانىسىنى خاپا قىلماسلىق ئۈچۈن ياكى ئانىسىغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بۇنداق ناچار كەيپىياتىنى يوشۇرىدۇ ياكى بېسىۋالىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن بۇنداق بوۋاقلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم تەلەپ قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، ئاستا ـ ئاستا مۇشۇنداق ياردەمسىز ھالەتكە كۆنۈپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سىرتقى كۆرۈنۈشى جىمغۇر ۋە سوغۇق كۆرۈندىغان بولۇپ ئاخىرىدا «ئۆزىنى قاچۇرۇش تىپىدىكى رىشتە» ئەندىزىسى پەيدا بولىدۇ.

يەنە بەزى ئانىلارنىڭ ھېسسىياتى ئۆزگىرىشچان بولىدۇ،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بالىلارغىمۇ ئۆزگىرىشچان ھېسسىياتى ۋە كەيپىياتى بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. كەيپىياتى ياخشى چاغدا بوۋاق نېمە دېسە ماقۇل دەيدۇ، بوۋاققا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ؛ كەيپىياتى ناچار چاغلاردا كارى بولمايدۇ، ھەتتا قوپال مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇ خىل مۇھىتتا چوڭ بولغان بالىلار ئانىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، كىچىكىدىنلا ئانىسىنى كۆزىتىشنى ئۆگىنىۋالىدۇ، ناھايىتى زور ئېشەنچ بولمىسا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي كەيپىياتىنى ئاسان ئاشكارىلىمايدۇ. ھالبۇكى كەيپىياتىنى دائىم كونترول قىلىپ تۇرغاچقا، ئۆز كەيپىياتىنى چىقىرىدىغان بىخەتەر پۇرسەتنى تاپقىنىدا ھېسسىياتىنى ئىنتايىن ئاشۇرۇپ ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىلدىكى بوۋاقلار ئانىسىنىڭ كەيپىياتىنىڭ تۇراقسىز بولۇش خاراكتېرىنى ئىگىلىۋالىدۇ ــ دە، ئانىسى بىلەن «زىددىيەت تېپىدىكى رىشتە» مۇناسىۋىتى ئورنىتىۋالىدۇ.

شۇڭا ئانىلار بۇ ھالقىلىق باسقۇچتا كەيپىياتىنى كونترول قىلىشنى ۋە باشقۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك، چۈنكى بۇ جەھەتتىكى ئىقتىدار بالا بىلەن ئانا ئوتتۇرىسىدىكى رىشتە باغلاش مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى كەلگۈسىدە بالىنىڭ ئۆز كەيپىياتىنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئىقتىدارىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

### 3. ئىناق ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەت بوۋاققا بىخەتەر تېپىدىكى رىشتە باغلاش كەيپىياتى يارىتىپ بېرىدۇ

بوۋاق ئائىلە مۇھىتىدا ياشايدۇ، ئۇنىڭدا بىخەتەر تېپىدىكى رىشتە باغلاشنى شەكىللەندۈرۈش يالغۇز ئانىنىڭلا ھەرىكىتى ئەمەس، دادا ۋە پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرى بالىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ناھايىتى مۇھىم ئامىللاردۇر. بالا ناۋادا ئەر ـ ئايال ئىناق ـ ئىجىل ئۆتمەيدىغان، كۆندە تالاش ـ تارتىش، جېدەل ـ ماجىرادىن خالىي بولمايدىغان ئائىلىدە ياشىسا، ئانا ھەرقانچە تىرىشقان بىلەنمۇ بالىسى بىلەن بىخەتەر تېپىدىكى رىشتە باغلاش مۇناسىۋىتى

ئورنىتىشى تەسكە توختايدۇ. شۇڭا ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھېسسىياتىنى ئوبدان باشقۇرۇشى، بولۇپمۇ بالا تەربىيەلەش جەھەتتە ئورتاق پىكىر ـ قاراشقا ئىگە بولۇشى كېرەك، بۇ جەھەتتە ھەممەيلەن ئورتاق كۈچ چىقارغاندىلا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، تالاش ـ تارتىش بولمايدىغان ئائىلە بولمايدۇ، ناۋادا تالاش ـ تارتىش بولۇپ قالسا، يەنە كېلىپ بۇ تالاش ـ تارتىش بالىنىڭ ئالدىدىلا يۈز بېرىپ قالسا، بالا مەيلى قانچىلىك كىچىك بولسۇن ئاتا ياكى ئانا بالىنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇلايىملىق بىلەن نېمىش بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشى، بۇ ئىشنىڭ ئۇنىڭ سەۋەبىدىن يۈز بەرمىگەنلىكىنى ئېيتىپ، بالىنىڭ غەم ـ ئەندىشىسىنى ئازايتىشى كېرەك. ھەرگىز بالا كىچىك، ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدۇ دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ھېسسىياتىغا پەرۋا قىلماسلىق پوزىتسىيەسىدە بولماسلىقىمىز كېرەك. بالىنى كىچىكىدىن باشلاپلا ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى دەپ قارىشىمىز، ئۇنىڭغا ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئەركىن ـ ئازادە، كەڭ كۆشادە پاراڭلىشىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق ئائىلە مۇھىتى بالىنىڭ ئائىلىدىكىلەر بىلەن بىخەتەرلىك تۇيغۇسى رىشتە باغلاش مۇناسىۋىتى ئورنىتىشىنى ناھايىتى زور ئالغا سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

ئاخىرىدا مەن ئازراق چۈشەنچە بېرىپ ئۆتمەكچىمەن:

بالا بىلەن رىشتە باغلاش تۇيغۇسى مۇناسىۋەت ئورناتقۇچى يالغۇز ئانا بولۇپلا قالماستىن دادىسى، بوۋىسى ياكى مومىسى ۋە ياكى بالىلارنى بىۋاستە، ئۇزۇن ۋاقىت، مۇقىم تەربىيەلەيدىغانلار بولسىمۇ بولىدۇ. بالىلارنىڭ ئانا بىلەن رىشتە مۇناسىۋىتى ئورنىتىدىغان ئەڭ مۇھىم مەزگىلى بىر ياشتىن ئۈچ ياشقىچە بولغان مەزگىلى، ناۋادا ئۈچ ياشتىن ئېشىپ كەتسە بالىلار ھەرىكەت جەھەتتە ئانىسىغا يېپىشىشقا، ئانىسىغا ئەگىشىشكە ئامراق بولۇپ، ئانىسى بولمىسا ھېچقانداق پائالىيەت قىلالمايدۇ، بۇ چاغدا بالىلار چوڭلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ئارىلىشىشقا ۋە يېتەكلەشكە موھتاج

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بولىدۇ. چۈنكى رىشتە مۇناسىۋىتى ئۆزۈكسىز كېڭەيتمىشكە ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئېھتىياجلىق بولغان مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت، نورمال رىشتە مۇناسىۋىتى بالىلارنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، بارغانسېرى «يوشۇرۇن شەكىل» دە بولۇپ، ھەرگىزمۇ بالىلار ئاتا ـ ئانىسىغا سايىدەك ئەگىشىۋالسۇن دېگەنلىك ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەزمۇن جەھەتتە دادىغا ياكى ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە، دوستلىرىغا بولغان رىشتە، ھەتتا چوڭ بولغاندىن كېيىن سۆيگىنى ۋە باشقىلارغا بولغان رىشتىگە ئۆزگىرىدۇ. دېمەك، رىشتىنىڭ ئوبيېكتى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ دېگەن گەپ.

## قوشۇمچە: رىشتە ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

«رىشتە» بۇ بىر ھېسسىيات بولۇپ، بالىلارنىڭ بوۋاق مەزگىلىدىن باشلاپ شەكىللىنىدۇ. رىشتە بالىلارغا نىسبەتەن ئېيتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەبىرى مۇنداق: رىشتە بالا بىلەن باشقىلارنىڭ قويۇق مۇناسىۋىتىدىن ھاسىل بولغان چوڭقۇر ۋە ئۇزاق ۋاقىتلىق ھېسسىيات مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. بالىغا نىسبەتەن ، ئەڭ دەسلەپكى رىشتە ھېسسىياتى ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدا شەكىللىنىدۇ.

پسىخولوگىيە نەزەرىيەسى جەھەتتىن بۆلگەندە، رىشتە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1. بىخەتەرلىك تىپىدىكى رىشتە: بۇ تىپتىكى رىشتە بالىلار رىشتە تىپىنىڭ تەخمىنەن 65% ـــ 70% نى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىلدىكى بالىلارنىڭ مۇھىتقا ماسلىشىش ئىقتىدارى بىر قەدەر يۇقىرى بولىدۇ، كەيپىياتىنىڭ ئىپادىلىنىشى مۇقىم بولىدۇ، شۇنداقلا مۇھىتقا قاراپ كەيپىياتىنى تەڭشىيەلەيدۇ. ئۇلار مۇھىتنى بىخەتەر دەپ ھېس قىلغاندا دۇنيا توغرىسىدا ناھايىتى قىزغىن ئىزدىنىدۇ، ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى مول بولۇپ، مەسىلىلەرنى سەۋرچانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىدۇ، بىر قەدەر جانلىق بولۇپ،

ئۆزىگە ئىشىنىدۇ ۋە ئۈمىدۋار كېلىدۇ. بۇ خىلدىكى بالىلار يەسلىگە كىرگەندىن كېيىن مۇھىتقا تېزلا ماسلىشىپ كېتىدۇ، باشقىلار بىلەنمۇ ئوبدان چىقىشىپ كېتىدۇ، باشقىلارغا ئىشىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دوستلىرىنى تېزلا ئۆزىگە ئىجىل قىلىۋالىدۇ.

2. ئۆزىنى قاچۇرۇش تىپىدىكى رىشتە: بۇ تۈردىكى رىشتە بالىلار رىشتە تىپىنىڭ تەخمىنەن% 20 نى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىلدىكى بالىلارنىڭ ئانىسىغا رىشتە باغلىشى كەمچىل بولىدۇ، رىشتە مۇناسىۋىتى ئورنىتىلىدىغان مۇھىم باسقۇچتا، بەلكىم تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئانىسى بىلەن يېقىن ھېسسىيات مۇناسىۋىتى ئورناتمىغان بولىدۇ. بۇ خىلدىكى بالىلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي كەيپىياتىنى يوشۇرىدۇ، ئانىسىغا ھېسسىيات جەھەتتە جىمىغۇر، ھەتتا سوغۇق مۇئامىلىدە بولىدۇ. شۇڭا كىشىلىك مۇناسىۋەت جەھەتتە بىر قەدەر يەككە - يېگانە ئۆتۈشكە مايىل بولۇپ، قورقۇنچاقراق كېلىدۇ، باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىشقا ئېپى يوق، باشقىلارغا تازا ئىشىنىپ كەتمەيدۇ، كىشىلىك مۇناسىۋەت دەرىجىسى تۆۋەن بولىدۇ. بۇلار يەسلىگە كىرگەندىن كېيىن مۇئەللىملەرگە باشقا بالىلارغا ئوخشاش تايىنىۋالمايدۇ، بىر بولسا ستىلىرى بىلەن ناھايىتى ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئوينايدۇ، بىر بولسا ئۆز ئويۇنچۇقىنى جىمجىت ئوينايدۇ، مۇئەللىملەر بۇ خىلدىكى بالىلارنى ناھايىتى ئاسانلا بەك گەپ ئاڭلايدىغان بالىلار دەپ، خاتا چۈشىنىپ قالىدۇ.

3. زىددىيەت تىپىدىكى رىشتە: بۇ قارشىلىق كۆرسىتىش رىشتە تىپى، يەنە رەت قىلىش تىپىدىكى رىشتە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ تىپتىكىلەر بالىلار رىشتە تىپىنىڭ تەخمىنەن %10 ــ %15نى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىلدىكى بالىلار ئانىسىنىڭ غەمخورلۇق قىلىشىغا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ ھەمدە ئانىسى بىلەن يېقىنلىشىش پۇرسىتى ئىزدەيدۇ، لېكىن ۋاقتى كەلگەندە ئانىسىنىڭ غەمخورلۇقىنى رەت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى زىددىيەتلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولىدۇ. ئانىسىنىڭ ئۆزىنى كۆتۈرۈشى ياكى كۆتۈرمەسلىكى دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەردە كۆڭلىدە ناھايىتى ئېغىر تەشۋىش پەيدا بولىدۇ، بۇلار ئانىسى بىلەن بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئورناتمىغان مىجەزدىكىلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىلدىكى بالىلارنىڭ كەيپىيات تۇراقلىقلىقى ناچار، قارشىلىق كۆرسىتىشى كۈچلۈك بولىدۇ، ئاسان ھاياجانلىنىدۇ، بەزىدە مىجەزى بەكلا ئۇسالLىشىپ كېتىپ، ئانىسىنى نېمە قىلىشنى بىلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئۆزىنى دائىم مۇبالىغە قىلىش كەيپىياتى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. بۇ مىجەزدىكىلەر يەسلىگە كىرگەندىن كېيىن مۇستەقىللىقى ئاجىز بولۇش، باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىش خاھىشىغا ئىگە بولۇش، باشقا بالىلارنىڭ ئويۇنچۇقلىرىنى تارتىۋېلىش، ھەمكارلىقى ئاجىز بولۇش، يەسلىگە ئاسان ماسلىشالماسلىق قاتارلىق جەھەتلەردە قىيىنچىلىققا يولۇقىدۇ.

ئۆزىنى قاچۇرۇش تىپىدىكى ۋە زىددىيەت تىپىدىكى رىشتىلار خەتەرلىك رىشتە دېيىلىدۇ. پسىخولوگىيەنىڭ ئەڭ يېڭى تەتقىقاتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىخەتەرلىك بولمىغان رىشتە مۇناسىۋىتى بالىلارنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىخەتەرلىك رىشتە تىپىدىكى بالىلار چوڭ بولغاندىن كېيىن بىر قاتار پسىخىكىلىق فۇنكسىيە جەھەتتە تېخىمۇ ئىقتىدارلىقلىقىنى، ماسلىشىش كۈچى كۈچلۈكلۈكىنى، تولۇق پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلار دوستلىرىنىڭ ياقتۇرۇشى، دوستلار ئارا ئورتاق ھېسسىيات ۋە ناچار كەيپىياتىنى كونترول قىلىش جەھەتلەردە بىخەتەر بولمىغان رىشتە تىپىدىكى بالىلاردىن كۈچلۈك بولىدۇ. لېكىن ھازىرغىچە بىخەتەرلىك تىپىدىكى بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى، تىل ئىقتىدارى قاتارلىقلارنى ئېتىراپ قىلىش جەھەتتە بىخەتەر بولمىغان رىشتە تىپىدىكى بالىلاردىن كۈچلۈك بولىدىغانلىقى تېخى تەتقىق قىلىنىپ ئىسپاتلانغىنى يوق. دېمەك، بۇ ئىككى مىجەزدىكى بالىلار زېھنىي ئىقتىدار ۋە تىل قاتارلىق جەھەتلەردە روشەن پەرقلەنمەيدۇ.

## ئۈچىنچى باب

# ئۆزىنى، ئۆزگىنى بىلىش: بالىلار دۇنياسىنى چۈشىنىش

ئۇيغۇرلار بالا تەربىيەلەش جەھەتتە ئېسىل ئەنئەنىگە ئىگە. بالا تەربىيەلەشتە بالىلارنى بەكمۇ چۈشەپ كەتمەيمىز. ياخشى تەرەپتىن ئېيتقاندا، بۇ بالىنىڭ تەرەققىياتىغا «ھۆرمەت قىلغانلىق» ھېسابلىنىدۇ. لېكىن نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار «چۈشەپ كەتمەسلىك»، «باشقۇرماسلىق» دېگەنگە مايىل بولۇپ كېتىپ، بالىنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىدۇ، ناۋادا ئاتا - ئانا مۇشۇنداق «ھۆرمەت قىلغانلىق» بىلەن بىرگە بالىلىرىنى كۆپرەك چۈشەنسە، مۇۋاپىق يېتەكلىسە ۋە تەربىيەلىسە بالىلار ئۆز قابىلىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرغان بولاتتى.

## «ئەخلەت» تېرىدىغان بالا: غەلىتە بالىنى بايقاش

بىر ئانا كېلىپ ماڭا دەردىنى ئېيتىپ كەتتى، ئۇنىڭ دېيىشىچە: ئۇنىڭ بالىسى ئىككى ياشقا كىرىپتۇ، تالادا ئويناشقا ئامراق ئىكەن، ئۇلارمۇ بالىنى تالاغا ئېلىپ چىقىشنى ياخشى كۆرىدىكەن، لېكىن ھەر قېتىم تالاغا ئېلىپ چىقسا بالىلار بىلەن ئوينىماي، ھەر خىل «ئەخلەت» — چالما - كېسەك، ياغاچ - تاش، قەغەز - پەغەز، تاماكا قالدۇقى، كەمپۈت قەغىزى دېگەنلەرنى تېرىپ خاپا قىلىدىكەن، بالامنىڭ بۇ قىلىقىغا شۇنداق ئاچچىقىم كېلىدۇ! ئۇ تېرگەن نەرسىلەر مەينەت بىرنېمىلەر تۇرسا، ناۋادا ئۇلارنى

باردۇ دەپ ئويلاپ، بالامنى بالىلارنىڭ زېھنىنى ئاچىدىغان ئويۇنچۇ ئويناشقا قىزىقتۇرماقچى بولدۇم. شۇنداق قىلسام ئۇ بىر بولس يىغلاپ جېدەل قىلىدۇ، بىر بولسا ئويۇنچۇقنى بىرنەچچە مىنۇ ئويناپلا يەنە ئىشىك ئالدىغا بېرىۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىشىك قولىن قىسىۋالارمۇ دەپ بەك ئەنسىرەيمەن. مۇئەللىم، مۇشۇنداق بىمەن ئويۇنمۇ بالىنىڭ زېھنىنى ئاچامدۇ؟ بالىنى ئىشىكنى داۋاملى ئوينىغىلى قويىۋېرىمەنمۇ؟

يۇقىرىدا تىلغا ئالغان بوۋاق ئوينىغانغا ئوخشاش «بىمەن ئويۇننىڭ راستىلا قىممىتى بارمۇ؟ بىز بۇ سوئاللارغا قىلچ ئىككىلەنمەستىن «بار» دەپ جاۋاب بېرىمىز.

بىيولوگىيەلىك تەتقىقات بالاغەتكە يەتكەنلەرنىڭ چو مېڭىسىدە 100 مىليارد نېرۋا ھۈجەيرىسى بولىدىغانلىقىنى ئادەملەرنىڭ مېڭە ھۈجەيرىسىنىڭ سانىدا چوڭ پەرق يوقلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ. نېرۋا ھۈجەيرىلىرى ئارىسىدىكى باغلىغۇچى تورنىڭ زىچلىقى ۋە چوڭ - كىچىكلىكى جەھەتتە پەرق بار. 0 - 3 ياشقىچ بولغان ۋاقىت بالىنىڭ نېرۋا ھۈجەيرىلىرى ئارىسىدىكى باغلىغۇچىنىڭ يۇقىرى پەللە مەزگىلى بولۇپ، ھەتتا بۇ مەزگىل بالىنىڭ ھاياتىدىكى چوققا مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ. بۇ باغلىنىش جەريانى بالا يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ تۆۋەنلەيدۇ، بالا 12 ياشقا كىرگەندە باغلىنىش پۈتۈنلەي تاماملىنىدۇ ۋە ھۈجەيرە سانى ئاساسەن تۇراقلىشىدۇ. شۇڭا بالىنىڭ بۇ چاغدىكى ھەر بىر ھەرىكىتى مەلۇم نېرۋا ھۈجەيرىسى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى ئورنىتىدۇ. شۇڭا بالىنىڭ ھەر بىر ھەرىكەتنى ئورۇنلاپ بولغاندى كېيىنكى ھېسسىياتى ئوخشىمايدۇ. ئالايلۇق، بالا ئىشىكنى ھە قېتىم ئېچىپ - ياپقاندا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىدۇ:

«ۋاھ، مەن شۇنچە چوڭ نەرسىنى مىدىرلىتالىدىم».

«ۋاھ، بۇ نەرسە شۇنچە چوڭ ئېچىلىدىكەن - ھە، بۇنىڭدىنمۇ چوڭ ئېچىلامدىغاندۇ...»

«ئاجايىپ ئىش، جىم بوپقالىدۇ؟»

«تووا، بۇنىڭ تېخى ئاۋازى بار ئىكەن، ناخشا ئېيتىۋاتامدۇ، نېمە؟»

«يەنە بىر قېتىم ئېچىپ باقاي، بەلكىم ئۇ چۆچەك ئېيتىشىمۇ مۇمكىن».

بالا بىر ھەرىكەتنى قايتا ـ قايتا قىلىش داۋامىدا ئۇنىڭ شۇ شەيئىگە بولغان ھېسسىي بىلىشى چوڭقۇرلىشىپ، تۈرلۈك نېرۋا ھۈجەيرىلىرى ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش ئورنىتىلىدۇ، بۇ بالىنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان دۇنياغا نىسبەتەن ئەڭ دەسلەپكى ئىزدىنىش ئېھتىياجىنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ بۇخىل ھەرىكەتلىرىدىن قىلچە ئەنسىرىمەسلىكى كېرەك، بالا شۇ ھەرىكەتنى قىلىپ زېرىككەندە بۇنى قىلىشتىن ئۆزلۈكىدىن توختاپ قالىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بۇ خىلدىكى ھەرىكەتلەرنى چوڭلارنىڭ كاللىسى بىلەن مۆلاھىزە قىلىپ، ئۆزىنىڭ دۇنياغا بولغان قىممەت قارىشى بىلەن ئۆلچىگەچكە ۋە چۈشەنگەچكە، بۇ ھەرىكەتنى بىمەنە ھەرىكەت دەپ ھېسابلايدۇ. ناۋادا بىز بالىلارنى مۇشۇنداق ھەرىكەتلەردىن توسىدىغان بولساق، بالىنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ نورمال يېتىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلغان بولىمىز.

## جىنسقا قىزىقىدىغان بالا: ئوغۇل بالا بىلەن قىز بالا ئوخشىمايدۇ

زۇلپىقار بىر ياش ئۈچ ئايلىق بولدى. زۇلپىقاردىن ئۈچ ئايلىق كىچىك قىزچاق دىنا زۇلپىقارنىڭ ياخشى دوستى. بىر كۈنى زۇلپىقار بالدۇر ئويناپدىغان يېرىدە چۈمۈلە ئويناۋاتاتتى. دىنا بىر چەتتە ئۆز ئويۇنىنى ئويناۋاتاتتى، ئۇ زۇلپىقارنىڭ زوڭزايغىنىنچە ناھايىتى بېرىلىپ ئويناۋاتقانلىقىنى تۇيۇقسىز كۆرۈپ قېلىپ، زۇلپىقارنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كېلىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە قاراپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەن دىنانىڭ ئانىسى بىلەن بىر چەتتە تۇرۇپ پاراڭلاشقاچ ئۇلارغا سەپسېلىپ تۇردۇم.

زۇلپىقارنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان دىنا توساتتىن ئۇنىڭ چاترىقىغا قولىنى تىقىپ بىرنېمىنى تۇتماقچى بولدۇ، ئەمما تۇتالمايدۇ، كەينىدىن ئۇ تەن بەرمەستىن زۇلپىقارنىڭ ئالدىغا تېخىمۇ سۈرۈلۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ چاترىقىغا يەنە قولىنى تىقىپ ئۇنىڭ بوجىكىنى تۇتۇۋالدۇ، زۇلپىقار ئويۇننى توختىتىپ، تېڭىرقىغىنىچە دىناغا قاراپ قالدۇ...

بۇ ئىشقا كۆلگىنىمدىن بەللىرىم ئېگىلىپ كەتتى.

دىنانىڭ ئانىسىنىڭ يۈزلىرى ۋىللىدە قىزاردى ـ دە، دىنانىڭ قولىغا ئۇرغىنىچە «ھەي، نېمە قىلىقىڭ بۇ» دېدى.

بۇ چاغدا دىنانىڭ كۆزلىرى قىزاردى، كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى ، كۆڭلى ئازار يېگەن ھالدا ماڭا قاراپ يىغىدىن ئۆزىنى ئاران بېسىۋالدى.

مانا بۇ گۆدەك بالىنىڭ جىنسىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىغا ئەڭ دەسلەپتە دىققەت قىلىشى ھېسابلىنىدۇ، دىنانىڭ ئانىسىنىڭ نېمىشقا يۈزى قىزىرىدۇ؟ چۈنكى ئۇ دىنانىڭ قىلىقىنى چوڭلارنىڭ تەپەككۇرى بىلەن مۇلاھىزە قىلىپ، ئۇنىڭ بۇ قىلىقى ئادەمنىڭ يۈزىنى چۈشۈرىدىغان قىلىق دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىش بالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ناھايىتى ياخشى بىر كۆزىتىش كۈچى ۋە قىزىقىشىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئىشقا ئاتا ـ ئانىنىڭ جىددىيلىشىشىنىڭ ياكى خىجىل بولۇشىنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق، كۈلۈپ قويسىلا بولىدۇ، خالاس.

بالىلارنىڭ جىنسىي ئەزاغا بولغان دەسلەپكى قىزىقىشى ئۆزىگە بولغان ئىزدىنىشىدىن باشلىنىدۇ. بۇ خىل دىققەت قىلىش ۋە ئىزدىنىش بالىلارنىڭ جىنسىي ئايرىمىسىغا بولغان تونۇشىنىڭ شەكىللىنىشىگە ناھايىتى پايدىلىق. ئەڭ دەسلەپكى جىنس ئايرىمىسىغا بولغان تونۇش ئوغۇل بالا بىلەن قىز بالىنىڭ بەدەن ئەزالىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا دىققەت قىلىش جەھەتتە

ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن بىر ياشتىن ئىككى ياشقىچە بولغان بوۋاقلار پەقەت كونكرېت «بەدەن ئەزاسى»نى ياكى كونكرېت «ھەرىكەت» نىڭ ئوخشىمىغانلىقىنى كۆرىدۇ، ئالايلۇق، قىزچاقلار ئوغۇل دوستلىرىنىڭ چاترىقىدا ئۆزىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان بىر نەرسىنىڭ بارلىقىغا تۇيۇقسىز دىققەت قىلىدۇ؛ ياكى ئوغۇل بالىلارنىڭ ئۆرە تۇرۇپ سىيىدىغانلىقىغا قىزىققان ھالدا دىققەت قىلىدۇ ۋە باشقىلار . بۇ چاغدا بالىلار ھېسسىي بىلىش نۇقتىسىدىن قىز بالا بىلەن ئوغۇل بالىنىڭ پەرقىگە «قارايدۇ»، بۇ ھادىسىنى تەپەككۇر يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئويلىمايدۇ. شۇڭا بالىلار بۇ ياشتىكى چاغدا ئاتا ــ ئانىلار بالىلارنىڭ بۇخىل قىلىق ــ ھەرىكىتىدىن ئەندىشە قىلماي، بالىلارنىڭ دىققىتىنى باشقا ياققا بۇرىۋەتسىلا كۇپايە. لېكىن بالىلار ئىككى ياشقا تولغاندىن كېيىن جىنسقا ئائىت بەزى ئاددىي مەسىلىلەرنى سورىشى مۇمكىن، ئالايلۇق، «جۇرئەت نېمىشقا ئۆرە تۇرۇپ سىيىدۇ، مەن نېمىشقا ئولتۇرۇپ سىيىمەن»، «ئۇنىڭ نېمىشقا بۇجىكى بار، مېنىڭ يوق؟ دېگەنگە ئوخشاش. بۇ ياشتىكى بالىلار سورىغان بۇنداق مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ئاتا ــ ئانىلار جانلاندۇرۇش ياكى ئوخشىتىش ئۇسۇلى بىلەن جاۋاب بەرسىلا بولىدۇ: «ھەئە، چۇنكى سەن دېگەن قىز بالا، جۇرئەت دېگەن ئوغۇل بالا، خۇددى بالىلار كۆرگەن كارتون فىلىمدىكى مېيىياڭياڭ بىلەن شياڭياڭغا ئوخشاش».

ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ياشتىكى بەزى بالىلارنىڭ جىنسىي ئەزاغا دىققەت قىلىشى قولى بىلەن جىنسىي ئەزاسىنى ئويناش جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ، بۇ چاغدا بەزى ئانىلار بالىسىغا يوللۇق گەپ قىلىپ تەربىيە بېرىدۇ، بەزى ئانىلار بالىسىنىڭ قولىغا ئۇرىدۇ، لېكىن بۇنىڭ جىق پايدىسى بولمىغان، ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟

بۇ خىل ھادىسىگە نىسبەتەن ئاتا ــ ئانىلار ئالدى بىلەن بۇ خىل ھادىسىنىڭ بالىلار پىسخىك تەرەققىياتىدىكى ناھايىتى نورمال ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشى، بوۋاقنىڭ ئۆزىنى بىلىشىنىڭ باشلىنىشى ئىكەنلىكىنى، بوۋاقنىڭ بەدىنىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



«ئەزاسى»نى كۆزىتىشكە باشلىغانلىقىنى ھەمدە بىر-بىرى بىلەن بىرەيلەننىڭ ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى بارلىقىنى بايقىغانلىقىنى چۈشىنىشى كېرەك.

لېكىن، بالا جىنسىي ئەزاسىنى دائىم ئويناپ تۇرۇۋالسا ئاتا-ئانىلار ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىپ كېتىشىگە قاراپ تۇرماسلىقى، بالىسىنىڭ دىققىتىنى بۇراش ئۇسۇلى بىلەن ئۇلارنى باشقا نەرسىلەر بىلەن ھەپىلىشىشكە يېتەكلىشى لازىم. پسىخولوگلار جىنسىي ئەزاسىنى ئوينايدىغان بالىلار مەلۇم جەھەتتىن باققۇچىنىڭ روھىي جەھەتتىن سەل قارىغانلىقىدىن بولغان، بۇ ۋاقىتلارنىڭ تۇرلۇك باسقۇچىتىكى ھەرىكەت تەرەققىيات ئېھتىياجى قاندۇرۇلمىغانلىقتىن ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلمىغانلىقتىن كېلىپ چىققان، شۇڭا ئۇلار يېگانىلىك ئىچىدە «جىنسىي ئەزاسىنى ئويناش» تىن ئىبارەت قىلىقنى تېپىپ چىققان دەپ قارايدۇ. تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئەتراپىدىكى شەيئى-ھادىسىلەرگە ناھايىتى قىزىققان ۋە ئۇلار ھەققىدە ئىزدەنگەن بالىلاردا بۇ خىل ھادىسىنىڭ كۆرۈلۈش نىسبىتى تۆۋەن بولىدىكەن، بالىلاردا بۇ خىل ھادىسە كۆرۈلگەندە ئاتا-ئانىلار ئوبدان ئويلاپ كۆرۈشى، بالامغا كۆڭۈل بۆلۈشۈم يېتەرلىك، مۇۋاپىق بولمىدىمۇ قانداق، بالامنىڭ ئېھتىياجى قاندۇرۇلمىدىمۇ نېمە دېگەن مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈشى كېرەك.

## ئادەم ئۇرىدىغان بالا: سېنى ئۇرۇشۇم سېنى ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن

دىلشات بىر ياش سەككىز ئايلىق بولدى، يېقىندا بىر ئىش ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ دىققىتىنى تارتتى: ئۇ دوستلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئۇلارنىڭ ئويۇن ۋە پاراڭلىرىغا جىممىدە دىققەت قىلىپ تۇرىدۇ، بەزىدە ئۆز-ئۆزىگە بىرنېمىلەرنى دەپ غودۇرايدۇ، ئاندىن تۇيۇقسىز مەلۇم بىر دوستىنىڭ يۈزىگە ئېسىلىدۇ ياكى مەلۇم

بىرىنى ئىتتىرىدۇ، تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى، ئۇ بىر قىز بالىنى ئۇسۇپ يىقىتىۋېتىدۇ. ئانىسى ئۇنداق قىلماسلىقنى ئېيتىدۇ، ھەتتا ئۇنى ئۇرىدۇ، لېكىن ئانىسى شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ خېلىلا ياۋاشلاپ قالغانلىقىنى، ئۇنداق قىلمايۋاتقانلىقىنى، لېكىن يەنە بەزىدە يوقىرىقىدەك سەۋەنلىكلەرنى ئۆتكۈزگەنلىكىنى بايقايدۇ.

«بالا تېخى كىچىك تۇرسا، نېمىشقا باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىدىغان بۇنداق قىلىقلارنى قىلىدۇ، دادىسى بىلەن ئىككىمىز ئەزەلدىن بۇنداق قىلىق قىلىپ باقمىغان، بۇ ئۇنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ؟ ئاشۇنداق ئىش يۈز بەرگەندە بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟» دەپ سورايدۇ دىلشاتنىڭ ئانىسى مەندىن.

ئەمەلىيەتتە بۇنداق ياشتىكى بالىنىڭ ھەرىكىتىنى بىر «ھۇجۇم قىلىش» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىسەك بولمايدۇ. ئاتا - ئانىلار بۇ سۆزنى ئىشلەتسە بالىنىڭ ھەممە ھەرىكىتى «ھۇجۇم قىلىش» مۇ قانداق دېگەن گۇمان پەيدا قىلىدۇ. بىر ياش سەككىز ئايلىق بولغان بالىنىڭ ھەرىكەت تەرەققىيات سەۋىيەسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ خىيالى بويىچە ئىش قىلىدۇ. بۇ باشتىكى بالىلارنىڭ ئۆزىنى بىلىش تەرەققىياتى باشقا دوستلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا دىققەت قىلىشنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇ ئۆزى بىلىدىغان ھەرىكەت ئارقىلىق باشقا بالىلار بىلەن ئالاقە قىلىش ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ باسقۇچتىكى بالىلار دوستلىرى بىلەن ئۆز ئارا ئالاقە قىلىشقا باشلايدۇ. بۇ باسقۇچتا تۇرۇۋاتقان بالىلار ئۆز ئېھتىياجىنى ئاددىي ھالدا ھېس قىلىپ، باشقا بالىلار بىلەن «ئارىلىشىش» ئارزۇسىنى پەقەت مەلۇم ھەرىكەت ئارقىلىق ئىپادىلەش كېرەكلىكىنى چۈشىنىدۇ. لېكىن بۇ قانداق ھەرىكەت بولۇشى كېرەك، بۇ ھەرىكەتنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ، بۇ ھەرىكەتنى ئورۇنلاش داۋامىدىكى كونترول قىلىش كۈچى زادى قانچىلىك بولۇشى كېرەك، بالىلار بۇلار توغرىسىدا ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ بۇنداق «ھۇجۇم قىلىش» ھەرىكىتىنى سادىر قىلىشىنىڭ مۇددىئاسىنى پىسخىك تەرەققىيات

www.uyghurkitap.com



نۇقتىسىدىن چۈشىنىشى، شۇنداقلا بالىنى ۋاقتىدا توغرا يېتەكلىشى كېرەك. ناۋادا بالىدا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ نەزىرىدىكى «ھۇجۇم قىلىش» ھەرىكىتى شەكىللەنگەن بولسا، ئۇنداقتا ئاتا ـ ئانىلار بۇنىڭ سەۋەبىنى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزلىرى بىلەن بالىسىنىڭ «ئارىلىشىش»ىدىن ئىزدىشى كېرەك.

دىلشاتنىڭ ئانىسى بالىسىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى چۈشەنگەندىن كېيىن: «دىلشات كىچىكىدىن باشلاپلا يۈزۈمنى تاتىلاشقا ئامراق ئىدى، كۆپ چاغلاردا ناھايىتى خۇشال بولغانلىقىمنى ئىپادىلەيتتىم، گاھىدا يۈزۈمنى ئاغرىتىۋەتكەندىمۇ ئۇنىڭغا بىر نېمە دېمەيتتىم، ئۇ تېخى كىچىك، كېرەك يوق دەپ قارايتتىم» دەيدۇ.

«دىلشاتنىڭ دادىسى مېنىڭ ئۇنى دائىم سۆيۈشۈمنى ياقتۇرمايتتى، ئوغۇل بالا دېگەننى سىزدەك دائىم سۆيسە ياخشى بولمايدۇ دەيتتى، بۇ نۇقتىنى مەنمۇ ئېتىراپ قىلاتتىم، شۇنىڭ بىلەن دىلشات بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشقىنىمدا ئۇنىڭ بىلەن پېشانىمىزنى سوقۇشتۇراتتۇق، مەن ئۇنىڭغا نۇرغۇن قېتىم ھېكايە سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇ تۇيۇقسىز ئۆمىلەپ كېلىپ پېشانىسى بىلەن پېشانەمگە ئۇسۇپ، ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى ۋە ئامراقلىقىنى ئىپادىلىدى، لېكىن ئۇ ئۆزىنى كونترول قىلالمىغاچقا بەك چىڭ ئۇسۇۋېتىپ كۆزلىرىمدىن ئوت چىقىرىۋەتكەن چاغلىرىمۇ بولغان».

دىلشاتنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىنىڭ دەل ئۆزى بىلەن دادىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر قىلىشتىن يەكۈنلەپ چىقارغان تەجرىبە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. دىلشاتنىڭ بىر ئادەمنى ياخشى كۆرگەندە ئۇنىڭ يۈزىنى مورلايدىغانلىقىنى، يەنە كاللىسى بىلەن باشقىلارنىڭ كاللىسىغا ئۇسىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بالىلارنى ئۇچراتقاندا ياكى بۇ بالىلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئارزۇسى بارلىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولغاندا، ئۇ تەبىئىي ھالدا ئۆزى بىلىدىغان

ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللانغان، شۇغىنىسى، ئۇ بۇ ئۇسۇلدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن تەرەپلەرنىڭ بارلىقىنى بىلمىگەن.

ئۇنداقتا دىلشاتنىڭكىدەك قىلىقلار يۈز بەرگەندە ئاتا - ئانىلار قانداق قىلىشى كېرەك؟ بىز بۇ خىل ئەھۋالغا ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ ئىككى خىل مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك.

بىرىنچى خىل ئەھۋال، بالىلار باشقىلارنى ئىتتىرىۋەتسە ياكى باشقىلارنى تاتىلىۋالسا، قارشى تەرەپ يىغلىمىسا، شۇنداقلا «ئېغىر ئاقىۋەت» كېلىپ چىقمىسا، بۇ چاغدا ئاتا - ئانىلار پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ بالىنى يېتەكلىشى كېرەك. ئۇلار: «بالام، سەن بۇ بالىنى ياخشى كۆرەمسەن - كۆرمەمسەن، بۇياققا كېلە، ياخشى كۆرسەڭ بىز ئۇنى سىلاپ قويايلى» دېيىشى ياكى «دوستلار بىلەن قول تۇتۇشۇپ ئوينايلى» دېيىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بالىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئۇنى ھەرىكەت قىلىشقا يېتەكلىشى ھەم ئۆيدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا ئۈندىشى كېرەك. ناۋادا بالا ھەرىكەت قىلىشنى رەت قىلسا، ئۇنى مەجبۇرلىماستىن، پۇرسەت تېپىپ يەنە يېتەكلەش كېرەك.

ئىككىنچى خىل ئەھۋال، بالىنىڭ ھەرىكىتى بەزى ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئالايلۇق، قارشى تەرەپنىڭ يىغلىشى، يىقىلىپ كېتىشى ياكى تېرىسى سۈرۈلۈپ كېتىش دېگەندەك، بۇ چاغدا بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى قارشى تەرەپنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن ئەپۇ سورىشى، قارشى تەرەپكە قىلىپ بېرىشكە تېگىشلىك ئىش بولسا قىلىپ بېرىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا پۇرسەت تېپىپ بالىنى يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك يېتەكلىشى كېرەك. بۇ جەرياندا بالىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا تەنقىدلىمەسلىكىمىز، ھەتتا تىرىكىپ ئۇرماسلىقىمىز كېرەك. ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولساق بالىنىڭ كىشىلەر بىلەن بولغان دەسلەپكى مۇناسىۋەت ئېھتىياجىنى نابۇت قىلغان بولىمىز، بالىنى بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس، باشقا بالىلارنى ياخشى كۆرسەم بولمايدۇ، ئۇلارغا بولغان دوستلۇقۇمنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئىپادىلىسەم تېخىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلسام ئاتا ـ ئانام خاپا بولۇپ قالىدۇ دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويىمىز.

ئاتا ـ ئانا بالىلىرىنىڭ بۇنداق قىلىق ئالاھىدىلىكىنى چۈشەنگىنىدە شۇنىڭغا دىققەت قىلىشى كېرەككى، بۇخىل پىسخىك ئالاھىدىلىك ئاساسلىقى ئىككى ياشتىن تۆۋەن بالىلارغا قارىتىلغان، ئىككى ياشتىن يۇقىرى بالىلارنىڭ پىسخىك تەرەققىياتى «ئادەم ئۆرۈش»تىن ئىبارەت ھەرىكەت ئاددىي ھالدا «مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن» ياكى «ئارىلىشايلى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەستىن، بەلكى تېخىمۇ كۆپ مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

## پايپاقسىز ئاياغ كىيىدىغان بالا: مېنىڭمۇ غۇرۇرۇم بار

بالام بىر ياش تۆت ئايلىق بولغان چاغدا، مەلۇم بىر كۈندىن باشلاپ تۇيۇقسىز پۇتىنى يۇغۇزغىلى قويمايدىغان بولۇۋالغانلىقى ھېلىمۇ ئېسىمدە. مەيلى نېمە دېيلى، قانداق ئالدايلى، دىققىتىنى قانداق بۇرايلى ئۇ پۇتىنى زادىلا يۇغىلى قويمىدى. ناۋادا مەجبۇرلىساق ئۇ كاجلىق قىلاتتى، يىغلايتتى، داسنى تېپىپ ئۆرۈۋېتەتتى. پەقەت ئامال قىلالمىدۇق. كۆزىتىشىمچە، ئۇنىڭ بۇ «ھەرىكىتى» قەستەن قىلىۋاتقان ئىش ياكى كەپسىزلىك بولماستىن، بەلكى ھەقىقىي ھېسسىيات ئىدى. شۇڭا نۇرغۇن قېتىم يۇمساق بوپتۇ دېيىشكە مەجبۇر بولدۇق. ئۇنىڭ ئاشۇ مەينەت پۇتلىرى بىلەن يوتقانغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قول قوشتۇرۇپ تۇردۇق. ئۇ ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن لۆڭگە بىلەن پۇتىنى سۈرتۈپ قويدۇق، لېكىن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ چارىسى ئەمەستە. بۇ زادى قانداق ئىش؟ ئۇ زادى نېمە ئويلايدۇ؟

بۇ ئىش ھەل بولماي تۇرۇپ، بىر مەزگىلدىن كېيىن ئوغلۇم پۇتىنى يۇغىلى ئۇنىمايلا قالماستىن، يەنە پايپاق كىيىمەيمەن دەپ جېدەل قىلىدىغان بولۇۋالدى، نېمىلا دەپ يالۋۇرساق ئۇنىمىدى، بۇ

چاغدا كۆز كىرىپ قالغان بولۇپ، ئوغلۇم پايپاق كىيمەيلا ئاياغ كىيىدىغان بولۇۋالدى. باشتا قىزىقتۇرۇش، ئالداش، دىققىتىنى بۇراش قاتارلىقلارنىڭ ئازراق رولى بولدى، مەسىلەن، ئۆزى ياقتۇرىدىغان كارتون فىلىملىرىنى قويۇپ بېرىپ، ئۇ دىققەت قىلمىغان چاغدا پايپىقىنى كىيدۈرۈپ قويدۇم، لېكىن بۇ ئامالىم بىر دەملىكلا بولدى، مەن نېمىلا قىلاي ئۇ كىيگىلى ئۇنىمىدى، بەزىدە ئۇنى مەجبۇرلىسام ئۇ يىغلاپ تۇرۇۋالاتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئىچ - ئىچىدىن شۇنداق ئېچىنىشلىق يىغلايتتى.

مەن ئوغلۇمنىڭ بۇ ئىككى ئىشىنى پەقەت چۈشىنەلمىدىم.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئوغلۇم كۈندىكىدەك تالادا ئويناپ كىردى. ئۇنىڭ كىيىملىرى ۋە ئايىغىنى ئالماشتۇرۇۋاتقىنىمدا ئۇنى بۇرۇنقىدەك ئەركىلىتىپ تۇرۇپ :

«ۋاي - ۋۇي، ماۋۇ قولنىڭ مەينەتلىكىنى كۆرمەمدىغان، نېمىدېگەن پاسكىنا قول بۇ، بۇ قولۇڭ بىلەن مېنى تۇتقۇچى بولما جۇمۇ»، «بۇ كىمنىڭ پاسكىنا پۇتىدۇ، نېمىدېگەن سېسىق، پۇراپ بېقىڭلارچۇ، سېسىقلىقىغا چىدىغىلى بولمايدۇ» دېدىم - دە، بالىنىڭ پۇتىنى پۇراپ بېقىپ، ئەتەي سەسكەنگەن قىياپەتكە كىرىۋالدىم. بۇرۇن مۇشۇنداق قىلسام ئۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتەتتى، لېكىن مەن ئۇنىڭ بۇنداق ئوينىتىش - ئەركىلىتىشلەرگە بۇرۇنقىدەك ماسلاشمايدىغان، بۇرۇنقىدەك كۈلمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىغا خېلى ئۇزۇن بولۇپ قالغانلىقىنى بايقىدىم. مەن بۇ چاغدا ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىش كېرەكمۇ قانداق دېگەننى ئويلاپ قالدىم. لېكىن زادى قانداق ئۇسۇلنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى تېخى تاپالمايۋاتاتتىم، بىر كۈنى بالىنى يەنە كونا ئۇسۇلۇم بىلەن ئەركىلىتىپ ئولتۇرغىنىمدا، سىڭلىم ماڭا: «ئاچا، سەن ئۇنى سېسىق پۇرايدۇ دەۋەرسەڭ، ئۇ خاپا بولۇپ قالامدۇ قانداق؟» دېدى.

تۇۋا، كىچىك بالىلارنىڭمۇ غۇرۇرى بارلىقىنى نېمىشقا ئۇنتۇپ قالغاندىمەن؟ ئۇمۇ خىجىل بولىدۇ - دە! توغرا، يىقىندىن بۇيان مەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



«سىپسىق، سىپسىق» دەۋىرىپ ئۇنىڭ غورۇرىغا تەگكەچكە، ئۇ مەن بىلەن قارشىلىشىپ يۈتنى يۇمايدىغان، پايپاق كىيمەيدىغان بولۇپ قالدىمۇ نىمە؟ مەن ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە باشقا ئۇسۇل قوللىنىش قارارىغا كەلدىم.

چۈشتىن كېيىن ئوغلۇمنى ئويناتقىلى ئېلىپ چىقماقچى بولۇپ، كىيىم ئالماشتۇرىدىغان چاغدا ئەتەي ئۇنىڭ پۇتىنى ئۇستۇن قىلىپ: «پاھ، بالامنىڭ پۇتى نېمىدېگەن پاكىز، پۇراپ باقايچۇ» دېدىم. مەن ئۇنىڭ پۇتىنى پۇرىماقچى بولۇپ بۇرنۇمنى يېقىن قىلىشۇدىم ئۇ خالىمىغاندەك قىلىپ، ئۆزىنى قاچۇردى. لېكىن مەن ئۇنىڭ پۇتىنى پۇرىغاچ: «پاھ، بالامنىڭ پۇتى نېمىدېگەن خوش پۇراق، ھەقىقەتەن مەززىلىك پۇرايدىكەن» دېدىم، ئاندىن ئۇنىڭ پۇتىنى غىدىقلىدىم، ئۇ ئۆزىنى قاچۇرغىنىچە كۈلدى. بۇ چاغدا مەن سىڭلىمغا: «بالامنىڭ پۇتىنى پۇراپ بېقىڭچۇ، ئۇنىڭ پۇتى بۈگۈن شۇنداق پاكىز، خوش پۇراق بولۇپ كېتىپتۇ» دېدىم. سىڭلىممۇ كېلىپ ئوغلۇمنىڭ پۇتىنى پۇرىدى، ئۇ پۇتىنى قاچۇرمىدى، ئاندىن سىڭلىممۇ مەن دېگەن گەپلەرنى تەكرارلىدى. ئوغلۇم ناھايىتى خوشال بولدى، بولۇشىغا كۈلدى. شۇ ئارىدا سىڭلىم پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ پايپاق ئېلىپ كېلىپ: «پاھ، بۇ كىمنىڭ پايپىقىدۇ، بۇ پايپاق نېمىدېگەن پاكىز، نېمىدېگەن خوش پۇراق، بۇ كىمنىڭكىدۇ؟» دېگەچ پايپاقنى پۇرىدى ھەمدە «راستلا پۇراقلىقكەن» دېدى. بۇ چاغدا ئوغلۇم ھامىسىنىڭ ھەرىكىتىگە قىزىقىقان ھالدا قارىغىنىچە ئانچە قارشىلىق قىلمىدى. ناۋادا بۇرۇنقى چاغ بولسا پايپاقنى كۆرۈش بىلەنلا تېپچەكلىگىنىچە جېدەل قىلىپ تورۇۋالغان بولاتتى. لېكىن ئۇ شۇ تاپتا ھامىسىنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ جىم تۇردى ۋە ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمىدى. بۇرۇن ئۇ پايپاقنى كۆرسىلا تېپچەكلەپ پايپاقنى پۇتىغا يېقىن يولاتمايتتى، بىراق شۇ تاپتا ئۇ ھەممىمىزنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ تۇرغىنىچە كۆڭلىدە: «بۈگۈن سىلەرگە نىمە بولدى. ئادەتتە سىپسىق دەيتتىڭلارغۇ؟» دەپ ئويلاۋاتقان بولسا كېرەك. مەن پايپاقنى ئېلىپ كېلىپ: «نېمىدېگەن خوش پۇراق پايپاق بۇ، بالامنىڭ پۇتىمۇ خوش پۇراق - ھە، بالام

خۇش پۇراق پۇتىغا خۇش پۇراق پايپاق كىيدىغان بولدى، نېمىدېگەن پەيزى» دېدىم ۋە سىڭلىمغىمۇ: «بۇ سىزنىڭ پايپىقىڭىز ئەمەس، بۇ دېگەن بالامنىڭ پايپىقى، سىز كىيىمەن دەپ تالاشماڭ، بالام ئۆزى كىيىدۇ...» دېدىم. شۇنداق دەپ يۈرۈپ پايپاقنى بالامغا كىيگۈزدۈم. ئۇ ئېسىنى يىغىپ قارشىلىق قىلىمەن دەپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇراپ: «ھوي، بالام بۈگۈن تالاغا قايسى ئويۇنچۇقنى ئېلىپ چىقىدىغاندۇ؟ كىچىك ماشىنىنى ئېلىپ چىقايلى، بولامدۇ»؟ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قارشىلىق قىلىشنى ئۇنتۇپ قالدى. سىڭلىم بىلەن ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ كۈلۈشۈپ قويدۇق.

تالادا بىردەم ئوينىغاندىن كېيىن ئۆيگە يېنىپ كىردۇق. كىيىم ئالماشتۇرىدىغان چاغدا ئۇنى ماختىدۇق: «ئوغلۇم بۈگۈن پايپاق كىيىپ ئوينىغىلى چىقتى، شۇڭا پۇتى شۇنداق پاكىز، شۇنداق تاتلىق پۇراپ تۇردى، دېدىم ۋە سىڭلىمغا گېپىم راستمۇ ـ يالغانمۇ؟ كېلىپ قاراپ بېقىڭچۇ» دەپ قويدۇم، ئارقىدىن بىز ئۇنىڭ پۇتىنىڭ خۇشبۇي ھىدىنى پۇراۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋالدۇق. ئۇ پاكىز پۇتىغا قاراپ ھېچنېمە دېمىدى. كېيىن بىز بىرنەچچە كۈنگىچە شۇنداق قىلدۇق، شۇنىڭ بىلەن بالام پايپاق كىيمەيمەن، پۇتۇمنى يۇمايمەن دەپ تۇرۇۋالمايدىغان بولدى. بەزىدە ئۆزىلا: «ئاپا، پۇتۇمنى يۇيۇپ قويۇڭ، يۇيۇپ قويۇڭ» دەيدىغان بولدى.

گەرچە ئۇ بالا بولسىمۇ، خېلى كۈچلۈك غۇرۇرى بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار ناۋادا بالىلىرىدا توساتتىن بىنورمال قىلىق ـ ھەرىكەتلەر بايقىسا، ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ گەپ ـ سۆزى، يۈرۈش ـ تۇرۇشى توغرىسىدا ئويلاپ بېقىشى كېرەك.

# تۆتىنچى باب

# ئۆمۈرلۈك نەپ بېرىدىغان قابىلىيەت تەربىيەسى

## مەن كىم — مىللەتنى تونۇش تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈشتىكى هالقىلىق باسقۇچ

بىر قېتىملىق ئانىلار يىغىلىشىدا سورۇندىكى بىر نەچچە ئانا ماڭا بالىلىرىنىڭ خەنزۇچە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلىقىنى، بەزى قىلىق - هەرىكەتلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى بەكلا ئەنسىرىتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىشتى. مەسىلەن، ئۆز مىللىتىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىنى چۈشەنمەسلىك، ئۆيگە مېھمان كەلسە تەشەببۇسكارلىق بىلەن سالام بەرمەسلىك، تاماق يېگەندە قانداق يېگۈسى كەلسە شۇنداق يېيىش، بىللە ئولتۇرغان چوڭلارنى نەزەرگە ئالماسلىق؛ ئاتا - ئانىلار تەربىيە بەرسە ئاڭلىماسلىق، مېنىڭ توغرا دەپ تۇرۇۋېلىش، مىللىتىنىڭ يېزىقىنى بىلمەسلىك، مەدەنىيىتىنى چۈشەنمەسلىك، ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر كىشىلىرى تىلغا ئېلىنسا ئۇلار هەققىدە هېچنېمىنى بىلمەسلىك، دائىم كورىيەلىك، تەيۋەنلىك كىنو ئارتىسلىرىغا چوقۇنۇش قاتارلىق ئەهۋاللار ئانىلارنى بەك ئەنسىرەتكەن، ئانىلار بالىلىرىمىز ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، مىللىتىنى ئۇنتۇپ مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، كەلگۈسى مىللەتنىڭ ئىستىقبالى بولغان بۇ بالىلار مىللەتنى قانداقمۇ تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ دەپ ئەنسىرەشكەن.

ئانىلارنىڭ بۇنداق ئەنسىرىشى ئەلۋەتتە ئورۇنلۇق. بۈگۈنكى

دەۋردە مىللىتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئويلايدىغان ھەر بىر ئادەمدە ئاشۇنداق ئەندىشە بولىدۇ، چۈنكى ياش بىر ئەۋلادلارنى قانداق تەربىيەلەش ھەر بىر مىللەت، ھەر بىر دۆلەت مۇقەررەر دۇچ كېلىدىغان مۇھىم تېما.

بۇ خىل «كىملىكىنى بىلىش»، پسىخولوگىيە ساھەسىدە «ئۆزىنى تونۇش» دېيىلىدۇ، «ئۆزىنىڭ قايسى مىللەتكە تەۋەلىكىنى بىلىش»، «مىللەتنى تونۇش» دېيىلىدۇ.

«ئۆزىنى تونۇش» دېگىنىمىز ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆزىنى بىلىش، ئۆزى بىلەن باشقىلارنىڭ مىجەز - خاراكتېر جەھەتتىكى پەرقىنى بىلىشتىن ئىبارەت. ئۆزىنى تونۇتۇش ئىشىنى بالا تۇغۇلۇش بىلەنلا باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئۈچ ياشتىن ئىلگىرىكى بالىلار «ئۆزىنى تونۇش» ئىشىنى ئاساسەن تاماملىشى كېرەك. مەسىلەن، بالا ئاتا - ئانىسىنىڭ ئېغىزىدىن ئىسمىنىڭ نېمىلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئوغۇل بالا ياكى قىز بالىلىقىنى، ئەقلىلىك ياكى ئوماق ئىكەنلىكى قاتارلىقلارنى بىلەلىشى، شۇنداقلا ئاتا - ئانىنىڭ نەزىرىدىكى ئۆزىنى تەدرىجىي قوبۇل قىلىشى، ئاتا - ئانىسىنىڭ نەزىرىدىكىدەك ئادەم بولۇپ چىقىشقا تىرىشىشى قاتارلىقلار.

«مىللەتنى تونۇش» دېگىنىمىز ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ مۇئەييەن بىر مىللەتنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىنى، مىللەتكە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش ھەم ئۆز ئورنىنى تېپىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. پسىخولوگلارنىڭ قارىشىچە، بىر بالىنىڭ مىللەتنى تونۇش ھېسسىياتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە شەكىللىنىشى تۆۋەندىكى ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتىدۇ:

پەرقلەندۈرەلمەسلىك باسقۇچى: بالا تۇغۇلۇپ ئىككى يىلغىچە مىللەتلەرنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ. پسىخولوگىيە ئالىملىرىنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسلانغاندا، ئىككى ياشتىن تۆۋەن بالىلارغا ئۆز مىللىتى ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ رەسىمىنى كۆرسەتسە، بالىلار بۇ چىرايلارغا ئومۇمەن ئوخشاش نەزەر بىلەن سەپسالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىرقنى ھېس قىلىش باسقۇچى: بۇ باسقۇچ ئۈچ ياشلاردىن باشلىنىدۇ. بالىلار ھەر خىل ئىرقتا ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان ئادەملەرنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى ھازىرلاشقا باشلايدۇ. تۆت ياشلاردىكى بالىلار مىللىتىنىڭ تاشقى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن مىللەتلەرنى پەرقلەندۈرەلەيدۇ ۋە تۈرگە ئايرىيالايدۇ. مەسىلەن، ئۆز مىللىتىنىڭ چىراي - تۇرقى، كىيىم - كېچەكلىرى قاتارلىقلارنى پەرقلەندۈرەلەيدۇ.

مىللەتنى پەرق ئېتىش باسقۇچى: ئالتە ياشلاردىكى بالىلار ئۆزىنىڭ، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ قايسى مىللەتكە تەۋەلىكىنى چۈشىنەلەيدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ ياشتىكى بالىلار ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر كوللېكتىپنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىنى مۇلاھىزە قىلالايدۇ ۋە ئويلىيالايدۇ ھەمدە ئۇنىڭدا «بىز» دېگەن ئۇقۇم شەكىللىنىشكە باشلايدۇ. شۇڭا پسىخولوگىيە ئالىملىرى بىر بالىنى مىللەتنى تونۇش ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈشتىكى ھالقىلىق باسقۇچ تۆت ياشتىن يەتتە ياشقىچە دەپ قارايدۇ. بۇ باسقۇچتا بالىلارغا ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تەربىيەسىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئۈنۈمى ئىنتايىن ياخشى بولىدۇ. بۇ باسقۇچتا ئەگەر ئاتا - ئانا تەربىيەسى مۇۋاپىق بولسا بالىلاردا مىللەتنى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭغا قىزىقىش شەكىللىنىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ مىللىي خاراكتېرىگە نىسبەتەن مۇقىم چۈشەنچە پەيدا بولىدۇ، ئادەمنىڭ «مىللەتنى»نىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى، تاشقى قىياپەت، يۈرۈش - تۇرۇش ۋە ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مىللەتكە بولغان تونۇش بالىلارنىڭ بىلىش سىستېمىسىدا مۇقىم ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئالدىدا مەن تىلغا ئالغان ئانىلارنى ئەنسىرەتكەن بالىلارنىڭ مەسىلىسى ئەمەلىيەتتە بىر بالىدا «مىللەتنى تونۇش» ئېڭىنى قانداق شەكىللەندۈرۈش مەسىلىسىدىن ئىبارەت.

ئاتا - ئانىلارغا نۇرغۇن نەزەرىيەۋى بىلىملەرنى سۆزلىگەندىن كۆرە، بالىلىرىمىزغا مىللىتىمىزنىڭ ئۆرپ - ئادەت، قائىدە -

يۇسۇنلىرىنى بىلدۈرەيلى، مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنى بىلدۈرەيلى دېگىنىم تۈزۈك دەپ قارايمەن. بۇلارنىڭ بالىلارنىڭ قايسى خىل تىلدا ئوقۇشى، قانداق مەدەنىيەت بىلەن ئۇچرىشىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى يوق، لېكىن بالىلاردا مىللەتنى تونۇش ھېسسىياتىنى پەيدا قىلىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بالىلارغا كىچىكىدىن باشلاپلا ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، قايسى مىللەتكە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۆز مىللىتىگە قارىتا مۇئەييەن تونۇش ھاسىل قىلىش — بالىلاردا مىللەتنى بىلىش تۇيغۇسى ھاسىل قىلىشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئائىلە تەربىيەسى جەريانىدا ئىشقا ئاشىدۇ، بۇ تەربىيەنى ئاساسلىقى ئاتا ـ ئانىلار بېرىدۇ. ئەگەر ئاتا ـ ئانىلار بۇ تەربىيە مەزمۇنىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلسە، ئۇچ ياشتىن يەتتە ياشقىچە بولغان ۋاقىت بالىلارنىڭ يۇرۇش ـ تۇرۇش ئادەتلىرى يېتىلىدىغان، مىللىتىگە بولغان تونۇشى شەكىللىنىدىغان ھالقىلىق مەزگىلدە ئۇلارنى ياخشى يېتەكلىسە ۋە تەربىيەلىسە، بالىلارنىڭ يېتىلىش جەريانىدىكى يامان ئامىللارنىڭ تەسىرىدىن ئۇنۇملۇك ساقلانغىلى بولىدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، ياخشى ئائىلە تەربىيەسى مۇھىم ھالقىدۇر.

ھازىر بالىلىرىمىز كۆپ مەنبەلەشكەن جەمئىيەتتە ياشاۋاتىدۇ. ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش ئىنتايىن قولايلىق ۋە راۋان بولۇپ، چەكلەش ۋە قامال قىلىش ئارقىلىق كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ياخشى بولغان مىللەت تونۇشىنى يېتىشتۇرۇشكە ئامالسىزمىز. شۇڭا ھەر بىر ئاتا ـ ئانا تۆت ياشتىن يەتتە ياشقىچە بولغان بۇ ھالقىلىق باسقۇچتا بالىلارغا ئۆز مىللىتىنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيەت تەربىيەسىنى ئېلىپ بېرىشى ئىنتايىن زۆرۈر ۋە تەخىرسىزدۇر.

مەن بالىلاردا ئانىلارنى ئەنسىرىتىدىغان مەسىلىلەرنىڭ كۆرۈلمەسلىكى ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلارغا تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلىش تەكلىپىنى بېرىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## تۆت ياشتىن يەتتە ياشقىچە بولغان باسقۇچ بالىلارغا مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى قائىدە ـ يوسۇنلىرى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش باسقۇچى

بالىلار ئىككى ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن پسىخىكا جەھەتتىكى تەرەققىياتى ئىستىخىيەلىك ھالدا بىر قىسىم قائىدىلەرنى قوبۇل قىلىش باسقۇچىغا كىرىدۇ، بولۇپمۇ بۇ باسقۇچتىكى بالىلار قائىدىلەرنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ. تۆت ياشقا بارغاندا ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇن قاتارلىقلارنى ئۆگىنىش جەھەتتە بەلگىلىك قىزىقىشقا ئىگە بولىدۇ ۋە ئۇلارغا ئەمەل قىلىشنى خالايدۇ. بۇ باسقۇچتا ئاتا ـ ئانىلار مىللىي تۇرمۇش، ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلارنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق بالىلارنى نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىقنى يېتەكلىشى لازىم. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار ئەگەر بالىلىرىنىڭ بىلىملىك، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، قائىدە ـ يوسۇنلۇق بولۇپ چوڭ بولۇشىنى ئويلىسا، كىچىكىدىن باشلاپلا يېتەكلىشى كېرەك، سىز بالىلار ئۆرپ ـ ئادەتنى بىلمەيدۇ، ئۇنى ئۆگىنىشى كېرەك دەپ ئويلىغىنىڭىزدا كېچىكىپ قالغان بولىسىز.



## 4 ـ 7 ياشقىچە بولغان مەزگىل بالىلارغا مىللەتنىڭ تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىتىش باسقۇچى

مەشھۇر سوۋېت يازغۇچىسى پائۇستوۋسكىي: «ئانا تىلىنى سۆيمىگەن بىر ئادەمنىڭ ۋەتىنىنى سۆيۈشى مۇمكىن ئەمەس» دېگەنىدى. ئوخشاشلا بىر بالا مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى چۈشەنمىسە، مىللىتىنى قانداقمۇ سۆيسۇن؟ بۇ باسقۇچتا بالىلار خەت تونۇش جەھەتتە سەزگۈر مەزگىلگە قەدەم قويغان بولۇپ، ئۇلاردا يېزىق ۋە تىلغا نىسبەتەن قىزىقىش پەيدا بولىدۇ. شۇڭا ئاتا ـ

ئانىلار ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبە جەدۋىلىنى ياكى رەسىم بىلەن يېزىق بىرلەشتۈرۈلگەن ئۇيغۇرچە رەسىملىك كىتابلارنى سېتىۋېلىپ، بالىلارنى ئۇلار بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، بالىلارغا مىللىتىنىڭ يېزىقىنى تونۇتۇشى ۋە ئانا تىلىدىكى بالىلار ناخشا - قوشاقلىرىنى ئۆگىتىشى ئارقىلىق ئانا تىلىنىڭ جەلپكارلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئۇلاردا مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى قوزغاش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۆت ياشتىن يەتتە ياشقىچە بولغان بالىلارغا مىللىتىنىڭ ئەپسانە، چۆچەكلىرىنى، داڭلىق شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى كۆپلەپ سۆزلەپ بېرىشى كېرەك.

مىللىتىمىزنىڭ ئەپسانىلىرى، داڭلىق شەخسلەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەر نەچچە يۈز يىللار داۋامىدا تەرەققىي قىلىپ ۋە كىشىلەرنىڭ ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، قۇلاقتىن - قۇلاققا ئاڭلىنىپ ئاللىقاچان مىللىتىمىزنىڭ جەۋھىرى بولۇپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ خىل ھېكايىلەر ۋە رىۋايەتلەر بالىلارنىڭ كۆڭلىدىكى قىزىقىشنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاتا - ئانىلار بۇنداق ھېكايىلەردىن كۆپلەپ پايدىلىنىشى كېرەك.

مەسىلەن، بالىلارغا ئۇيغۇر شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىقلار توغرىسىدىكى ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ بەرسەك بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بالىلارغا چىن تۆمۈر باتۇر، نەسىردىن ئەپەندى، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان، مەھمۇد كاشغەرىي، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر نەۋائى قاتارلىق تارىخىي شەخسلەر ھەققىدىكى ھېكايە - رىۋايەتلەرنىمۇ سۆزلەپ بېرىشىمىز كېرەك. مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدىكى ھېكايە - رىۋايەتلەر بالىلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدۇ، بالىلار بۇ خىل ھېكايە - رىۋايەتلەر ئارقىلىق مىللىتىنىڭ تارىخىنى چۈشىنەلەيدۇ. مىللىتىنىڭ بايرام - ھېيتلىرىنى، ئۆزگىچە كىيىم - كېچەكلىرىنى، بالىلار ناخشا - قوشاقلىرى ۋە ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلىرى قاتارلىقلاردىن

خەۋەردار بولىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ سېھرى كۈچىنى ھېس قىلىدۇ، مۇھىمى مىللىتىگە بولغان چوڭقۇر مېھرى مۇھەببەت پەيدا بولىدۇ.

«مىللەتكە بولغان مېھىر ـ مۇھەببەت، ئۆزىگە ئىشىنىشنىڭ مەنبەسى» دەيدىغان ھېكمەت بار. مىللىتىنى سۆيۈش، مىللىتىنى چۈشىنىشكە ئېھتىياجلىق. بىز مىللىتىمىزنى چۈشەنگەندىلا ئۆزىمىزنى مىللىتىمىزنىڭ بىر ئەزاسى دېيەلەيمىز، شۇنداقلا مىللىتىمىز ئۈچۈن تىرىشىمىز. باللاردا مىللىتىنى تونۇش ئېڭى ھازىرلىغاندىلا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى تولۇپ تېشىپلا قالماي تېخىمۇ مۇھىمى ئۇلاردا مىللەتنى، دۆلەتنى سۆيۈش قىزغىنلىقى پەيدا قىلالايمىز، ئۇلارنى ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تىرىشىدىغان، مىللەتكە، دۆلەتكە قىممىتى بار ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقالايمىز.



## كەيپىياتنى باشقۇرۇش ئىقتىدارى ــ باللارنى كەيپىياتىنى كونترول قىلىشنىڭ غوجايىنى قىلىش

تۆۋەندىكى ئەھۋال ئېھتىمال ئاتا ـ ئانىلارغا تونۇش بولسا كېرەك:

ئىككى ياشلىق سۇبات ئىنتايىن ئوماق، كۆپچىلىك ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئامراق. ئەمما يېقىندىن بېرى ئۇ تېرىككەك بولۇپ قالغاچقا ئانىسى غەم قىلىدۇ. ناۋادا بىرەر ئىش ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياقمىسا، ۋارقىراپ ـ جارقىراپ جاھاننى بېشىغا كىيىدۇ. ئاپىسى گەپ قىلسا ئاپىسىغا تۈكۈرىدۇ. ئاپىسى ئۇنىڭغا تېخىمۇ چىڭراق تەگسە، ھۆكىرەپ يىغلاپ بىشەملىك قىلىدۇ.

تۆت يېرىم ياشلىق ئەنقەرنىڭ ئامراق ئويۇنچۇقى ئۇۋتىمەن يىتۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يىغلاپ جېدەل قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ، ئاپىسى يىغلىما دەپ ھەر قانچە يالۇۋۇرسىمۇ كار

قىلمايدۇ. ئۇ ئىككى كۈن باتناپ تۇرۇۋالىدۇ، باشقا ئويۇنچۇقلىرىغا قاراپمۇ قويمايدۇ. ئانىسى نېمە قىلىشنى بىلمەي قالىدۇ.

ئىككى ۋە تۆت ياشتىكى بالىلارنىڭ مىجەز - كەيپىيات تەرەققىياتى جەھەتتىكى مەزمۇن ئوخشىمايدۇ، يەنى ئىككى ياشلىق سۇبات قېرىشىدىغان، غەلۋە قىلىدىغان باسقۇچتا تۇرۇۋاتقاچقا، ئانىسى ئۇ قىلمەن دېگەن ئىشنى قىلغىلى قويمىسا ئۆزى بىلىدىغان ئۇسۇللار بىلەن جېدەل قىلىدۇ، يىغلاپ ئانىسىنى قورقۇتىدۇ، ئۇ باشقا بالىلاردىن تۇكۇرۇشنى ئۆگىنىۋالغان، خەققە تۇكۇرۇش ئۇنىڭغا قىزىق ئىش بىلىنىدۇ، شۇڭا ئۇ ئاتا - ئانىسىغا تۇكۇرىدۇ. ئاپىسى توسسا، يىغلاش ئارقىلىق قارشىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ھالبۇكى، تۆت ياشلىق بالىلارنىڭ مىجەز - كەيپىيات تەرەققىياتى ئىككى ياشلىق بالىلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ مىجەزى تەدرىجىي ئۆزگىرىش باسقۇچىدا تۇرغان بولىدۇ، ئۇلاردا يىغلاش ۋە خۇشال بولۇشتىن باشقا غەزەپلىنىش، ئۈمىدسىزلىنىش، كۆڭلى يېرىم بولۇش دېگەندەك مىجەز - كەيپىيات ھالەتلىرى شەكىللەنگەن بولىدۇ. شۇڭا ئاتا - ئانىلار بۇ خىل ياشتىكى بالىلارنىڭ مىجەز - خۇلقىنى چۈشىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەشتىن باشقا يەنە ھۆرمەتلەش ۋە يېتەكلەش پوزىتسىيەسىدە بولۇشى لازىم.

«كەيپىيات» پىسخولوگىيەدىكى مۇھىم بىر ئاتالغۇ، پىسخىك ساغلاملىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، كەيپىياتنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى، ئىنسانىي پەزىلەت قۇرۇلمىسىدىكى ئەڭ مۇھىم تەڭشەش ئىقتىدارى، شۇنداقلا پىسخىكا جەھەتتىن پىشىپ يېتىلىشنىڭ مۇھىم بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. بىز ئادەمنىڭ پىسخىك كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى «كەيپىياتنى باشقۇرۇش» دەپمۇ ئاتايمىز. كەيپىياتنى كونترول قىلالايدىغان بىر ئادەم ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھاياتىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان بولىدۇ. پىسخىك تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بالا ئىككى

ياشقا كىرگەندىن كېيىنكى مەزگىل كەيپىياتىنى باشقۇرۇ ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى مەزگىلى ھېسابلىنى تەربىيەلەش قانچىكى كىچىك باشلانسا، بالا ئۆز مىجەز كەيپىياتىنى شۇنچە ياخشى كونترول قىلىپ، مىجەز - كەيپىياتىن غوجايىنى بولالايدۇ. بۇ خىل ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈش بالىلار ھەمراھ بولۇش، كەيپىياتنى پەرق ئېتىش، مىجەز - كەيپىيات يېتەكلەش، شۇنداقلا مىجەز كەيپىياتنى بىر تەرەپ قىلىشتى ئىبارەت تۆت ھالقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 1. كەيپىياتقا ھەمراھ بولۇش

بالىنىڭ كەيپىياتى ياخشى بولمىغاندا ئانا قولىدىكى ئىشلارنى قويۇپ، بالىسىنىڭ گەپلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىشى، ئۇنىڭ ھەمراھ بولۇشى، ئالدىراپ - تېنەپ ئۇنى بەزلەش، قورقۇتۇش ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىش ئارقىلىق ئۇنى يىغىدىن مەجبۇرى توختاتماسلىقى لازىم.

ئاتا - ئانىلار بالىلار يىغلىمىسىلا ئاۋارىچىلىك بولمايدۇ دە قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بالىلار يىغىدىن توختىغاندەك قىلغان بىل تەپسىلىي سەپسېلىپ باقساق، بالىلارنىڭ يىغىدىن ئانىسىنى «قورقۇتۇشى» بىلەن توختاپ قالغانلىقىنى، يەنى ئېچىلالمايۋاتقانلىقىنى، كۆرۈكى تۇتۇپ قالغانلىقىنى، كېيى ھېچقانداق ئىشقا ھەمكارلىشىش پوزىتسىيەسى بولمايۋاتقانلىقىنى، نەتىجىدە يەنىلا ئاتا - ئانىسىنى بىئارا قىلىدىغانلىقىنى بايقايمىز.

شۇڭا بالىلار يىغلاپ جېدەل قىلىشقا باشلىغاندا، ئاتا - ئانىلا بالىلارنىڭ بىخەتەر ئىكەنلىكىنى، بىرەر زىيان - زەخمەتك ئۇچرىمىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، ئەڭ ياخشى قولىدىكى ئىشنى توختىتىپ، بالىغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇلارنى تېرىكتۈرمەستىن، بالىسىغا سەۋرچان بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈ قويۇشى كېرەك. چۈنكى، يىغلاش ئىچىنى بوشىتىۋېلىش ۋ

كەيپىياتنى ياخشىلاش رولىغا ئىگە، بۇ جەھەتتە بالىلارمۇ چوڭلارغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بالىلارمۇ بىر پەس قاتتىق يىغلىۋالغاندىن كېيىن خېلىلا يەڭگىللەپ قالىدۇ؛ ئۇندىن باشقا، سىزنىڭ بالىغا ھەمراھ بولۇپ تۇرغانلىقىڭىز بالىدا مەيلى نېمىلا بولسۇن ئاتا - ئانام مېنى يالغۇز تاشلاپ قويمايدۇ، مېنى يامان كۆرمەيدۇ دېگەن قاراشنى پەيدا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بالىدىكى بىئاراملىق ۋە ئىچى پۇشۇش ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسىغا ئايلىنىدۇ - دە، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى كۈچىيىدۇ. مانا بۇلار بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئاياش - ئايىماسلىقىنىڭ، قەدىرلەش - قەدىرلىمەسلىكىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ھېسابلىنىدۇ.

## 2. بالىلارغا كەيپىياتنى پەرق ئېتىشنى ئۆگىتىش

كەيپىياتنىڭ توغرا - خاتاسى بولمايدۇ، ھەممە ئادەمدە كەيپىيات بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرىشى مۇھىم ئىقتىدار ھېسابلىنىدۇ. بالىلارغا كەيپىياتنى پەرق ئەتكۈزۈش ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىغا ئۆگىتىدىغان مۇھىم مەزمۇندۇر. بۇنىڭ ئىچىدە بالىلارنىڭ كىچىكىدىن باشلاپ ھەر خىل كەيپىياتنى بىلىش، ئۆزىنىڭ كەيپىياتىغا ئاساسەن ئۆز ھېسسىياتىنى ئىپادىلىيەلىشى مۇھىم بىر قەدەم ھېسابلىنىدۇ.

مەسىلەن، يۇقىرىدىكى مىسالنى تىلغا ئالساق: ئاپىسى سۇباتقا «ماروژنى يېگىلى قويمىغانلىقىمغا قاتتىق خاپا بولدۇڭ، شۇنداقمۇ»؟ دېسە بولىدۇ، ئەنقەرگە «مەن ئامراق ئويۇنچۇقۇڭنىڭ يىتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدىم، كۆڭلۈڭ بەك يېرىم بولدى، شۇنداقمۇ»؟ دېسە بولىدۇ.

بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت بالىلارغا بىرەر ئىشقا مەلۇم كەيپىياتتا بولۇشنىڭ نورمال ئىكەنلىكىنى، ھەرقانداق ئادەمنىڭ كەيپىياتى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاتا - ئانىلارنىڭ يېتەكلىشى ئارقىسىدا بالىلارغا ئۆز كەيپىياتىنى تۈرگە ئايرىشنى ئۆگىتىپ، «ھە، ئەسلىي بۇ خىل

تۇيغۇ ئاچچىقى كېلىش» ئىكەن ــ دە، «ئەسلىي كۆڭلۈمنىڭ بىئارام بولغانلىقى كۆڭلۈم يېرىم بولغانلىقتىن ئىكەن ــ دە» دېگەننى ھېس قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. مۇشۇنداق بولغاندا ئاندىن ئۇلار بۇندىن كېيىن ئۆزىدىكى مۇشۇنداق پسىخىك ھالەتنى ئىپادىلىگەن چاغدا كەيپىياتىنى قانداق قىلغاندا توغرا ئىپادىلەيدىغانلىقىنى بىلىۋالىدۇ. ئادەتتە ئاتا ــ ئانىلارمۇ باللىرىغا بولغان كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ تۇرۇشى ياكى باللارغا ھېكايىلەردىكى، كارتون فىلىملەردىكى شەخسلەرنىڭ كەيپىياتىنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا باللار ھەر خىل كەيپىياتقا نىسبەتەن ئاددىي چۈشەنچىگە ئىگە بولىدۇ.

## 3. باللارنىڭ كەيپىياتىنى يېتەكلەش

باللار بىرەر ئىشقا نارازى بولۇپ، قاملاشمىغان قىلىقلارنى قىلغاندا، ئاتا ــ ئانىلار بۇ خىل ئەھۋالدىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا «قوبۇل قىلغىلى بولىدىغان ھەرىكەت» ۋە «قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ھەرىكەت» نى بىلدۈرۈشى كېرەك. باللارغا كەيپىياتىنىڭ توغرا ــ خاتاسى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشىمىز كېرەك. خاتا دېگىنىمىز ھەرىكىتىمىزنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ.

ئالايلۇق، سۇبات بىردەم يىغلاپ بىرئاز بېسىلغاندا ئاپىسى ئۇنىڭغا «ساڭا ماروژنى ئېلىپ بەرمىسەم خاپا بولدۇڭ، مەن بۇنى بىلىمەن، ئەمما سېنىڭ ماڭا تۈكۈرۈشۈڭ توغرا ئەمەس. مەن سېنىڭ بۇ قىلىقىڭنى ياقتۇرمايمەن» دېسە بولىدۇ.

ئەنقەرنىڭ ئاپىسىمۇ ئەنقەرگە: «ئويۇنچۇقۇڭ يىتۈپ كەتكەنلىكىگە كۆڭلۈڭ يېرىم بولدى، مەن سېنى ئوبدان چۈشىنىمەن، بىراق سېنىڭ نەرسىلەرنى ئېتىپ چېقىشىڭ توغرا بولمىدى، بۇنداق ئېتىۋەرسەڭ، ساق ئويۇنچۇقلارمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنچۇقلىرىڭ تېخىمۇ

ئازلاپ كەتمەمدۇ» دېسە بولىدۇ.

مۇشۇنداق گەپ - سۆزلەر بالىلارغا ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر ھەرىكىتىنىڭ توغرا بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى، يىغلاش ئارقىلىق دەردىنى تۆكۈشىنىڭ بىردىنبىر چارە ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**4. بالىلارنىڭ كەيپىياتىنى بىر تەرەپ قىلىشىغا ياردەم بېرىش (بۇ باسقۇچ ئۈچ ياشتىن يۇقىرى بالىلارغا ماس كېلىدۇ)**

بۇ باسقۇچنىڭ مەقسىتى بالىلاردا ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كۆز قارىشىنى يېتىلدۈرۈش، ئاتا - ئانىلار ئۇلارنىڭ تاللىشىغا ياردەم بېرىپ، بالىلارنى مەسىلىلەرنى ئۆزى ھەل قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ يەردە ئائىلە باشلىقى ئۆزى ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان ئىشلاردىن باشقىلىرىغا ئىمكانقەدەر بالىلارنى قاتناشتۇرۇپ ھەل قىلىشى كېرەك دېگەن بىر پىرىنسىپ بار.

ئالايلۇق، ئەنقەرنىڭ ئانىسى: «سەن ئامراق ئويۇنچۇقلار يىتۇپ كەتتى، سەن قانداق قىلماقچى ؟ مەن ساڭا قانداق ياردەم بېرەي؟ مەن ساڭا قانداق ياردەم قىلسام خۇش بولىسەن»؟ دېسە بولىدۇ.

بۇ تۆت باسقۇچ بالىلارنىڭ كەيپىياتىنى كونترول قىلىشىنىڭ مۇكەممەل مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈش جەريانىدا، ئاتا - ئانىلار تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىلارغا دىققەت قىلىشى كېرەك:

بىرىنچىدىن، بالىلارنىڭ مىجەز - كەيپىياتى يامانلاشقاندا چوقۇم بالىلارنىڭ ئۆزىگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزىدىغان ھەرىكەتلىرىنى توسۇش كېرەك. مەسىلەن، تامغا ئۇسۇش، ئۆزىنى مورلاش قاتارلىقلار. بالىلارغا بۇنداق قىلماسلىق توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ، ئاندىن كېيىن جىددىي كەيپىيات ئۆتۈپ كەتكۈچە جىممىدە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن قالغان باسقۇچلارنى تاماملاش لازىم. ھەرگىز بىر - ئىككى قېتىمدا بالىلار ئۆز كەيپىياتىنى ئىگىلىيەلەيدۇ ياكى كونترول قىلالايدۇ دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قارىماسلىقىمىز، ئاتا ـ ئانىلار سەۋرچان بولساقلا، بالىلار چوڭ بولغانسېرى ئۆز مىجەز ـ كەيپىياتىنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت ياخشى ئادەتنى تەبىئىي هالدا يېتىلدۈرەلەيدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى ياخشى كونترول قىلىشى لازىم. نۇرغۇن ئاتا ـ ئانا ماڭا: «هەر قېتىم بالىلىرىمىزنى تىللاپ ياكى ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىمىزنى ئەيىبلەيمىز ياكى پۇشايمان قىلىمىز» دېيىشىدۇ. نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولىدۇ؟ چۈنكى بالىلار يىغلاپ جېدەل قىلغاندا ياكى ئاچچىقلانغاندا، ناۋادا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مىجەز ـ كەيپىياتى ئانچە ياخشى بولمىسا، بالىلارنىڭ ناچار كەيپىياتى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كەيپىياتىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بالىلىرىنىڭ قىلىقلىرى كۆزىگە سىغمايدۇ، نەتىجىدە بالىلىرىنى ئۇرۇپ ـ تىللايدىغان ياكى ئەيىبلەيدىغان ئەھۋال سادىر بولىدۇ. ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن بالىلىرىنىڭ خاتالىقىنىڭ ئادەتتىكى بىر خاتالىق ئىكەنلىكىنى هېس قىلىدۇ. ئۇنداقتا ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى قانداق كونترول قىلىشى كېرەك؟ تۆت ياشتىن ئاشقان بالىلارغا «مەن ياكى ئاناڭ هازىر ساڭا ياردەم قىلالمايدۇ. كەيپىياتىم جايىغا چۈشكەندىن كېيىن ئاندىن ياردەم بېرەي» دېگەندىن كېيىن، ئىش يۈز بەرگەن يەردىن كېتىپ، كەيپىياتى سەل پەسكارىغا چۈشكەندە ئاندىن قايتىپ كەلسە بولىدۇ. نىسبەتەن كىچىك بالىلار بولسا ئۆيدىكى بىرەيلەننى بالىغا قارىتىپ قويۇپ، ئۆزى بىرەر جاينى تېپىپ ئاچچىقى بېسىلغاندىن كېيىن قايتىپ كەلسە بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا، بالىلار ئاتا ـ ئانىسىدىن كەيپىياتىنى جايىدا كونترول قىلىشنى ئۆگىنىۋالالايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، خاپا بولۇپ تۇرغان بالىغا «قائىدە» سۆزلىمەسلىك لازىم، بىر ئادەمنىڭ كەيپىياتى تۇتۇپ ئۆزىنى بېسىۋالالمايۋاتقان چاغدا، بىز قائىدە سۆزلەشنىڭ ۋە ئەيىبلەشنىڭ كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىشىمىز لازىم، بولۇپمۇ ئاتا ـ ئانا بالىلىرىغا ئۆزىنىڭ توغرا، ئۇلارنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىمەن دەپ

تۇرغان چاغدا، بالىنىڭ قۇلىقىغا گەپ كىرمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە بالا «مەن مەيلى ئازابلىناي ياكى ئاچچىقىم كېلىپ قانداق ھالغا چۈشۈپ قالاي، مېنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىمنى نەزەرگە ئالىدىغان ئادەم يوقكەن،» دېگەن ئويغا كېلىپ قالىدۇ، شۇڭا ئاتا ـ ئانا مەسىلىنى ھەقىقىي، ئۈنۈملۈك ھەل قىلماقچى بولسا، كەيپىياتىنى مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن بىر تەرەپ قىلىشى، يەنى ئاۋۋال بالىغا ھەمراھ بولۇشى، بالىنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىشى، بالىنىڭ كەيپىياتى تىنچلانغاندىن كېيىن بالىغا ماس كېلىدىغان ئۇسۇل بىلەن ئۇنى يېتەكلىشى ۋە مەسىلىنى ھەل قىلىشى لازىم.

## ئالماشتۇرۇش ئىقتىدارى ـــ قانداق قىلغاندا بالا گەپ ئاڭلايدىغان بولىدۇ

بالام تۆت ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن ئۆزۈمنى ئىنچىكە ياخشى ئانا ھەم بالا تەربىيەلەشتىكى مۇتەخەسسىس دەپ قارىغانىدىم، كېيىن بالىلىرىمنىڭ تەدرىجىي چوڭ بولۇشىغا ئەگىشىپ، بالىلىرىم بىلەن بىرگە تۇرغان ۋاقىتتا ئاندىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، ياخشى ئاتا ـ ئانا بولۇشنى قايتىدىن باشلىدىم، مۇنداق دىيالوگلارنى ئاتا ـ ئانىلار ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن:

بىرىنچى دىيالوگ:
ئانىسى: ئەنقەر، ئۇخلايدىغان ۋاقىت بولدى.
ئەنقەر: ئۇيقۇم كەلمىدى، يەنە ئوينايمەن.
ئانىسى: ياق، كەچ بولۇپ كەتتى.
ئەنقەر : ئۇخلىمايمەن.
ئانىسى: تېز بول، جىق گەپ قىلما!
ئەنقەر : (يىغلاپ جېدەل قىلىدۇ...)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىككىنچى دىيالوگ:

غەيرەت: مەن سىڭلىمغا ئۆچ !

ئانىسى: نېمىشقا بۇنداق دەيسەن؟

غەيرەت: مەن ئۇنىڭغا ئۆچ شۇ!

ئانىسى: سىڭلىڭنى ئۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ، بىغەرەز!

غەيرەت: مەن شۇنداق دەيمەن تازا ! (بالا باتناپ چىقىپ كېتىدۇ).

چوڭ بولۇۋاتقان بالىلار بىلەن قانداق پاراڭلىشىش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋاتقان مەسىلە. ئاتا ـ ئانا قانداق گەپ قىلسا بالىلىرى ئاندىن ئاڭلايدۇ؟ هازىر نۇرغۇن ئانا بالىلىرىغا «قائىدە سۆزلەش» نى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئەمەلىيەتتە بالىلىرى ئاڭلاشنى خالىمايدىغان، ئاڭلىسىمۇ چۈشەنمەيدىغان بىر تاغار قائىدىلەرنى سۆزلەيدۇ، ئاخىردا ئۇلارنىڭ ئۆزى چارچاپ كېتىدۇ ۋە بالىلىرىمۇ يىغلاپ جېدەل قىلىشىدۇ.

مەسىلەن، تۆت ياشلىق ئەنقەر ناشتا قىلغاندا:

ئەنقەر: ئانا مەن پىرەنىك يەيمەن.

ئانىسى: قوزام، هازىر ئۆيدە يوق، ئەتىسىن چۈشكەندە ئېلىپ بېرەي، بولامدۇ؟

ئەنقەر: مەن پىرەنىك يەيمەن... پىرەنىك يەيمەن. . .

ئانىسى: ئوماق قوزام، گەپ ئاڭلىغىن، ئۆيدە راستلا يوق، بولمىسا توقاچ يېگىن.

ئەنقەر: ياق مەن پىرەنىك يەيمەن.

ئانىسى: (ئاچچىقلانغان هالدا) مەن ساڭا ئۆيدە يوق دېدىمغۇ، نېمىشقا گەپ ئاڭلىمايسەن!

ئەنقەر: (قاتتىق يىغلايدۇ) هەئە...

ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئىشلار دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، بالا بىزدە يوق بىر خىل نەرسىنى غەلىۋە قىلىپ تۇرۇۋالغاندا، ئاتا ـ ئانا هەمىشە بالىلىرىغا نېمە ئۈچۈن يوق، نېمىشقا سېتىۋېلىشقا

بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، ئەمما ئاتا ـ ئانا سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرگەنسېرى باللار ئاڭلىمايدۇ، ئۇنداقتا بىز باشقا بىر خىل ئۇسۇلنى سىناپ باقساقچۇ: بالىنىڭ مەلۇم نەرسە چوقۇم لازىم دېگەن چاغدىكى كەيپىياتىنى چۈشىنىپ باقايلى، نەتىجىسى قانداق بولىدۇ؟ بىز يۇقىرىقى دىيالوگنى باشقا بىر ئۇسۇلدا سۆزلەپ باقايلى:

ئەنقەر: ئانا پىرەنىك يەيمەن.

ئانىسى: مەن ئۆيىمىزدە راستلا پىرەنىك بولسىكەن دەيمەن.

ئەنقەر: مەن چوقۇم يەيمەن!

ئانىسى: هە... سېنىڭ بەك يېگۈڭ باركەن ـ هە.

ئەنقەر: ئانا مېنىڭ هازىرلا يېگۈم بار!

ئانىسى: هە... قوزام، بولمىسا هازىرلا ساڭا بىر قاپ پىرەنىك ئېلىپ بەرگۈم بار.

ئەنقەر: ئەمىسە مەن باشتا توقاچ يەپ تۇراي، سىز بۈگۈن ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ماڭا بىر قاپ پىرەنىك ئالغاچ كېلىڭ.

ئانىسى: بولىدۇ! شۇنداق قىلاي.

بىز كۆپ چاغلاردا بالا كىچىك، ئىش ئۇقمايدۇ، بىزنىڭ ئۆگىتىشىمىزگە، يېتەكلىشىمىزگە موهتاج، ئۇلار چوقۇم پىكرىمىزنى ئاڭلىشى كېرەك، بىزنىڭ دېگىنىمىز بويىچە ئىش قىلىشى لازىم، مۇشۇنداق قىلغاندىلا تېخىمۇ ياخشى چوڭ بولىدۇ، دەپ ئويلايمىز، ئەمما بالىنىڭمۇ ئادەم ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭ كۆز قارىشى ھەم ھېسسىياتىغا سەل قارايمىز. ئەگەر بىز ئۇلار بىلەن پاراڭلاشقاندا، ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىغا هۆرمەت قىلساق، بەزى ئۇسۇللارغا ئەهمىيەت بەرسەك، باللار ئاندىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ توغرا پىكىرلىرى ئاساسىدا ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. بىز بۇ يەردە بەزىبىر تەجرىبە ۋە ئۇسۇللارنى يەكۈنلىدۇق ۋە ئۇنى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇق.

بىرىنچىدىن، بالا ئاچچىقلانغان ياكى گەپ ئاڭلىمىغاندا، ئاتا ـ ئانىلار قائىدە سۆزلەشكە ئالدىراپ كەتمەسلىكى كېرەك. باللارنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ھېسسىياتى ئىنتايىن مۇھىم، ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرى سۆزلىگەن ۋاقىتتا چوقۇم پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلىشى ھەم «ھە... ھىم» «...» دېگەندەك ئىپادىلەر بىلەن بالىنىڭ ئۆز ھېس ـ تۇيغۇسىنى سۆزلىشىگە يېتەكلىشى لازىم. ھېسسىيات خاتا ـ توغرا دەپ ئايرىلمايدۇ. بالا ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلغان چاغدا، ئاندىن پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ گەپ ـ سۆزىنى ئاڭلايدۇ.

تۆۋەندىكىسى بىزنىڭ ئائىلىدە يۈز بەرگەن ئىش توغرىسىدىكى ديالوگ ، بىر كۈنى ئوغلۇم باققان بېلىجان ئۆلۈپ قالدى. شۇ چاغدا ئوغلۇم دادىسىغا مۇنداق دېدى:

ئوغلۇم: دادا مېنىڭ ئالتۇن بېلىجېنىم ئۆلۈپ قالدى.

دادىسى: ھېچقىسى يوق، ئوغلۇم.

ئوغلۇم: يىغلاشقا باشلىدى. . . ھە. . . .

دادىسى: بولدى، يىغلىما، ئەتە ساڭا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بېلىجاندىن بىرنى ئېلىپ بېرەي.

ئوغلۇم: (يىغلاۋېرىدۇ)

دادىسى: بولدى يىغلىما، بىر ئالتۇن بېلىجانكەنغۇ شۇ؟

ئوغلۇم: (يىغىدىن توختىمايدۇ) ماڭا مۇشۇ ئالتۇن بېلىجان كېرەك...

دادىسى: سەن زادى نېمە قىلماقچى. بۇ بالىنىزە! تازىمۇ بىر غەرەز ئۇقمايدىغان بالىكەنغۇ بۇ!

كېيىن دادىسى ئۇمىدسىزلەنگىنىچە يېنىمغا كىرىپ : «سىز پسخولوگ خوتۇن، دەرھال چىقىپ ئوغلىڭىزغا قاراپ بېقىڭ» دېدى، مەن ئاشخانىدىن چىقسام، ئوغلۇم مېھمانخانىدىكى گىلەمدە يىغلاپ يېتىپتۇ، مەن بېرىپ ئۇنىڭغا: ئاڭلىسام ئالتۇن بېلىجېنىڭ ئۆلۈپ قاپتۇ، كۆڭلۈڭ بەك يېرىم بوپتۇ، دېدىم.

ئوغلۇم: (يىغلاۋەردى) ھە... ھە...

مەن: مەن بۇنداق بولۇشنى ئويلىماپتىمەن، ئۇ قانداقچە ئۆلۈپ قالغاندۇ؟ ئاڭلاپ مېنىڭمۇ بەكلا ئىچىم ئاغرىدى.

ئوغلۇم: (يىغلىغىنىچە) مەن ئۇنى بەك ياخشى كۆرەتتىم! ھە... ھە...

مەن: بىلىمەن، سەن ئۇنىڭ بىلەن بەكلا خۇشال ئوينايتتىڭ ھە.

ئوغلۇم: (يىغلىغىنىچە) ئۇ مېنىڭ ياخشى دوستۇم ئىدى... ھە... ھە...

مەن: بىلىمەن، ياخشى دوستىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئىنتايىن ئازابلىق.

ئوغلۇم: (يىغىدىن توختاپ) مەن كۆندە ئۇنىڭغا يەم بېرەتتىم.

مەن: بىلىمەن، سەن ئۇ بېلىجانغا بەك ئوبدان قارايتتىڭ.

ئوغلۇم: ئۆملەپ كېلىپ پۇتۇمدا ئولتۇرۇپ ئالتۇن بېلىجىنى توغرىسىدا گەپ قىلغىلى تۇردى...

كۆپ ۋاقىتلاردا ئاتا ـ ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى پاراڭ نەتىجىلىك بولمايدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى: بىز ھەمىشە بالىنىڭمۇ ئۆز ھېس ـ تۇيغۇسى، مىجەز ـ كەيپىياتى بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالىمىز. مەۋقەيىمىزنى ئالماشتۇرۇپ ئۆزىمىزنى ئېلىپ ئېيتايلى، بىز كۆڭلىمىز يېرىم بولۇپ يىغلىغىنىمىزدا، يېقىنلىرىمىزنىڭ نېمە دېيىشىنى ئارزۇ قىلىمىز؟ ئۇلارنىڭ سىزگە «يىغلىما، چوڭ ئادەممۇ يىغلامدۇ» دېيىشىنى ئارزۇ قىلامسىز؟ ياكى «بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىغان ئوخشايسىز، يىغلىغۇڭىز بولسا يىغلىۋېلىڭ» دېيىشىنىمۇ؟ «بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىغان ئوخشايسىز، يىغلىغۇڭىز بولسا يىغلىۋېلىڭ» دېسە كەيپىياتىڭىز سەل ـ پەل ياخشى بولۇپ قالار.

ھالبۇكى، بىر بالا يىغلىغاندا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئەڭ كۆپ قوللىنىدىغان ئۇسۇلى ئۇلارنىڭ يىغىسىنى چەكلەش، ئەڭ كۆپ دەيدىغان گېپى «يىغلىما! يەنە يىغلاۋېرىدىغان بولساڭ...» دېگەندىن ئىبارەت. نەتىجىدە بۇلار بالىنى يىغىدىن توختىتىشتا كار قىلمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن بالا بارغانسېرى قاتتىق يىغلاپ كېتىدۇ.

بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە كۆلكە بىلەن يىغا ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەگەر ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ ناچار

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كەيپىياتىنى توغرا چۈشىنىپ، ئۇلارنىڭ ھەرخىل ئېھتىياجلىرىنى قوبۇل قىلسا بالا تەسىرلىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مۇۋاپىق يېتەكلىشى ھەم تەكلىپ پىكىرگە قۇلاق سېلىپ ئىتائەت قىلىدىغان بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، لېكىن بالىلار مەلۇم بىر ئىشنى ياخشى قىلالمىغاندا، ئاتا ـ ئانا ئاددىي تىل بىلەن ئۆزى كۆرگەن ئەھۋالنى بايان قىلىپ بېرىشى، ئەمما ئالدىراپ باھا بەرمەسلىكى كېرەك. چۈنكى سىز بالىڭىز قىلغان ئىشقا باھا بەرگەندە بالىڭىز سىزنىڭ ئۆزىنى تەنقىد قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كەيپىياتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ئەگەر سىز كۆرگەنلىرىڭىزنى بايان قىلىپ بەرسىڭىز، ئەمەلىيەتتە بالىغا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى دەپ بەرگەن بولىسىز. مەسىلەن، «مەن ساڭا، ھاجەتخانىدىن چىققاندا توكنى ئۆچۈرۈۋەتكىن دەپ نەچچە قېتىم دېدىم!» دېگەندىن كۆرە «ئوغلۇم، ھاجەتخانىنىڭ توكى تېخىچە يورۇق تۇرىدۇغۇ» دېگەن تۈزۈك.

«قولۇڭنى يۇغاندىن كېيىن دائىم جۈمەكنى ئەتمەي، سۇنى بەك ئىسراپ قىلىۋاتىسەن، سەن سۇغا پۇل تۆلەيدىغانلىقىمىزنى بىلمەمسەن؟» دېگەندىن كۆرە «ئوغلۇم جۈمەكتىن تېخىچە سۇ ئېقىۋاتىدىغۇ» دېگەن تۈزۈك.

«نېمانداق ئۇزۇن سۆزلىشىسەن، بولدى قىلغىن!» دېگەندىن كۆرە «مەن تېلېفون بەرمەكچىدىم» دېگەن تۈزۈك.

«تامغا يەنە قالايمىقان رەسىم سىزغانلىقىڭنى كۆرسەم ئەدىپىڭنى بەرمەيدىغان بولسام!» دېگەندىن كۆرە «تام رەسىم سىزىدىغان جاي ئەمەس، رەسىم دېگەننى قەغەزگە سىزىمىز» (بالىغا بىر ۋاراق قەغەز سۇنۇپ تۇرۇپ) دېگەن تۈزۈك.

«گۆزەلنۇر، سەنمۇ چوڭ بولدۇڭ، ئۆي ئىشلىرىغا قارىشىپ بەرمەمسەن!» دېگەندىن كۆرە «شۇ تاپتا مەن بىر ئىشلەن تاماق

شىرەسىنى يىغىشتۇرۇپ بەرسە ئەجەبمۇ خۇش بولاتتىم» دېگەن تۇزۇك.

«سائەت 10 بولۇپ كەتسىمۇ، تېخىچە چىشىڭنى چوتكىلىماپسەنغۇ، ساڭا ئون قېتىمچە دېدىمغۇ، يېرىم سائەت بولاي دېدى، تېخىچە بۇ يەردە ئويناۋاتامسەن، گاس بولۇپ قالمىغانسەن، ئاناڭنى جىق سۆزلەتمە!» دېگەندىن كۆرە «بالام، قورسىقىڭ ئاچمىدىمۇ، چىشىڭنى يۇيۇپ تېزرەك ناشتا قىلىۋالغىن، مېنىڭ ئىشىم بار ئىدى، ساڭىلا قاراپ قالدىم» دېگەن تۇزۇك.

## ئېسىگىزدە بولسۇن، گەپ قىسقا، ئىخچام بولۇشى كېرەك

ئۇچىنچىدىن، ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىلىرىغا گېپىنى ئاڭلىتىشتىن مەقسىتى، ئۇلارغا مەسىلىلەرنى مۇستەقىل ھەل قىلىشنى ئۆگىتىشتىن ئىبارەت. بۇ خىل مۇستەقىل ئىقتىدارنى ئاتا ـ ئانا بالىلار بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا ئۆگىتەلەيدۇ.

ئېسىمدە قېلىشىچە، ئوغلۇم ئۈچ ياشتىن ئاشقاندا كىيىمىنىڭ سىيرىتمىسىنى ئەتمەكچى بولدى، مەن سەۋرچانلىق بىلەن يېنىدا بەش مىنۇت تۇردۇم، ئاخىر چىدىيالماي ئۇنىڭ سىيرىتمىسىنى ئېتىپ قويدۇم، كېيىن ئۇ ئاچچىقلاپ خېلى يىغلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنىڭ سىيرىتمىسىنى دائىم ئېتىپ قويىدىغان بولدۇم.

دوستلىرى ئوغلۇم بىلەن ئويناۋېتىپ ئۇنىڭ ئويۇنچۇقىنى تارتىۋېلىپ ئۇنى يىغلاتقاندا، مەن ئارىلاشتىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەيدىنپەي نۇرغۇن ئىشلاردا ماڭا يۆلىنىۋالىدىغان بولۇۋالدى.

پىسخىكا نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بىر بالا باشقىلارغا يۆلىنىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقاندا، باشقىلاردىن ئازراق مىننەتدار بولغانىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپ ھاللاردا ئۆزىنى ئىقتىدارسىز، قىممەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قارىشى يوق، باشقىلاردىن ئاغرىنىپ يۈرىدىغان ئادەم ھەم مەغلۇبىيەتچى دەپ ھېس قىلىدۇ. شۇڭا بىر تەرەپتىن، بالا كىچىك ۋە تەجرىبىسىز بولغاچقا، كۆپ ئىشلاردا ئاتا ـ ئانىسى ئۇلارغا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى دەپ بېرىشى كېرەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار چوڭ بولغاندا ئاتا ـ ئانىسىغا زىيادە يۆلىنىۋالغاچقا مۇستەقىل ياشاشقا ئامالسىز قالىدۇ، شۇ سەۋەبتىن قەلبىدە ئاتا ـ ئانىسىدىن ئاغرىنىدۇ ۋە ئۇلارغا ئۆچ بولۇپ قالىدۇ.

قانداق قىلغاندا بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا يۆلىنىۋېلىشىنى ئازايتىپ، چوڭ بولغانلىقىنى ھېس قىلدۇرغىلى بولىدۇ؟ ياخشى يېرى شۇكى، يېتىلىۋاتقان بالىلار پۇرسەت بولسىلا بىزنىڭ يېتەكلىشىمىز ۋە ياردىمىمىزگە دائىم ئېرىشەلەيدۇ، ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا مۇستەقىللىقنى ئۆگىتىشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلالىسىلا كۇپايە.

بىرىنچىدىن، تۇرمۇشتا بالىغا كۆپرەك تاللاش پۇرسىتى بېرىش لازىم. مەسىلەن، ئەتىگىنى بالىدىن «بۈگۈن كۆك رەڭلىك كىيىم كىيەمسەن ياكى قىزىلىنىمۇ»؟، «يەنە 10 مىنۇت ئويۇنىغاندىن كېيىن ئۆيگە قايتىمىز، سەن سىيرىلغۇچ ئوينامسەن ياكى ئىلەڭگۈچمۇ»؟ دەپ سورىساق بولىدۇ. تۇرمۇشتىكى بۇ كىچىك تاللاشلارغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ، بۇلار بالىلارنى قىممەتلىك قارار چىقىرىشنى ئۆگىنىۋېلىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەگەر بىر بالا كىچىكىدىن ئۆزى قارار چىقىرىپ باقمىغان بولسا، كەلگۈسىدە ئۆزىنىڭ ئىشلىرىدا، يەنى ئۆگىنىش، كەسىپ، لايىق تاللاش قاتارلىق جەھەتلەردە ئارىسالدى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قارار چىقىرىشتىمۇ دائىم ئاتا ـ ئانىسىغا يۆلىنىۋالىدۇ.

ئىككىنچىدىن، بالىلارنىڭ تىرىشچانلىقىنى ھۆرمەتلەش كېرەك، كۆپ ۋاقىتلاردا بالىلار تىرىشىپ ئىشلەيدۇ، ئەمما ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ ياخشى ئىشلىگەن ـ ئىشلىمىگەنلىكىگە ئۆزلىرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە باھا بېرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بالىلارنىڭ

تىرىشىش قىزغىنلىقىنى بارغانسېرى سۇسلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئالايلۇق، ئۈچ ياشلىق بىر بالا ئۆزى ئايىغىنى كىيسە ئانىسى ئۇنىڭغا «ھەي... تەتۈر كىيىۋاپسەن!» دەيدۇ ياكى بالا پوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى بىر ئامال قىلىپ ئاچماقچى بولۇۋاتقاندا، دادىسى كۆرۈپ بالىغا ياردەم قىلىپ ئېچىپ بېرىشى مۇمكىن، ئەمما بالىغا ئۈنۈملۈك تەكلىپ بەرمەيدۇ. بۇنداق چاغدا ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ تىرىشچانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقىنى جەزملەشتۈرسە، بالىلار مەسىلىنى تېخىمۇ تىرىشىپ ھەل قىلىدۇ، شۇنداقلا ئاتا - ئانىسىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىدىغان بولىدۇ، بۇ جەھەتتە بالىلارنىڭ مەسىلىلەرنى مۇستەقىل ھەل قىلىش ئىقتىدارى ئىنتايىن مۇھىم.

ئۈچىنچىدىن، ھەرقانداق ۋاقىتتا بالىلارغا دەككە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى نابۇت قىلىشقا بولمايدۇ، ئىش قىلغاندا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تۇيغۇسى ھەممە ئادەم ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، بولۇپمۇ ھېچقانداق تەجرىبىسى يوق بالىلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. ئاتا - ئانىلار ئۇلارغا ئۈمىد ئاتا قىلسا، بالىلار قىيىنچىلىققا يولۇققان ۋاقىتتا ئۆزلىرى تېخىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلىپ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىدۇ.

ئەگەر بالىڭىز سىزگە «ئانا، بۇ قېتىمقى يېڭى يىللىق كەچلىك كۆڭۈل ئېچىشتا مەن نومۇر كۆرسىتەي دېگەن» دېسە، سىز نېمە دەيسىز؟ تۆۋەندىكى ئىككى خىل قاراشتىن قايسىسىنى تاللايسىز؟

«نېمە؟ سەن يا ناخشا ئېيتالمىساڭ، يا ئۇسسۇل ئوينىيالمىساڭ، مېنىڭچە بولدى قىلغىن، ۋاقىت ئىسراپ قىلغۇچە ئۆگىنىشىڭنى قىلغىن.»

«ھوي، ياخشى ئويلاپسەن، سىناپ باقساڭ بولىدۇ، قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر بۇ بىر ياخشى ئىشتە».

بالىلارنىڭ گۈزەل ئارزۇسىغا دەككە بېرىپ، ئۇلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرمەسلىكىمىز لازىم. ئاتا - ئانا ھەر قانداق چاغدا

بالىلارنىڭ گۈزەل ئارزۇ ـ خىياللىرىنى قوغدىغاندىلا، بالىلار ئاندىن ئۆز ئارزۇسى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ.

## ئوقۇش ئىقتىدارى ـــ بالىلارنى كىتاب ئوقۇشقا قىزىقتۇرايلى

بىر مىللەتنىڭ كۈچلۈك بولۇشى شۇ مىللەتنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئېنىقكى، ئەقىل ـ پاراسەت بىر مىللەتنىڭ ئەۋلادلىرىنى تەربىيەلەش كۆز قارىشى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

ئىلغار مىللەتلەر بىلىمنى بايلىق دەپ قارايدۇ، ئۇلار يەنە بارلىق بايلىقنى مەسىلەن، ئالتۇن، گۆھەر، ئاسارئەتىقە، ئۆي ـ زېمىن ھەممىسىنى باشقىلار تارتىۋالالايدۇ، پەقەتلا بىلىمنى تارتىۋالالمايدۇ، يېنىدا خالىغانچە ئېلىپ يۈرسە بولىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭا بۇرۇنقى ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرى بىر ئاز ئىش ئۇققۇدەك بولغاندا ئېلىپبە كىتابىغا ھەسەل تېمىتىپ بالىسىغا ھەسەلنى يالىتىدۇ، بۇ ئارقىلىق بالىلىرىغا كىتابنىڭ تاتلىقلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ، بالىلىرىنىڭ كىچىكىدىن باشلاپلا كىتاب ئوقۇشقا بولغان قىزىقىشىنى قوزغاپ، كىتاب ئوقۇشقا ھېرىسمەن قىلىدۇ، بالىلار ئاستا ـ ئاستا كىچىك ۋاقتىدىكى ھەسەل تېمىتىلغان كىتابنىڭ تاتلىقلىقىدىن چوڭ بولغاندىن كېيىن كىتاب ئىچىدىكى مەزمۇنلارنىڭ تاتلىقلىقىنى ھېس قىلىدۇ، ئەنئەنىۋى بىلىم قەدىرلەيدىغان ئائىلىلەردە يەنە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلگەن بىر قائىدە بار ـــ كىتاب جاۋىنىنى پەقەت كارىۋات بېشىغىلا قويۇشقا بولىدۇ، ھەرگىز كارىۋات ئايىغىغا قويۇشقا بولمايدۇ، ئۇلار بۇ ھەرىكىتى ئارقىلىق كىتابنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس، ئەڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى، كىتابقا ھۆرمەتسىزلىك قىلىشقا ياكى كىتابنى خارلاشقا بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ.

بىر بالىنىڭ ئوقۇش ئىقتىدارى ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى ئوقۇشقا قىزىقىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، كىتاب ئوقۇشنى

ياخشى كۆرمەيدىغان بىر بالىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ ياخشى بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تولىمۇ قىيىن. نۇرغۇن ئاتا ـ ئانا خاتا ھالدا بالىلىرىنىڭ كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرۈشى باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىنكى ئىش دەپ قارايدۇ، ئەمما ئەمەلىي ئەھۋال دائىم بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ: بالا باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن يېڭى مۇھىتقا كۆنۈش، ئۆگىنىش مەزمۇنىنىڭ تەدرىجىي كۆپىيىشى سەۋەبىدىن، كۆزىتىش ئىقتىدارى، تەسەۋۋۇر كۈچى، ئاغزاكىي ئىپادىلەش قاتارلىق كۆپ خىل ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلار ئوقۇش ئىقتىدارىغا موھتاج بولىدۇ. لېكىن ئوقۇش ئادىتى تېخى يېتىلمىگەن، ئوقۇشقا قىزىقمايدىغان بالىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئوقۇشقا قىزىقىش ۋە ئوقۇشنى ئۆگىنىش يېڭى بىر قىيىنچىلىق ھېسابلىنىدۇ، بۇ قىيىنچىلىق بالىلارنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقىنى سۇسلاشتۇرۇۋېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىش يامىنىغا تارتىپ، بالىلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئۇنداقتا بالىلارنىڭ ئوقۇش ئىقتىدارىنى قايسى ۋاقىتتىن باشلاپ يېتىلدۈرۈش كېرەك؟

ئەمەلىيەتتە ئوقۇش ئىقتىدارى — ئانىسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى چۆچەك ئېيتىپ بېرىش شەكلىدىن شەكىللىنىدۇ. بالىلارغا چۆچەك ئېيتىپ بېرىشنى بالا بىر ـ ئىككى ياشقا كىرگەندىن كېيىن باشلىسا بولىدۇ، ئانىسى ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكنى ئاڭلاشقا ھېرىسمەن بالا ئانىسىنىڭ ھېكايە كىتاب ئوقۇپ بېرىشىگە بەكلا ئامراق بولۇپ قالىدۇ، كېيىن ئانىسىنى چۆچەك ئېيتىپ بەر دېيىشتىن بارا ـ بارا ئۆزى ھېكايە كىتابلارنى ئوقۇشقا تەرەققىي قىلىدۇ، ئۆزى ھېكايە ئوقۇشتىن ئۆزى ئېيتىشقا، ئۆزى ئوقۇشقا تەرەققىي قىلىدۇ. شۇڭا بالىلارنى ئوقۇشقا قىزىقتۇرۇش يەنىلا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بالىسىغا بالدۇرراق چۆچەك سۆزلەپ بېرىشى، ھېكايە ئوقۇپ بېرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇنداقتا بالىلارنىڭ ئوقۇش ئىقتىدارىنى قانداق يېتىلدۈرىمىز؟

بالىلارنىڭ ئوقۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتە ئاتا ـ ئانىسى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ئۇسۇلغا ئەھمىيەت بېرىپ، بالىلارنى ئوقۇشقا قىزىقتۇرۇشى لازىم.

1. بالىغا ئۇخلاشتىن بۇرۇن چۆچەك ئېيتىپ بېرىش ياكى ھېكايە كىتاب ئوقۇپ بېرىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش لازىم.

ھەر كۈنى ئۇخلاشتىن يېرىم سائەت ئاۋۋال بالىلارغا چۆچەك ئېيتىپ بەرگەندە، بالىلارنىڭ ياخشى ئۇخلاش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردىمى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بالىلارنى ھېكايە ـ چۆچەككە، كىتاب ئوقۇشقا قىزىقتۇرغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئانا ـ بالىلىق مۇناسىۋەتنى كۈچەيتكىلى، بالىلارغا ئانىسىنىڭ باشقىچە بىر شەكىلدىكى مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ھېس قىلدۇرغىلى، شۇنداقلا بالىلارنىڭ ھېسسىي دۇنياسىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. لېكىن ئۇخلاشتىن بۇرۇن سۆزلەنگەن چۆچەك ۋەقەلىكى بەك دولقۇنسىمان، مۇرەككەپ بولماسلىقى، بالىلارنىڭ ئۇيقۇسىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن بالىلارنى بەك خۇشال قىلىۋېتىدىغان ياكى قورقۇتۇۋېتىدىغان چۆچەكلەرنى ئېيتماسلىقىمىز، ۋەقەلىكى تۈز ـ ئاددىي بولغان، تەكرارلىنىشى نىسبەتەن كۈچلۈك چۆچەك ـ ھېكايىلەرنى كۆپرەك ئېيتىپ بېرىشىمىز كېرەك.

2. كىتاب سېتىۋالغاندا، بالىلار ئۈچۈن سېتىۋالغان كىتاب رەسىملىك كىتابلار بولۇشى، خەتنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ئاز، ئىخچام، ئېنىق بولۇشى، شۇنداقلا رەسىم بىلەن يېزىق ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىق توغرا بولۇشى كېرەك. چۈنكى يېشى كىچىك بالىلار رەڭدار، مەزمۇنى مول، نۇرغۇن تەپسىلاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رەسىملىك كىتابلارنى ياخشى كۆرىدۇ، بۇلار بالىلارنىڭ بىلىش ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان كىتابلار بولغاچقا، بالىلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدۇ. تېخى ئۈچ ياشقا كىرمىگەن بالىلار پەقەت كىتاب ئىچىدىكى رەسىملەرنى كۆرسىلا

كۆپايە، ئۈچ ياشتىن چوڭ باللار خەتلەرنى كۆرۈپ، بۇ رەسىمنىڭ مەزمۇنىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنەلەيدۇ. شۇڭا بۇ تۈردىكى كىتابلار باللارنىڭ ھەر خىل ياش باسقۇچلىرىدىكى ئوقۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ.

3. باللارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ياش باسقۇچلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە قارىتا ئاتا ـ ئانىلار ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇشقا بولغان قىزىقىشىنى قوزغىشى لازىم. تېخى ئۈچ ياشقا كىرمىگەن باللارغا ئانىسى ھېكايە ـ چۆچەك سۆزلەپ بەرگەندە، ئۆزىنى ھېكايە ـ چۆچەك ئىچىدىكى پېرسوناژ ئورنىغا قويۇپ، ئويۇن شەكلىدە سۆزلەپ بەرسە بولىدۇ. مەسىلەن، «توشقانچاق » دېگەن ھېكايىنى سۆزلىگەندە ئانىسى ئۆزىنى توشقاننىڭ ئورنىغا قويۇپ مۇبالىغە، ئىنتوناتسىيە ۋە ھەرىكەتلەر بىلەن ئورۇنلاپ بەرسە بولىدۇ، بۇنداق قىلغاندا باللار ھېكايىنى چۈشىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ھېكايە ـ چۆچەك ئاڭلاشقا بولغان قىزىقىشىنى قوزغىغىلى بولىدۇ.

ئۈچ ياشتىن چوڭ باللارغا ئانىسى ھېكايە ـ چۆچەك سۆزلەپ بەرگەندە، باللىرىنىڭ ھېكايە ـ چۆچەككە پىششىق بولۇشى ئاساسىدا مۇۋاپىق سوئاللارنى سوراپ، مۇلاھىزە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، باللارنىڭ بىلىمگە بولغان ھېرىسمەنلىكىنى قوزغىسا بولىدۇ. مەسىلەن، سۆزلەنگەن ھېكايە ۋەقەلىكى توغرىسىدا باللار بىلەن سۆھبەتلەشسە بولىدۇ، باللىدىن «كىچىك مۈشۈك ئېيىق ئانىسىغا ياردەملىشىپ قاچا يۇيۇشۇپ بەرمەكچى، ئۇ قاچا يۇيۇشنى بىلەمدۇ؟ ئۇ ئانىسىغا ياردەملىشىپ قايسى ئىشلارنى قىلىشىپ بېرەلەيدۇ»؟ دېگەندەك سوئاللارنى سورىسا بولىدۇ، يەنە ھېكايىنىڭ يېرىمى سۆزلىنىپ بولغاندا توختاپ، بالىسى بىلەن بىللە ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقسىمۇ بولىدۇ، باللار ھېكايىنىڭ يېشىمىنىڭ ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ قالسا، ھېكايىنى باللار ئۆزى ئويلاپ چىققان يېشىم بويىچە ئېيتسىمۇ بولىدۇ ۋە باشقىلار.

بۇ ئۆزگىرىشلەر بالىلارنىڭ ئاغزاكى ئىپادىلەش، چۈشىنىش ۋە قوللىنىش ئىقتىدارىنى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بالىلار بۇ ئوقۇش شەكلى ئارقىلىق ياخشى ئوقۇش ئادىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئوقۇشقا ھېرىسمەن بولۇپ كېتىدۇ.

بالىنىڭ ئوقۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۇزاق بىر جەريان، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ دوراش ئوبيېكتى. شۇڭا ئاتا ـ ئانىنىڭ ئائىلىدە ئوقۇش ئادىتى بولۇشى ۋە ئائىلىدىكى ھەممەيلەننىڭ بىللە ئوقۇش ۋاقتى بولۇشى كېرەك. بۇ ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسىنى بىر نۇقتىغا يىغىنچاقلىساق: بالىلارغا ئوقۇش شارائىتى يارىتىپ بېرىش كېرەك. بۇنداق كەيپىيات بالىلارغا ئاستىرتىن تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇنداق ئادەت شەكىللىنىپلا بالىلارغا ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنى تۈگىمەس نەپكە ئېرىشتۈرىدۇ.

بەشىنچى باب

# ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئۆگىنىشىگە قانداق ياردەم قىلىشى كېرەك؟

*مەزمۇنى:*
*1. بالىلار نېمىشقا ئۆگىنىشكە قىزىقمايدۇ؟*
*2. بالىلارنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى چۈشىنىش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى ئۈنۈملۈك تەربىيەلىشىگە پايدىلىق*
*3. ئۆگىنىش ئادىتى ــ كۆڭۈللۈك ئۆگىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى*
*4. ئەستە ساقلاش ئۇسۇلى ــ ئۆگىنىش ئۇسۇلىنىڭ يادروسى*



## 1. بالىلار نېمىشقا ئۆگىنىشكە قىزىقمايدۇ

نۇرغۇن بالا مەكتەپكە بىرىپ بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئۆگىنىشكە قىزىقمايدىغان، ئاز ساندىكى بالىلار مەكتەپكە زادىلا بارغۇسى كەلمەيدىغان، يەنە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن بارغاچقا، دەرسنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىمايدىغان، ئەستايىدىل دەرس تەكرارلىمايدىغان، مەسىلىلەرنى كۆڭۈل قويۇپ مۇلاھىزە قىلمايدىغان، نەتىجىسى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ كېتىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ.

بالىلار مەكتەپكە يېڭى كىرگەندە، يەنى 1 ـ، 2 ـ يىللىقتىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چېغىدا ئوقۇشقا ناھايىتى قىزىقىدۇ، سومكىسىنى ئاسقىنىچە مەكتەپكە ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن بارىدۇ، ئۇنداقتا ئۇلار يۇقىرى يىللىقىقا چىققاندا، ھەتتا بەزىلىرى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا نېمىشقا مەكتەپكە بارغۇسى كەلمەيدىغان، ئوقۇغۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ؟ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇنداق بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى زادى نېمە ؟ بۇ ئوقۇغۇچىلاردىكى مەسىلىمۇ؟ ياكى ئاتا ـ ئانىلاردىكى مەسىلىمۇ؟ بىز بۇ يەردە ئاتا ـ ئانىلار بىلەن مۇشۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىمىز.

ئوقۇغۇچىلاردا مۇشۇنداق مەسىلە كۆرۈلگەندە ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا نەسىھەت قىلىدۇ، تەربىيە بېرىدۇ. بۇلار كار قىلمىسا چېچىلىدۇ، ھەتتا بالىلارنى ئۇرىدۇ. نەتىجىدە، ئاتا ـ ئانىلار مەيلى قانچىلىك كۈچ سەرپ قىلسۇن، قانچىلىك باش قاتۇرسۇن بالىلار يەنىلا ئۆگىنىشكە قىزىقمايدۇ.

مەن ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلار مەۋقەسىدە تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشكە قىزىقماسلىقىنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

ئۆگىنىشنى خالىمايدىغان بالىلارنىڭ ئۆگىنىش ئىقتىدارىدا مەسىلە بارمۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، بالىلار ئۇخلىغاندىن باشقا ۋاقىتتا ئۆگىنىش قىلىدۇ، ئۇلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئويناشمۇ بىر خىل ئۆگىنىش ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى قىزىقىدىغان مەزمۇنلارنى ناھايىتى تېز ئۆگىنىۋالىدۇ، مەسىلەن، يانفوندىكى ئويۇنلارنى دادىلىرى بىلمەيدۇ، لېكىن بالىلار بىرنەچچە مىنۇتتىلا ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە ئۆگىنىۋالىدۇ، مەسىلەن، ئاتا ـ ئانىلار گەپ قىلغاندا بالىلار تۇنۇگۈن بېشىنى تۆۋەن قىلغىنىچە ئۇلارنىڭ گېپىنى جىممىدە ئاڭلىسا، لېكىن بۇگۈنى ھېچكىمدىن قورقمايدىغان بولۇپ قالىدۇ ۋە ئاتا ـ ئانىسىغا يانىدۇ، بۇمۇ ئۆگىنىشنىڭ بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. بۇلار بالىنىڭ ئۆگىنىش ئىقتىدارىدىن مەسىلە چىقمىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

بالىلارنىڭ نېمىشقا ئۆگىنىشنى خالىمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى

تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىدىن خۇلاسىلەپ چىقتىم:

**1. مەكتەپتە ئوقۇشقا، ئائىلىدە تاپشۇرۇق ئىشلەشكە قىزىقماسلىق**

ھەرقانداق ئادەم ئۆزى قىزىقىدىغان ئىشنى قىلىشقا ئامراق، قىزىقىدىغان ئىش ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسىدە «ئېندورپخىن» دەيدىغان بىر خىل چوڭ مېڭە نېرۋا يەتكۈزگۈچى ماددىسىنى ھاسىل قىلىدۇ، بۇ خىل ماددا ئادەمنى بېسىمسىز، يېنىك روھىي ھالەتكە ئىگە قىلىدۇ. ناۋادا ئۆگىنىش ياكى تاپشۇرۇق ئىشلەش داۋامىدا باللار بۇ خىل روھىي ھالەتنى ھېس قىلالىسا ئۇلار ئۆزلۈكىدىن، ئاڭلىق ھالدا ئۆگىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل روھىي ھالەت چوڭ مېڭىدە «دوپامىن» پەيدا قىلىدۇ، بۇ خىل ماددا «خۇشاللىق ماددىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. باللار ئۆزلىرىنى خۇشال ھېس قىلغاندا ئۆگىنىشكە بارغانسېرى قىزىقىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا دەرستە ۋە تاپشۇرۇق ئىشلىگەندە بېسىم ھېس قىلسا، ئاتا ــ ئانىسى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بېسىمىنى، ئىنكار قىلغانلىقىنى، ئەدەپلەۋاتقانلىقىنى، جازالىغانلىقىنى ھېس قىلسا باللارنىڭ چوڭ مېڭىسىدە يۇقىرىدىكى پايدىلىق ماددىلار پەيدا بولمايدۇ، ۋاقتىنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن باللار بۇنداق كۆڭۈلسىز ئەھۋالدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوقۇش ۋە تاپشۇرۇق ئىشلەشكە رايى بارمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ناۋادا ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى ئۆگىنىشكە قىزىقتۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلمىسا، كۈندە دەرسنى بىر خىللا، زېرىكىشلىك ئۇسۇل بىلەن ئۆتۈۋەرسە؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتا ــ ئانىلار ئۇلارغا ئىنكار قىلىش ۋە جازالاش پوزىتسىيەسى بىلەن مۇئامىلە قىلسا، دائىم «تاپشۇرۇقۇڭنى تېز ئىشلە، ئىشلەپ بولمىغۇچە ئۇخلىمايسەن!»، «تاپشۇرۇقۇڭنى ئىشلەپ بولالمىساڭ ئەتە مۇئەللىم تۇرغۇزۇپ قويىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش گەپ ــ سۆزلەرنى قىلسا، باللار ئۆگىنىشنى قانداقمۇ قىزىقارلىق ئىش دەپ قارىسۇن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



### 2. ئۆگىنىش مەزمۇنىنىڭ قىيىنلىشىشى ھەم ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلارغا ئۈنۈملۈك ياردەم بېرەلمەسلىكى

بالىلارنىڭ يۇقىرى يىللىقتا چىقىشىغا ئەگىشىپ ئۆگىنىشىنىڭ مەزمۇنى ئۈزلۈكسىز قىيىنلىشىدۇ، باشلانغۇچ مەكتەپكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، 3 - 4 - يىللىق مۇھىم بۇرۇلۇش نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ باسقۇچقا كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرى ئوبرازلىق تەپەككۇردىن مەنتىقىلىق تەپەككۇرغا بۇرۇلۇش دەۋرىدە تۇرغان بولىدۇ، بۇنداق بۇرۇلۇش باسقۇچىدا دەرسلىكنىڭ مەزمۇنى قىيىنلاشقانسېرى ئۇنى ئىگىلەش خېلى تەسكە توختايدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە قوش تىل ئوقۇتۇشىدا بالىلار تەپەككۇر جەھەتتە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىشقا توغرا كەلگەندىن باشقا، تىل جەھەتتىكى قىيىنچىلىق، يەنى ئىككىنچى خىل تىلنى ئاڭلاپ چۈشىنىش مەسىلىسىمۇ مەلۇم قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرىدۇ، بۇ نۇقتىلار بالىلارنىڭ ئۆگىنىشىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئامىللار سەۋەبىدىن نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلاردا قانداق ئۆگىنىشنى بىلمەسلىك كەيپىياتى پەيدا بولىدۇ. ناۋادا ئاتا - ئانىلار بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتمىسە ياكى بالىلارغا ئۈنۈملۈك ياردەم بەرمىسە بالىلار بارغانسېرى ئوقۇشقا قىزىقمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

مەن تونۇشىدىغان بىر جۈپ ئەر - ئايال بار ئىدى، ئۇلار بىر قەدەر ئەنئەنىۋى ئائىلە باشلىقلىرىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلار بالىلىرىنىڭ ئوقۇشىغا قاتتىق تەلەپ قوياتتى. ئىككىسىلەن تولۇق كۇرس ۋە ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە ئىدى، ئەمما خەنزۇچە سەۋىيەسى ئانچە يۇقىرى ئەمەس، ئادەتتىكى گەپ - سۆزلەرنىلا بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بالىسى ئەسلى ناھايىتى ئەقىللىك، تىرىشچان ئىدى، بالا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن ئۆگىنىشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، ئۆگىنىش نەتىجىسىمۇ تېزلا تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىمۇ كەم سۆز بولۇپ قالىدۇ ۋە كۈنبويى ئۆيدىن تالاغا چىقمايدۇ. مەن بۇ بالا بىلەن

كۆرۈشكەندىن كېيىن بالا ماڭا: «ماڭا ياردەم قىلىدىغان ئادەم يوق بولغاچقا، ھېچكىمگە گەپ قىلغۇم كەلمەيدۇ» دەيدۇ، كېيىن مەن ئۇ بالا بىلەن ئوبدانلا تونۇشۇپ قالدىم. ئۇ ماڭا دەرسلەرنىڭ بارغانسېرى قىيىنلىشىپ كەتكەنلىكىنى، بەزىدە مۇئەللىمدىن سورىسا مۇئەللىممۇ ئانچا ـ مۇنچە دەپ بېرىپلا ئۆزۈڭ ئۆگەن دەيدىغانلىقىنى، سىنىپتىكى ئۆگىنىشى ياخشى بالىلاردىن سورىسا ئۇلارنىڭمۇ دەپ بېرىشنى ئانچە خالىمايدىغانلىقىنى، سوراۋېرىشتىن خىجىل بولىدىغانلىقىنى، ئۆيىگە كېلىپ ئاتا ـ ئانىسىدىن سورىسا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ «سەن بىلەلمىگەن يەردە بىز قانداق بىلىمىز»، «سەن دەرسنى دىققەت قىلىپ ئاڭلىمىغاچقا ئىشلىيەلمىگەن گەپ!»، «بىلەلمىسەڭ مۇئەللىمىڭدىن، ساۋاقداشلىرىڭدىن سورىمامسەن!» دەيدىغانلىقىنى، ئاتا ـ ئانىسى ھەر قېتىم ئاشۇنداق دېگەندە ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قىلچە چۈشەنمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇلارغا گەپ قىلغۇسى كەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مانا بۇ بالا مۇۋاپىق ياردەمگە ئېرىشەلمىگەن بالىلارنىڭ تىپى ھېسابلىنىدۇ. ئاتا ـ ئانا بالىلىرىنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىنى ئۆز ۋاقتىدا چۈشىنىشى، بالىسىدا قايسى جەھەتتە مەسىلە كۆرۈلۈۋاتقانلىقىنى بايقىشى ھەمدە بالىسىدا كۆرۈلگەن مەسىلىگە ۋاقتىدا ياردەم بېرىشى، بالىسىنى يېتەكلىشى كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىلا بالىلاردا ئۆگىنىشكە بولغا ئىشەنچ تۇرغۇزغىلى بولىدۇ.

### 3. بالىلارنىڭ ئۆگىنىشكە تۇتقان پوزىتسىيەسى توغرا بولماسلىق، مۇنداقچە ئېيتقاندا«نېمە ئۈچۈن ئۆگىنىمەن» دېگەن مەسىلە ئايدىڭ بولماسلىق

بالىلارنىڭ ئۆگىنىش پوزىتسىيەسى بالىلارنىڭ ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىقىنى بەلگىلەيدۇ. بالىلارنىڭ ئۆگىنىشكە بولغان دەسلەپكى تونۇشى ۋە پوزىتسىيەسى ئاتا ـ ئانىسىدىن كېلىدۇ. ناۋادا ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆگىنىشنى بىر خىل ئەھمىيەتلىك،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىممىتى بار ئىش دەپ قارىسا، بالىسىدىمۇ شۇنداق قاراش شەكىللىنىدۇ. لېكىن ئاتا ـ ئانىلار ئۆگىنىشنى بىر خىل زېرىكىشلىك، جاپالىق ئىش دەپ قاراپ بالىلارغا:

«ئۆگىنىشنى زېرىكىشلىك ئىش دەپ قارىساڭمۇ ئۆگىنىسەن، چۈنكى بۇ يېشىڭدا ئۆگىنىشتىن باشقا قىلىدىغان ئىشىڭ يوق، شۇڭا چوقۇم ئۆگىنىشىڭ كېرەك!»

«تاپشۇرۇق ئىشلەشنىڭ جاپالىقلىقىنى مەن بىلىمەن، لېكىن ئامال يوق، مەنمۇ ئاشۇنداق جاپالىق كۈنلەرنى بېشىمدىن كەچۈرگەن!» دەيدۇ.

بۇنداق گەپ ـ سۆزلەر بالىلارنى ئۆگىنىش زېرىكىشلىك، جاپالىق ئىش ئىكەن دېگەن تونۇشقا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ پەيدىنپەي ئۆگىنىشكە قىزىقماس بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. لېكىن يەنە بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ئۆگىنىش پوزىتسىيەسىنى تۈزگۈزۈشىغا ياردەم بەرگەن چاغدا، قارىماققا پوزىتسىيەسى بىر يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭكىدىن ياخشىدەك قىلغان بىلەن، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئېرىشكەن ئۈنۈمى ئوخشاش. مەسىلەن، ئۇلار:

«ئوبدان ئوقۇساڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلەيسەن، ئاندىن خىزمەت تاپالايسەن».

«ياخشى ئوقۇغىن، سەن ئائىلىمىزنىڭ ئۈمىدى، بىز سەندىن چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتۈۋاتىمىز» دەيدۇ.

بۇنداق گەپ ـ سۆزلەر بالىلارنىڭ ئۆگىنىشى، كەلگۈسىدىكى هاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك قىلسىمۇ، لېكىن نىشان ناهايىتى يىراق، نائېنىق، مەنىسىز بولغاچقا بالىلارغا نىسبەتەن رىغبەتلەندۈرۈش رولى بولمايدۇ، بالىلار ئۆگىنىشنىڭ لەززىتىنى تېتىيالمىغاندا، ئوقۇشنى خالىمىغاندا بۇ گەپلارنىڭ تېخىمۇ رولى بولمايدۇ.

### 4. ئۆگىنىش ۋە تاپشۇرۇق ئىشلەش جەريانىدا پاسسىپ تەجرىبەلەر بىرقەدەر كۆپ

ناۋادا بىر بالىنىڭ مەكتەپنىڭ گېپى چىقىش بىلەنلا كۆز ئالدىغا كېلىدىغىنى مۇئەللىمنىڭ تەنقىدى، تاپشۇرۇق ئىشلىمىگەنلىكى ئۈچۈن مۇئەللىمنىڭ ئۆرە توختىتىپ قويۇشى، سوئالغا جاۋاب بېرەلمىسە بالىلارنىڭ مازاق قىلىشى، دەرستىن چۈشكەندە بالىلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئويناشنى خالىماسلىقى؛ ئۆگىنىشنىڭ گېپى چىقىش بىلەنلا ئويلايدىغىنى ئاشۇ زېرىكىشلىك تاپشۇرۇق، قىيىن مەسىلىلەر، لاياقەتسىز نومۇر قويۇلغان ئىمتىھان قەغىزى؛ ئاتا - ئانىسىنىڭ توختىماستىن كوتۇلداشلىرى، تۈگىمەس ئەيىبلەشلىرى، تىللاشلىرى، ھەتتا ئۇرۇشلىرى بولسا، بۇلار ئەلۋەتتە پاسسىپ مەسىلىلەر ھېسابلىنىدۇ، بالىلارنىڭ بىر قىسىم نەتىجىلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىسە، رىغبەتلەندۈرۈلمىسە ياكى ماختالمىسا، ئۇنداقتا بۇنداق بالىلاردا ئۆگىنىشكە نىسبەتەن ھەرقانداق قىزىقىشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ ئۆگىنىشكە قىزىقماسلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەندە، ئۇلارغا قانداق ياردەم بېرىشى ۋە ئۇلارنى قانداق يېتەكلىشى كېرەك؟

بىرىنچىدىن، بالىلارغا «بىز نېمىشقا ئۆگىنىمىز» دېگەن مەسىلىنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بالىلارنىڭ كاللىسىغا «ياخشى خىزمەت»، «ياخشى تۇرمۇش»، «مۇۋەپپەقىيەت» دېگەنلەرنى سىڭدۈرمەسلىكىمىز كېرەك، ئۇلار تېخى كىچىك بولغاچقا بۇنداق ئۇقۇملارنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدۇ. شۇڭا بۇنداق گەپ - سۆزلەر بالىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك قىزىقىشىغا ئىلھام - مەدەت بولالمايدۇ. بالىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار بۇنى بالىلىرىغا تۆۋەندىكىدەك چۈشەندۈرسىمۇ بولىدۇ:

«بالام، مەكتەپ مەخسۇس بىلىم ئالىدىغان جاي، ئۇ يەردە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



مۇئەللىملەر سىلەرگە مەخسۇس بىلىم ئۆگىتىدۇ، شۇڭا سەن مەكتەپكە بېرىپ بىلىم ئالساڭ، بىلىملىك بولىسەن، نۇرغۇن ئىشلارنى چۈشىنىسەن».

«بالام، مەكتەپتە ئۆزۈڭ بىلەن تەڭ دىمەتلىك نۇرغۇن دوستلار بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتى بولىدۇ، سىلەر ناھايىتى نۇرغۇن پاراڭلارنى قىلىشىسىلەر، تېخى ئۆمۈرلۈك دوستلاردىن بولۇپ قالىسىلەر».

«بالام، سەن مەكتەپتە مۇئەللىملەر بىلەن، ساۋاقداشلىرىڭ بىلەن چوقۇم ئوبدان چىقىشىپ كېتىسەن، تۈرلۈك ئادەملەر بىلەن ئالاقىلىشىشنىڭ ئېپى - جېپىنى، باشقىلار بىلەن قانداق ھەمكارلىشىشنى ئۆگىنىۋالىسەن. بۇلار كەلگۈسىدە جەمئىيەتكە چىققىنىڭدا مۇھىتقا ماسلىشىشىڭغا، كىشىلەرنىڭ ئاسانلا قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىشىڭگە پايدىلىق».

«بالام، مەكتەپتە سەن ئۆسۈپ يېتىلىشنىڭ لەززىتىنى تېتىيالايسەن، ھەر قېتىم سىنىپ ئۆرلىگىنىڭدە باشقا ساۋاقداشلىرىڭغا چوڭ بولغانلىقىڭنى ئىسپاتلىيالايسەن. مەكتەپتە نۇرغۇن پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىسىلەر، ساۋاقداشلىرىڭ بىلەن بىللە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىسىلەر، ۋەزىپە ۋە خىرىسلارغا دۇچ كېلىسىلەر، خۇش بولىسىلەر، زېرىكىسىلەر، بۇلارنىڭ ھەممىسى چوڭ بولغانلىقىڭلارنىڭ خۇشاللىقى، قىممەتلىك تەجرىبە ھېسابلىنىدۇ. ئاتا - ئاناڭلار سىلەرگە بۇلارنى بېرەلمەيمىز».

مانا بۇ گەپ - سۆزلەر بالىلارغا ئۆگىنىشنىڭ ئۆزلىرى بىلەن، ئۆزلىرىنىڭ چوڭ بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرالايدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى ئۆگىنىشنىڭ ئۆزلىرىگە قانداق پايدا - مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئاسانلا چۈشەندۈرەلەيدۇ.

ئىككىنچىدىن، بالىلارغا ئۆگىنىشتە «رىقابەت» نىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى، لېكىن «رىقابات» ئوبيېكتىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش كېرەك.

ئۆگىنىش رەھىمسىز بولىدۇ، نېمىشقا؟ چۈنكى، ئۆگىنىش داۋامىدا ئاتا ـ ئانا بالىلارنىڭ ئېڭىغا «باشقىلاردىن ئۆتۈپ كەت» دېگەن چۈشەنچىنى سىڭدۈرىدۇ. ئاتا ـ ئانا بالىسىنىڭ ھەر قېتىمقى نەتىجىسىنىڭ سىنىپتىكى پالانى ـ پۈستانىلارنىڭكىدىن ئېشىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانا بالىسىنىڭ باشقا بالىلاردىن ئېشىپ كېتىشىگە ئىلھام ـ مەدەت بېرىدۇ، بالىسىنى باشقا بالىلار بىلەن سېلىشتۇرىدۇ. بۇنداق خاتا «رىقابەت پىسخىكىسى» بالىلارغا ناھايىتى زور بېسىم ئېلىپ كېلىدۇ. مەن ھەر قېتىم لېكسىيە سۆزلىگىنىمدە ئاتا ـ ئانىلار مەندىن: «قانداق قىلغاندا بالىلارنىڭ نەتىجىسىنى بىرىنچىلىكتە ساقلاپ تۇرغىلى بولىدۇ» دېگەندەك مەسىلىلەرنى سورايدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بۇنداق رىقابەت قارىشىنىڭ تەسىرىدە نۇرغۇن بالىلار ئۆزلىرى قوبۇل قىلالمايدىغان نۇرغۇن پاجىئەلەرگە دۇچار بولدى. بۇ يىل مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەردى: بىر بالا ئەلىيۇلئەلا سالاھىيىتى بىلەن مەملىكىتىمىزدىكى بىر داڭلىق ئالىي مەكتەپكە كىرىدۇ، لېكىن ئۇ بۇ مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىش يۈزىسىدىن ئالغان ئىمتىھانىدا ئۇنىڭ نەتىجىسى سىنىپتا ئارقىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇ بۇنى بىلگەندىن كېيىن، بۇ نەتىجىنى قوبۇل قىلالماي ۋەسىيەتنامە قالدۇرۇپ ئۆلۈۋالماقچى بولىدۇ، لېكىن بەختىگە يارىشا قۇتقۇزۇۋېلىنىدۇ. ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ سەلبىي تەسىرىدە ئاخىرى مەكتەپتىن چېكىنىدۇ. بىزنىڭ بۇلارنى دېيىشتىكى مەقسىتىمىز، ئۆگىنىشتە سېلىشتۇرۇش، رىقابەت بولسا بولمايدۇ دېمەكچى ئەمەس، بەلكى سېلىشتۇرۇش، رىقابەت بولۇشى كېرەك دېمەكچى. چۈنكى سېلىشتۇرۇش بولغاندىلا بالىلار ئاندىن ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنەلەيدۇ، رىقابەت بولغاندىلا بالىلاردا بىر ئاز بېسىم بولىدۇ، ئاندىن تىرىشىدۇ، ئۇنداقتا قانداق قىلغاندا «سېلىشتۇرۇش»، «رىقابەت» ئۇسۇللىرى بالىلارغا ئۈنۈملۈك ئىلھام بېرەلەيدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بالىلىرىمىزنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرماسلىقىمىز كېرەك، ئۇلارنى ئۆزى بىلەن

ئۆزىنى سېلىشتۇرۇشقا، ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشكە، تۈنۈگۈنكى
ئۆزى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا، ئۆتكەن ئايدىكى ئۆزى بىلەن
سېلىشتۇرۇشقا ، ئۆتكەن مەۋسۇمدىكى ئۆزى بىلەن
سېلىشتۇرۇشقا، ئاشۇ چاغدىكى ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىش ئۈچۈن
تىرىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈشىمىز كېرەك.

بىر - بىرىگە ئوپئوخشاش ئىككى ئادەم بولمايدۇ، ھەربىرىنىڭ
ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە كەمچىلىكى بولىدۇ، ھەر بىر ئادەمگە
ئېھتىياجلىق بولغان نەرسە ئوخشىمايدۇ، ئۆگىنىش ئۇسۇلىمۇ
ئوخشىمايدۇ. شۇڭا ئۆگىنىش نەتىجىسىمۇ، ئالغا بېسىشىمۇ
مۇقەررەر ئوخشىمايدۇ، بالىلارغا بىر نۇقتىنى بىلدۈرۈش كېرەك:
باشقىلاردىن يۇقىرى تۇرۇش ھېچقانچىلىك قالتىس ئىش ئەمەس،
ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى نەتىجىسىدىن ئېشىپ كېتىش ھەقىقىي
ئىلگىرىلەش ھېسابلىنىدۇ. رىقابەتچىسى غايىب بولۇپ كېتىشى
ياكى يوق بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۆزى مەۋجۇت. ئۆزىنى
رىقابەتچىم دەپ بىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش بالىلارنى ئەتراپىدىكى
كىشىلەر بىلەن بولغان ياخشى مۇناسىۋەتكە، ئەتراپتىكى
كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە قىلىپ قالماستىن، بەلكى ئۆزىنى
ئۈزۈكسىز بۆسۈش ھاسىل قىلىشقا ۋە يۇقىرى ئۆرلەشكە ئىگە
قىلىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئاتا - ئانىلار ئىزچىل ئۆگىنىپ بىلىم ئېلىش
ھەۋىسى ۋە قىزىقىشىنى ساقلىشى، پائال ئىلگىرىلەش جەھەتتە
ئۆزى ئۈلگە بولۇشى، ئۆزىنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى ئارقىلىق
بالىلارغا ئىلھام - مەدەت بېرىشى ۋە ئۇلارنى قوللىشى كېرەك.

بىز بىر تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق: ئاتا - ئانىسى ئۆيدە ئازدۇر -
كۆپتۇر كىتاب ئوقۇيدىغان، دائىم كىتاب سېتىۋالىدىغان ئائىلىنىڭ
بالىلىرى كىتاب كۆرۈشكە ئامراق كېلىدۇ. ئاتا - ئانىسى
ئۆگىنىشكە ئامراق، يېڭى بىلىملەرگە قىزىقىدىغان ئائىلىلەرنىڭ
بالىلىرىمۇ يېڭى بىلىملەرگە قىزىقىدۇ ۋە ئۇنى ئۆگىنىدۇ. لېكىن
ئاتا - ئانىسى كۈندە ئىشتىن چۈشۈپ تېلېۋىزور كۆرىدىغان،



www.uyghurkitap.com

ئۇخلايدىغان ياكى سىرتقا چىقىپ ئوينايدىغان ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرى ئەقىللىك، ئۆگىنىشكە ئامراق بولسىمۇ، يۇقىرى يىللىققا چىققاندا ئاتا - ئانىسىغا ئوخشاش ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ناۋادا بالىسى ئاتا - ئانىسىدىن ئۇنى - بۇنى سورىسا ئاتا ئانىسى ھېچنېمىنى دەپ بېرەلمەيدىغان ياكى «مۇئەللىمىڭدىن سورا» دېيىشنىلا بىلىدىغان ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرى ئۆگىنىشكە ئۇزۇن مۇددەت قىزىقىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرەلمەيدۇ.

ئاتا - ئانا بالىنىڭ بىرىنچى ئوقۇتقۇچىسى دېگەن سۆزنى ھەممىمىز بىلىمىز، مەن بۇ سۆزگە ئاتا - ئانا بالىنىڭ بىرىنچى ئوقۇتقۇچىسى، شۇنداقلا بالىغا بىر ئۆمۈر تەسىر كۆرسىتىدىغان، ئۆمۈرلۈك ئۈنۈم بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىسىدۇر دېگەن سۆزنى قوشۇپ قوياي. ئاتا - ئانىلار بالىغا نىسبەتەن ئەڭ مۇھىم بولغان ئىشلاردا بەزى پاسسىپ قاراشلارنى ئۆزگەرتىشى، بالىسىغا ئۆمۈرلۈك ياردەملەشكۈچى ۋە ئۇلارنى قوللىغۇچىلاردىن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## بالىنىڭ مىجەز - خۇلقىنى چۈشەنگەندە ئاتا - ئانىنىڭ تەربىيەسى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولىدۇ

بۇندىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن شىنجاڭغا كەلدىم، بىرنەچچە ئانا مەندىن بالا تەربىيەسىگە ئائىت بەزى مەسىلىلەرنى سورىدى، بۇلار سورىغان سوئاللار ئاساسەن ئوخشاش ئىدى، ئۇلار بالىلىرىغا بولغان تەربىيەسىنىڭ ئۈنۈمى بولمايۋاتقانلىقىنى، بالىلىرىنى قانداق تەربىيەلەش كېرەكلىكىنى سوراشقانىدى. بۇنداق قىيىنچىلىقنىڭ كېلىپ چىقىشى ئەمەلىيەتتە ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ مىجەز - خۇلقىنى چۈشەنمىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەن تۆۋەندە ئىككى

مىسالنى كۆرسىتىپ ئۆتەي، ئاتا ـ ئانىلار بىرلىكتە تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى:

توققۇز ياشقا كىرگەن پەخىردىن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىدا ئوقۇيتتى، ئانىسىنىڭ گېپىگە قارىغاندا ئۇ ئىنتايىن جانلىق ۋە شوخ بالا بولۇپ، دىققىتىنى يىغالمايتتى، ئۆيدە تاپشۇرۇق ئىشلىگەندە بىرنەچچە مىنۇت ئولتۇرا ـ ئولتۇرمايلا ئورنىدىن قوپۇپ ئۇنىڭغا ـ بۇنىڭغا چېقىلىپ قوياتتى، نەتىجىسىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس ئىدى، مۇئەللىم ئۇنى دەرستە دىققىتىنى يىغالمايدۇ، شۇڭا ئۆگىنىشى ھازىرغىچە ياخشى بولماي كەلدى، لېكىن پەخىردىن ناھايىتى ئەقىللىق بالا، ئۆزى قىزىقىدىغان نەرسىلەرنى بىردەمدىلا ئۆگىنىۋالىدۇ، ئۇنىڭ ئۆستىگە ئۆگەنگەنلىرىنى پەقەت ئۇنتۇپ قالمايدۇ دەيدۇ. پەخىردىنىنىڭ ئانىسى مەندىن: «مۇئەللىم، بالامنى باشقا بالىلارغا ئوخشاش بىر سائەت جىممىدە ئولتۇرۇپ ئۆگىنىش قىلىدىغان قىلغىلى بولىدىغان ئامال يوقمۇ»؟ دەپ سورايدۇ.

ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن دىليار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، ئۇ تەمكىن، جىمغۇر، كەم سۆز بولۇپ، سىز نېمىنى سورىسىڭىز شۇنىڭغىلا جاۋاب بېرىدۇ، مۇئەللىم ئۇنى دەرسنى ئەستايىدىل ئاڭلايدۇ، ئەمما باشقا بالىلارغا ئوخشاش سورىغان سوئاللارغا قىزغىن جاۋاب بەرمەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەممىنى بىلىسىمۇ، لېكىن قول كۆتۈرمەيدۇ دەيدۇ. دىليار ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى، سىنىپتىكى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغانلاردىن ئىدى. لېكىن ئانىسى كەم سۆز، جىمغۇر بالىنى مۇئەللىمى قانداقمۇ ياخشى كۆرسۇن؟ كەلگۈسىدە ئۇ قانداقمۇ كۆڭۈلدىكىدەك تەرەققىي قىلالىسۇن؟ دەپ ئۇنىڭدىن يەنىلا ئەنسىرەيدۇ. شۇڭا بۇ ئانا مېنىڭ بالىسى دىليارنى جانلىق ـ تېتىك، ئوچۇق ـ يورۇق، ئاكتىپ ـ قىزغىن بالا قىلىپ چىقىشىمنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار بۇ ئىككى مىسالنى كۆرۈپ «ھەي، بۇ ئىككى

بالىنى يۇغۇرۇپ بىر بالا قىلغىلى بولسا، بۇ بالا نېمىدېگەن مۇكەممەل بالا بولغان بولاتتى ـ ھە» دەپ ئويلىشى مۇمكىن. لېكىن ئەمەلىيەت شۇكى، ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار، بۇ خىل ئالاھىدىلىك نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئىرسىيەت ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تۇغما بولىدۇ. ئەمما بۇنداق تۇغما ھالەتنى ئۆزگەرتىدىغان ئالاھىدىلىكنى ھازىرلاشنىڭ ئىنتايىن قىيىنلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم، ئۇنداقتا بۇنىڭغا ھېچقانداق ئامال يوقمۇ؟ ئامال بولۇشى بار، لېكىن ئالدىنقى شەرت شۇكى، ئاتا ـ ئانا ئالدى بىلەن بالىسىنىڭ مىجەز تىپىنى چۈشەنگەندىلا ئاندىن خاراكتېر جەھەتتىكى كەمچىلىكنى تولۇقلىغىلى بولىدۇ.

پىسخولوگىيەدە تىلغا ئېلىنىدىغان ئادەمنىڭ مىجەز ـ خۇلقى ھەر بىر ئادەمنىڭ پىسخىك پائالىيىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، سۈرئىتى، تۇراقلىقلىقى ۋە جانلىقلىقىدىن ئىبارەت بىر نەچچە تەرەپتىكى ئالاھىدىلىكنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئاساسلىقى كەيپىيات جەھەتتىكى سۈرئەتنىڭ تېز ياكى ئاستىلىقى، دەرىجىسىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقى؛ دىققىتىنىڭ مەركەزلىشىش دەرىجىسى، ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى؛ تەپەككۇرىنىڭ جانلىق ياكى جانسىزلىقى؛ سۆز ـ ھەرىكىتى، يۈرۈش ـ تۇرۇشىنىڭ چاققانلىقى؛ ئىرادىسىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقى، مۇقىم ياكى ئۆزگىرىشچانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدىغان تۇراقلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

ھەر بىر ئادەمنىڭ مىجەزى تۇغما بولىدۇ، پىسخىك پائالىيەتنىڭ كۈچلۈكلۈكى، سۈرئىتى، مۇقىملىقى، جانلىقلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىكى خۇسۇسىيىتى ھەر بىر ئادەمنىڭ نېرۋا سىستېما تىپى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، ئەمما نېرۋا سىستېمىسىنىڭ تىپى يەنە كۆپ ھاللاردا ئىرسىيەت گېنى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مىجەز تىپى تۇغما بولۇپ، ئۇ ياخشى ـ يامان دەپ ئايرىلمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پسىخولوگىيە كەسپىدە ئادەملەرنىڭ مىجەزىنى كۆپ قانلىقلار، سەپرالار، سەۋدالار ۋە بەلغەملەر تىپى دەپ تۆت تۈرگە ئايرىيدۇ. هازىر خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدە مۇشۇنداق ئاتايدۇ. لېكىن بۇ خىل ئاتاش ئۇسۇلى بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز ۋە ئادىتىمىزگە ئانچە ماس كەلمەيدۇ، شۇڭا بۇ ئاتالغۇلارنى چۈشىنىش ئاسان بولغان، يەنى شامال مىجەز، ئوت مىجەز، سۇ مىجەز، تۇپراق مىجەز دېگەن بۇ تۆت خىل نام بىلەن ئاتىدىم.

## شامال مىجەز بالا

بۇ مىجەزدىكى بالىلار ئورۇقراق، بويى ئېگىزرەك، ئۇستىخان قۇرۇلۇشى ناھايىتى كېلىشكەن بولىدۇ. مىجەز - خاراكتېر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەقىللىك، زېھنى ئۆتكۈر، ئادەم ۋە شەيئىلەرگە قىزىقىشى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ، تېتىك، جانلىق، ئوچۇق - يورۇق بولۇپ، ئاسان خاپا بولمايدۇ، خاپا بولغان تەقدىردىمۇ ناھايىتى ئاسانلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ، خاپىلىقنى كۆڭلىگە ئېلىپ كەتمەيدۇ. بۇنداقلار گەپچى بولۇپ، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئامراقلىقىغا ۋە ياخشى باھاسىغا نائىل بولىدۇ. سىنىپتىكىلەر بىلەن بولغان كىشىلىك مۇناسىۋىتىمۇ ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.

شامال مىجەزدىكى بالىلار كۆلكە - چاقچاق، ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ياخشى كۆرىدۇ، ھەرىكىتى بەك كۆپ بولۇپ، جىم ئولتۇرالمايدۇ، دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرەلەيدىغان ۋاقتى بىر قەدەر قىسقا بولۇپ، ئاسانلا ئىچى پۇشىدۇ، لېكىن ئۇلار ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلالايدىغان نۇرغۇن چارە - ئاماللارنى تاپالايدۇ، بۇنداق بالىلار كىچىك چېغىدا يىقىلىپ كەتسە، ئانىسى: «قوزام، قارىغىنا، ئاۋۇ يەردە بىر قۇش تۇرىدۇ، ئۇ نېمە قىلىۋاتاندۇ»؟ دېسىلا دىققىتى شۇ تەرەپكە بۇرۇلۇپ يىغلىمايدۇ. شۇڭا بۇنداقلار بىر ئىشلارنى ئاسان ئۇنتۇپ قالىدۇ، ھەممىشەم ئۇ - بۇ نەرسىلىرىنى يىتتۈرۈپ قويىدۇ. بۇنداق بالىلارنى مەلۇم ھايۋان بىلەن مەسىلەن، قۇچقاچ، مايمۇنلار بىلەن سۈپەتلەشكە بولىدۇ.

شامال مىجەزدىكى بالىلارنى تەربىيەلەش ۋە يېتەكلەش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك:

1. شامال مىجەزدىكى بالىلار ئۇزاق ئولتۇرالمىغاچقا، ئۇلارغا ۋاقىت جەھەتتە ئارتۇق تەلەپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ مەشغۇلات ۋاقتى قىسقا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنۇم جەھەتتە تەلەپنى يۇقىرى قويۇشىمىز كېرەك. مەسىلەن، ئۆگىنىش مەزمۇنىنى كىچىك نىشانلارغا بۆلۈپ، بۇ كىچىك نىشانلارنى 10 ـ 15 مىنۇت ئىچىدە ئىشلەپ بولۇشنى تەلەپ قىلىشىمىز لازىم. بالا بۇلارنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن ئۆزى قىلىشنى ياقتۇرىدىغان ئىشنى قىلىشقا يول قويىدىغانلىقىمىز، ئىشنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرسا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىشىمىز كېرەك.

2. بۇ خىل مىجەزدىكى بالىلار ئوخشاش بىر ئىشنى تەكرار قىلىشنى يامان كۆرىدۇ، شۇڭا بۇ مىجەزدىكى بالىلارنىڭ تۇرمۇشىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش، بىرلا ۋاقىتتا ئورۇنلاش قىيىن بولغان ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىنى قوزغىشىمىز كېرەك.

3. بۇ مىجەزدىكى بالىلارنىڭ دىققىتىنى يىغىشنى يېتىلدۈرۈشتە تۆۋەندىكىدەك ئامىللارمۇ بار. ئۇ قىلىدىغان ئىش ئۇنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىيالىسىلا، ئۇلار شۇ ئىشنى قىلىۋېرىدۇ ۋە ناھايىتى ئوبدان قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇلار نۇرغۇن مەسىلىلەرنى سورايدۇ، ناۋادا ئاتا ـ ئانىسى سەۋرچانلىق بىلەن جاۋاب بېرەلىسە، شۇنداقلا ئۇلاردىن تېخىمۇ قىزىقارلىق قىلىپ سوئال سوراش ئارقىلىق بالىلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغاندىن كېيىن، ئۇلارغا بەزى ۋەزىپە ۋە خىزمەتلەرنى بەرسە، ئۇلار بۇلارنىمۇ ناھايىتى ئوبدان ئورۇنلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بىرىنچى كۈنى مەشغۇلات ۋاقتى قىسقا بولسىمۇ بولىدۇ، كېيىن پەيدىنپەي بەش مىنۇتتىن ئۇزارتسا بولىدۇ، مۇشۇنداق قىلغاندا بالا ئۇزۇن ۋاقىت مەشغۇلات قىلىشقا ئاستا ـ ئاستا كۆنۈپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com





## ئوت مىجەز بالا

ئوت مىجەزدىكى بالىلارنىڭ تەن قۇرۇلۇشى بەستلىك، مەزمۇت كېلىدۇ، يول ماڭسا «گۇس، گۇس» دەسسەپ ماڭىدۇ، گەپنى ناھايىتى تولۇق ـ پۇتۇن، كەسكىن قىلىدۇ، بۇلار دىكتور بولۇشقا ناھايىتى لايىق كېلىدۇ. بۇ مىجەزدىكى بالىلار كۆرۈشكەندە گەپ بىلەن ئەمەس، بەلكى بىر ـ بىرىنى ئۇرۇپ كۆرۈشىدۇ، بۇلار ھەرىكەت قىلىشقا ھېرىسمەن. بۇ خىل بالىلار سەپرا مىجەز بولۇپ، ئاچچىقى كەلگەندە يانار تاغدەك پارتلايدۇ، ئادەمنى تولىمۇ قورقۇتۇۋېتىدۇ. لېكىن بىردەمدىن كېيىنلا ئاچچىقى يانىدۇ.

بۇ خىل مىجەزدىكى بالىلار ھەرىكەتچان، ئىرادىسى مۇستەھكەم كېلىدۇ، مەقسىتىگە يەتمىگۇچە ھەرگىز توختاپ قالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرىكەت قىلىش كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك، باشقا بالىلار قانداق قىلسام بولار دەپ ئويلاپ ئولتۇرغاندا ئۇلار ئىشنى باشلىۋەتكەن بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئىشنى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ، ئەستايىدىل قىلىدۇ، ئىشنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئورۇنلايدۇ. ئۇلار قانۇنىيەت بويىچە ئىش قىلىدۇ، ئوبيېكتىپ ئادىللىققا ھۆرمەت قىلىدۇ، ئىش قىلغاندا سۆرەلمىلىك قىلماي كەسكىن ئىش قىلىدۇ، دىلىغول بولۇپ ئولتۇرمايدۇ. ئەمما ئىش قىلىش داۋامىدا ئىشنى جانلىق بىر تەرەپ قىلمايدۇ، جانلىق ئىشلىتىشنى بىلمەيدۇ.

بۇ مىجەزدىكى بالىلار رەھبەر بولۇشقا ئامراق بولۇپ، باشقىلارنىڭ باشقۇرۇشىنى خالىمايدۇ، باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ گېپىنى ئاڭلىشىغا خۇشتار بولىدۇ ۋە باشقىلارنى باشقۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. ناۋادا بىر توپ ئادەم ئىچىدە شامال مىجەزلىك بالا ئەقىل كۆرسىتىشكە خۇشتار دېسەك، لېكىن ئاخىرىدا ئەمەلگە ئاشۇرىدىغىنى چوقۇم ئوت مىجەزلىك بالا بولۇپ چىقىدۇ، كۆپچىلىكمۇ شۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ. لېكىن ئوت مىجەز بالىلارنىڭ ئاسان جاھىللىقى تۇتىدىغان بولغاچقا، ئۇلار خىلىلا

مۇتتەھەم كېلىدۇ، ئۆزىنىڭكىنىلا راس قىلىدۇ، باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلىمايدۇ، تەنقىدنى قوبۇل قىلمايدۇ.

ئوت مىجەز بالىلارنى تەربىيەلەش ۋە يېتەكلەش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك:

1. ئوت مىجەز بالىلار ئۆزىگە بەك ئىشىنىدىغان، ئىقتىدارلىق بولغاچقا، باشقۇرۇشقا كۆنمەيدۇ. بۇ مىجەزدىكى بالىلارنى گەپكە كىرگۈزىمەن دېسىڭىز، ئاتا - ئانىسى ياكى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىقتىدارى يۇقىرى بولۇشى كېرەك. بالىلار تەربىيەلىگۈچىلەرنى قالتىس دەپ بىلگەندىلا، ئاندىن ئىمتىيازىڭىزنى ئېتىراپ قىلىدۇ، شۇ چاغدىلا گېپىڭىزگە كىرىدۇ. شۇڭا بۇ خىلدىكى بالىلار مەكتەپتە مەلۇم بىر ئوقۇتقۇچىغا ياكى ئوقۇغۇچىغا چوقۇنسا شۇ مۇئەللىم ۋە ئوقۇتقۇچىغا يېقىنلىشىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ.

2. بۇ مىجەزدىكى بالىلارنى ئاتا - ئانىسى تولۇق ھۆرمەتلىشى، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى ئېتىراپ قىلىشى، ئۇلاردىن قەتئىي گۇمانلانماسلىقى كېرەك. ناۋادا قايسى بىر دادا: «مەن سېنىڭ داداڭ، مەن سېنى چوقۇم باشقۇرۇشۇم كېرەك» دەيدىكەن، بۇ خىلدىكى بالىلار كۆڭلىدە ئۇنداق بولۇشنى خالىمايدۇ، چوڭ بولغانسېرى دادىسىنى كۆزىگە ئىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدە دادىسى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرىدۇ، دادىسىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ.

3. بۇ مىجەزدىكى بالىلارغا بىر خىل خىزمەت ۋە ۋەزىپە بېرىشىڭىز، ئۇ ۋەزىپىنىڭ چوقۇم قىيىنلىق دەرىجىسى بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا ئۇ بۇ خىزمەت - ۋەزىپىنى ئورۇنلاش داۋامىدا بىر بولسا يۇقىرى ئۆرلەشكە، كۆز ئالدىدىكى قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە تىرىشىدۇ؛ بىر بولسا باشقىلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ، باشقىلارنىڭ تەكلىپىنى ئاڭلايدۇ. بۇ قانداقلا بولسۇن بۇ خىل مىجەزدىكى بالىلار ئۈچۈن بىر خىل ياخشى يېتەكلەش ھېسابلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



سۇ مىجەز بالا

سۇ مىجەز بالىلار سەل سېمىزرەك بولۇپ، ئازراق قورساق سالغان بولىدۇ، ئۇلار قورسىقىغا ۋە ئۇيقۇغا ئامراق كېلىدۇ. شۇڭا بۇلار ئانچە تېتىك ـ جانلىق ئەمەس، گەپ ۋە ئىشنى بىر قەدەر ئاستا قىلىدۇ، گەپ قىلىش ئارىلىقىدا خېلى ئۇزۇن توختىۋالىدۇ، شامال مىجەز تىپىدىكى بالىلارغا ئوخشاش تېز سۆزلىمەيدۇ، شۇنداقلا ئوت مىجەز تىپىدىكى بالىلارغا ئوخشاش ئېنىق، ئۇنلۇك سۆزلىمەيدۇ.

بۇ مىجەزدىكى بالىلار بىر قەدەر سالماق بولۇپ، كىچىكىدىنلا غەرەز ئۇقىدۇ، يول ـ قائىدە بىلىدۇ، ئاتا ـ ئانىسىغا بولغان قارشىلىقىمۇ ئانچە كۈچلۈك ئەمەس، مەكتەپتە بولسا «گەپ ئاڭلايدىغان بالا» قاتارىغا تەۋە، بۇ خىلدىكى بالىلارنى گەپكە كىرگۈزۈش، باشقۇرۇش ئاسان بولغاچقا، ئۇلارنى مۇئەللىملەر ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ بىرنەرسىنى زادى چۈشەنگەن ـ چۈشەنمىگەنلىكىنى، قانچىلىك قوبۇل قىلغانلىقىنى تازا ئاڭقىرالمايسىز، بۇ مەسىلە ئاتا ـ ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

بۇ خىل مىجەزدىكى بالىلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار ئىنتايىن چىدامچان بولۇپ، بىر ئىشنى ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتۇرالايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە كىشىلەرگە سەمىمىي بولۇپ، ئىشىنىشكە بولىدۇ. چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۇلار كىشىلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا سازاۋەر بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار گەپنى ئاز قىلىپ، جىممىدە ئىش قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە تەبىئىيتى سالماق، مۇقىم بولۇپ، تۇرمۇشتا ھەرقانداق ئىشقا يولۇقسا ئۇنى جايىدا بىر تەرەپ قىلالايدۇ ياكى نېمە قىلىشنى بىلەلمەي دېلىغۇل بولۇپ قالمايدۇ، كىشىلەرگە ناھايىتى بىخەتەر، ناھايىتى ئىشەنچلىك تۇيغۇ بېرىدۇ.

سۇ مىجەز بالىلارنى تەربىيەلەش ۋە يېتەكلەش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك:

1. ئاتا ـ ئانىلار ياكى ئوقۇتقۇچىلار بۇ خىل مىجەزدىكى بالىلارغا ناھايىتى سەۋرچان بولۇشى كېرەك. بۇ مىجەزدىكى بالىلارنىڭ ئىنكاسى ئاستىراق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بىر نەرسىنى ئېسىدە تۇتۇۋېلىشى خېلى تەسكە توختايدۇ. ئۇلارغا بىرەر مەزمۇننى خېلى كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇلار «ئاستا قىزىيدىغان تىپ» قا تەۋە ، ئەمما بىر نەرسىنى چۈشىنىۋالغاندىن كېيىن ئۆگىنىش ھالىتىگە كىرىدۇ ـ دە، ئۇنى باشقا ئېلىپ چىقىدۇ، ئاسان بەل قويۇۋەتمەيدۇ.

2. بۇ خىل مىجەزدىكى بالىلارغا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۈلگە بولۇشىنىڭ رولى ناھايىتى مۇھىم. ئاتا ـ ئانىلار ئۇلارنىڭ ئالدىدا قىزغىنلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان، تۇرمۇشقا قىزغىن ۋە ئەقىدىسى كۈچلۈك كىشىلەر قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى يېتەكلىشى ۋە ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىشى كېرەك. لېكىن ناۋادا ئاتا ـ ئانىلار كەم سۆز، جىمىغور بولۇپ، ھېچنېمىگە قىزىقمىسا بالىلىرىغا سەلبىي جەھەتتىن كۆرسىتىدىغان تەسىرى ناھايىتى زور بولىدۇ.

## تۇپراق مىجەز بالا

تۇپراق مىجەز بالىلار قارىماققا نىسبەتەن ئۇرۇق، ئېگىز دەك كۆرۈنىسىمۇ، لېكىن بېشى سەل چوڭ، بەدىنى يۇمشاق بولۇپ، ئاجىز كېلىدۇ، ئۇلارنى ئاتا ـ ئانىسى دائىم «يا ئولتۇرۇشۇڭ ئولتۇرغانىغا، يا ئۆرە تۇرۇشۇڭ ئۆرە تۇرغانىغا ئوخشىمايدۇ» دەپ كايىيدۇ.

تۇپراق مىجەز بالىلار ناھايىتى ئىنچكە بولۇپ، ئۇلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزىگە بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتى ياكى مۇئامىلىسىدىكى ئۆزگىرىشنى ناھايىتى سەزگۈرلۈك بىلەن ھېس قىلالايدۇ. ئۇلار گەپنى، ئىشنى تېز قىلمايدۇ، ھەتتا ھېچنېمىگە قىزىقمىغاندەك كۆرۈنىدۇ، تالاغا چىقىپ ئوينىمايدۇ، لېكىن ئۇلار كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، كىتابتىكى باش پېرسوناژنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com





كەيپىياتى ياكى ئىدىيە ـ ھېسسىياتىنىڭ قانداقلىقىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدۇ، باش پېرسوناژلار دۇچ كەلگەن ئوڭۇشسىزلىق ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك كەچۈرمىشكە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئۇلاردىن ناھايىتى چوڭقۇر تەسىرات ئالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار ئاتا ـ ئانىلىرىغا باشقا بالىلار زادىلا ئويلاپ باقمىغان ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە كەسكىن مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

بۇ مىجەزدىكى بالىلار ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان، قىزغىن بولۇپ، باشقىلارغا ياردەم بېرىش ۋە كۆڭۈل بۆلۈشكە ئىنتايىن ئامراق. باشقىلار قىيىنچىلىقتا، ئازاب ـ ئوقۇبەتكە يولۇققاندا ياش تۆكىدۇ، بىر ئاماللارنى قىلىپ ياردەم بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ كەيپىياتى بەكمۇ تۇراقلىق بولمايدۇ، ئاسان ھاياجانلىنىدۇ ھەم قورقۇنچاق كېلىدۇ. ئىت، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، قاراڭغۇلۇق قاتارلىقلاردىن قورقىدۇ، ئاسان يارىلىنىدۇ، خۇشاللىق ياكى كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئاسان ئۇنتۇپ قالمايدۇ، ئۇزۇنغىچە كۆڭلىدە ساقلايدۇ.

بۇ خىل مىجەزدىكى بالىلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، دىققىتىنى يىغالايدىغان ۋاقتى يۇقىرىقى ئۈچ خىل مىجەزدىكى بالىلارغا قارىغاندا ئۇزۇن بولىدۇ. ئۇلار ھەرقانچە زېرىكىشلىك ئىش بولسىمۇ ئۇنى تۈگەتمىگۈچە بولدى قىلمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشنى ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن بىر ـ بىرلەپ ناھايىتى پاكىز، مۇكەممەل قىلىدۇ. بۇخىل مىجەزدىكى بالىلاردىن ئالىم ۋە تەتقىقاتچى كۆپ چىقىدۇ.

تۆپراق مىجەزدىكى بالىلارنى تەربىيەلەش ۋە يېتەكلەش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك:

1. ئاتا ـ ئانىلار تۇپراق مىجەزدىكى بالىلارنىڭ يۇقىرىدىكى ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىش، قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا ناھايىتى سەۋرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى كېرەك.

2. بۇ مىجەزدىكى بالىلار سەزگۈر بولغاچقا، ئاتا ـ ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۇلارغا بولغان تەربىيەسى ئىلھام بېرىش ۋە ماختاشنى ئاساس قىلىشى، ئارتۇقچە تەنقىدلەپ كەتمەسلىكى

كېرەك. مەسىلەن، «سەن نېمانچە مىس ـ مىس»، «سەن نېمانچە دۆت» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلىپ ئۇلارغا زەربە بەرمەسلىكى كېرەك. ناۋادا بۇنداق گەپلەرنى دەۋەرسەك باللار ئۆزىنى مەن راستىلا شۇنداق ئوخشايمەن، شۇڭا ئاتا ـ ئانام مېنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئوخشايدۇ دەپ قالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ ئۈمىدسىزلىنىدۇ ۋە مەيۈسلىنىدۇ.

3. بۇ خىل مىجەزدىكى باللارنىڭ كەيپىياتى ياخشى بولمىغاندا، ئاتا ـ ئانىلار«يىغلىما»، «ساڭا يەنە نېم بولدى، يوقىلاڭ بىر ئىشقۇ ئۇ»، «تېتىكرەك بولغىن» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلماسلىقىمىز لازىم، چۈنكى، بۇنداق گەپ ـ سۆزلەرنىڭ باللارغا ھېچقانداق پايدىسى يوق، بىز ئۇلارغا بۇنداق گەپلەرنى قىلماستىن، ئۇلارنىڭ كەيپىياتىغا بېقىپ، كەيپىياتىنى چۈشەنگەن ئاساستا يېتەكلىشىمىز كېرەك، ئالايلۇق، بالىنىڭ قورسىقى ئاغرىسا سىز بالىڭىزغا «ئاپلا، قورسىقىڭ ئاغرىۋاتامدۇ، مېنىڭ كىچىك چېغىمدىمۇ قورسىقىم ئاغرىغان، ھەي، شۇنداق قاتتىق ئاغرىغان، چىدىيالماي قالغانىدىم...» دېيىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق دېگەندە ئۇ سىزنى مېنى چۈشىنىدىكەن دەپ بىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن گېپىڭىزنى ئىتتىكلا ئاڭلايدۇ.

بۇ بىرنەچچە خىل تىپ ـ مىجەزدىكى باللارنىڭ ئەھۋالىنى با- يان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىلار پەخىردىنىنىڭ شامال مىجەزدىكى ئىلىيارنىڭ تۇپراق مىجەز بالا ئىكەنلىكىنى، ئاتا ـ ئا- نىلارنىڭ ئۇلارنىڭ مىجەزىنى مەجبۇرىي ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى، پەقەت ئۇنى ئىگىلىگەن ۋە چۈشەنگەن ئاساستا ئۇلارنى مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن يېتەكلەش لازىملىقىنى، شۇنداق قىلغاندىلا ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى چۈشەندى بولغاي.

ئاتا ـ ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ قانداق مىجەزلىك بالا ئىكەنلىكىنى كۆزىتىش داۋامىدا مۇنداق بىرنەچچە نۇقتىغا دىققەت قىلىشى لازىم:

1. ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ مىجەز جەھەتتە ئىپادىلىگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئالاھىدىلىكىنى ئېسىدە مەھكەم تۇتۇشى كېرەك، ئۇنى مەجبۇرىي ئۆزگەرتمەن دېيىش ئاقمايدىغان ئىش، پەقەت بالىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئېتىراپ قىلغاندا ۋە قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى پائال يېتەكلىگەندىلا ئاندىن بالىلىرىمىزنىڭ كېيىنكى چاغدىكى تەرەققىياتىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلالايمىز.

2. بالىلارنىڭ تىپىنى بىرنەچچە خىلغا بۆلۈش بالىلارنىڭ ئۆز تىپ ـ مىجەزىنى بىلىش، ئۇلارغا «ماركا» چاپلاش ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى مۇھىمى ئاتا ـ ئانىلارغا بالىلىرىنىڭ تىپ ـ مىجەزىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش، بالىلىرىنىڭ «ئىنزچىل» ئىپادىسىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىش، ئاندىن بالىلارنى تېخىمۇ ھۆرمەتلەپ، بالىلارنى تۇغما تەبىئىيتى بىلەن ئەركىن تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تەربىيە ئۇسۇلى تېخىمۇ قاراتمىلىققا ۋە ئۈنۈمدارلىققا ئىگە بولىدۇ.

3. ھەر بىر بالا مەلۇم بىر نەچچە خىل تىپ ـ مىجەزنىڭ مۇجەسسەملىنىشى ياكى نوقۇل ھالدا مەلۇم بىر خىلدىكى تىپ ـ مىجەزگە تەۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنى ئىنسان تەبىئىتىنىڭ مۇرەككەپلىكى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نۇرغۇن بالىلار ئىككى خىل تىپ ـ مىجەزنى دەل جايىدا ئىشلىتىدۇ، ئالايلۇق، ئۆيدە شامال مىجەزلىك بولسا، سىرتتا تۇپراق مىجەزلىك بولىدۇ ۋە باشقىلار. ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ قانداق ۋاقىتتا قانداق تىپ ـ مىجەزلىك بولىدىغانلىقىنى كۆزىتىشكە ۋە ئىگىلەشكە ماھىر بولۇشى كېرەك.

## ئۆگىنىش ئادىتى ـــ كۆڭۈللۈك ئۆگىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى

نۇرغۇن ئاتا ـ ئانا مەندىن بالىلىرىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىگە ئائىت مەسىلىلەرنى سورايدۇ. بالىلىرى مەكتەپ يېشىغا توشقاندا

مەكتەپكە كىرىدۇ، تۆۋەن يىللىقتا ئۆگىنىش نەتىجىسى تازا ياخشى بولمايدۇ، شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى ئۆگىنىشكە يېتەكلەشكە سەل قارايدۇ، ئىككىنچى، ئۈچىنچى يىللىققا چىققاندا دەرسى قىيىنلىشىدۇ، بۇ چاغدا ئاتا ـ ئانا بالىلىرىنىڭ دەرس تەكرارلىشىغا ياردەم بەرگەچ بالىلىرىنىڭ ياخشى ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشىگە ياردەم بېرىشىنىڭ ئىنتايىن قىيىن بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقانلىقىنى ئىنكاس قىلىشىدۇ.

كىچىكىمدە ئاڭلىغان بىر ھېكايە ھېلىھەم ئېسىمدە:

بىر بالا ساتىراشلىققا ھۇنەرگە كىرىپتۇ، ئۇ بالا ھەر قېتىم مەشىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇستىرىنى مەشىق قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن كاۋىغا سانجىپ قويىدىكەن. ئۇستىسى دائىم ئۇنىڭغا بۇنداق قىلماسلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدىكەن، لېكىن ئۇ بالا ئۇستىسىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا پەرۋا قىلماپتۇ. كېيىن ئۇ بالا دۇكان ئاچىپ ئۆز ئالدىغا ساتىراشلىق قىلىپتۇ. تۇنجى قېتىم بىرىنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپتۇ، ئۇنىڭ بۇ ئادەمنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن نېمىشلار يۈز بەرگەنلىكىنى ھەممىمىز تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. مەن شۇ چاغدا بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ قويۇپ، بۇ ئادەتتىكى بىر ھېكايە ئىكەنغۇ دەپ ئويلىغانىدىم. كېيىن چوڭ بولۇپ بۇ ھېكايىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

پسىخولوگىيە ئىلمىدە «ھەرىكەت ئادەتنى بەلگىلەيدۇ، ئادەت مىجەزنى بەلگىلەيدۇ، مىجەز تەقدىرنى بەلگىلەيدۇ» دېگەن گەپ بار. ئاخىرىدا بىر ئادەمنىڭ قانداق ئادەم بولۇشىنى ئۇنىڭ قانداق ئادىتى بارلىقى بەلگىلەيدۇ. ئادەت ھەرىكەتنى ئاپتوماتلاشتۇرىدۇ. ئۇ شەكىللىنىش بىلەنلا كىشىلىك ھاياتنى كونترول قىلىدىغان بىر خىل كۈچكە ئايلىنىدۇ. لېكىن ياخشى ئادەت بىر كۈندىلا شەكىللەنمەيدۇ. ئۇ ئاتا ـ ئانا ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بالىلارنىڭ ھالقىلىق ياش باسقۇچىدا ئۇلارنى يېتەكلەش ۋە يېتىشتۈرۈشىگە موھتاج.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



نۇرغۇن ئاتا ـ ئانا ئۆگىنىش پوزىتسىيەسى بالا ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم دەپ قارايدۇ، شۇڭا بالىسى مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىنلا بالىلىرىنىڭ ئىگىشىغا پوزىتسىيە جەھەتتىكى چۈشەنچىلەرنى سىڭدۈرىدۇ: «بالام ئوبدان ئوقۇغىن ـ ھە! كېيىن ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇساڭلا ئىستىقبالىڭ بولىدۇ؛ ئۆگىنىش پوزىتسىيەڭ ئەستايىدىل بولۇشى كېرەك، بولمىسا نەتىجەڭ ياخشى بولمايدۇ» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى سەمىگە سىڭلەپ تۇرىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ يېشى تېخى كىچىك بولغاچقا «كەلگۈسىدىكى كىشىلىك ھايات»، «ئىستىقبال»، «پوزىتسىيە، ئەستايىدىل بولۇش» قاتارلىق سۆزلەرگە پىسەنت قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، ئۇلار بۇ جەھەتتە ھېچقانداق بىلىم تەسىراتقا ئىگە ئەمەس . شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بۇنداق گەپلەرنى بىر كۈندە نەچچە قېتىم دەپ ئاغزىنى ئۇپرىتىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇنداق گەپ ـ سۆز، پەند ـ نەسىھەتلەرنىڭ بالىغا ھېچقانداق ئەمەلىي پايدىسى بولمايدۇ. پىسخولوگىيە ئىلمىنىڭ كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت ـ تەرەققىيات جەھەتتىكى تەتقىقاتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بالىلارنىڭ ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ھالقىلىق باسقۇچقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بالىلارنىڭ ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ھالقىلىق باسقۇچى 3 ـ 12 ياشقىچە بولۇپ، بۇنىڭدا 3 ـ 6 ياشقىچە بولغان مەزگىلدە ياخشى تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشنى ئاساس قىلىشى كېرەك، 6 ـ 8 ياشقىچە بولغان مەزگىلى ياخشى ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرىدىغان ئاساسلىق باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ1 ـ ، 2 ـ يىللىقىدا ئاتا ـ ئانا ۋە ئوقۇتقۇچىلار بالىلارنىڭ ياخشى ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلغاندىلا، ئاندىن ئۆگىنىش پائالىيىتى جەھەتتە بالىلىرىغا ھەقىقىي، ئەمەلىي ياردەم بېرەلەيدۇ.

مەكتەپكە يېڭى كىرگەن بالا قايسى خىل ياخشى ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە موھتاج؟ مېنىڭچە تۆۋەندىكى بىرنەچچە جەھەتتىن يېتىلدۈرۈشكە موھتاج:

**1. باللاردا ئۆگىنىشكە كېرەكلىك بۇيۇملار، بوغچا ۋە ئەتىسى دەرستە ئىشلىتىدىغان كىتاب ـ ماتېرىياللارنى ئۆزلىرى يىغىشتۇرىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.**

ئاتا ـ ئانىلار بۇنى كىچىك ئىش، باللارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بەرسە ھېچنېمە بولمايدۇ دەپ قاراپ، باللىرىنىڭ ئۆزلىرى يىغىشتۇرۇشىغا پۇرسەت بەرمەيدۇ. بالىسى خېلى چوڭ بولغاندا بالىسىغا بۇ تەلەپنى قويىدۇ، بۇ چاغدا باللار بىر بولسا يىغىشتۇرۇشنى خالىمايدۇ، بىر بولسا قولىنىڭ ئۇچىدىلا يىغىشتۇرىدۇ. نۇرغۇن ئاتا ـ ئانا بېشىدىن مۇنداق كەچۈرمىشنى ئۆتكۈزگەن : ئاتا ـ ئانا ئۆزى ئىشقا بېرىپ بولغاندىن كېيىن بالىسى ئۆيدە ئۇ نەرسەمنى، بۇ نەرسەمنى ئۇنتۇپ قاپتىمان دەپ ئاتا ـ ئانىسىغا تېلېفون بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ ئانىسى ئىدارىسىدىن يەنە ئۆيىگە بېرىپ بالىسى ئۇنتۇپ قالغان نەرسىنى مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىدۇ. باللارنى كىچىكىدىن باشلاپلا ئۆگىنىشكە كېرەكلىك بۇيۇملارنى ئۆزى يىغىشتۇرۇشقا ئادەتلەندۈرگەندە، ئۇلار كىچىكىدىنلا ئۆگىنىشنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ـ دە، ئاتا ـ ئانىسىغا يۆلىنىۋالمايدۇ. بۇ ھال بالىدا باشقا ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشتە ئىجابىي جەھەتتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

**2. بالا مەكتەپكە كىرگەندىن باشلاپلا ئۇنىڭدا رۇس ئولتۇرۇش، قەلەمنى ئۆلچەملىك تۇتۇش جەھەتلەردە ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.**

ئورۇندۇقتا رۇس ئولتۇرۇش ۋە قەلەمنى ئۆلچەملىك تۇتۇپ خەت يېزىش قىياپىتى بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ناۋادا بالا رۇس ئولتۇرمىسا، بالىنىڭ ئومۇرتقىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىپ، دۈمچەك بولۇپ قالىدۇ. ناۋادا بالىنىڭ قەلەم تۇتۇش قىياپىتى دۇرۇس بولمىسا، بالىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىگە تەسىر يېتىپلا قالماستىن، بەلكى قول مۇسكۇللىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. بالىنىڭ تېنىنىڭ تولۇق ـ بىجىرىم يېتىلمەسلىكى بالىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىگە ۋاستىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بالا خەت يېزىشنى ئەمدىلا باشلىغان چاغدا دۇرۇس قىياپەتتە تورۇپ خەت يېزىشى ناھايىتى مۇھىم. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا «بېشىنى تۈز، بەدىنىنى دۇرۇس، پۇت ـ قولىنى ئۆلچەملىك قويۇش» نى تەلەپ قىلىشى كېرەك. بۇ ئارقىلىق بالىلاردا كىچىكىدىن باشلاپلا دۇرۇس ئولتۇرۇش، خەت يازغاندىكى قىياپىتى دۇرۇس بولۇشتىن ئىبارەت ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ دۇرۇس ئولتۇرغان سۈرىتىنى چوڭايتىپ، ئۇلارنىڭ پارتىسىنىڭ ئۈستىگە چاپلاپ قويۇپ، بۇ ئارقىلىق بالىلارنى دۇرۇس ئولتۇرۇش ۋە خەت يېزىش قىياپىتىنىڭ دۇرۇس بولۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى سەمىگە سېلىپ تۇرۇش مەقسىتىگە يېتىش كېرەك.



### 3. بالىلاردا قەرەللىك ئۆگىنىش، كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

ئايىنسا بىرىنچى سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىسى، بىرىنچى يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا تاپشۇرۇق ئورۇنلاشتۇرۇلمىغاچقا ئۆيىگە يېنىپ بارغاندىن كېيىن ئوينايدۇ، ئۇنىڭ ئانىسى تاپشۇرۇق بولسۇن ـ بولمىسۇن بالا ئازراق ئۆگىنىش قىلىشى كېرەك دەپ قارايدۇ، ئانىسىنىڭ بۇنداق قارىشى بالىسىنى كىچىكىدىنلا ئانچە ـ مۇنچە تاپشۇرۇق ئىشلەش، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئۆگىنىش قىلىشنى بىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. ئەمما دادىسى تاپشۇرۇقى بولمىغاندىكىن قانغۇچە ئوينىشى كېرەك، كېيىن چوڭ بولۇپ تاپشۇرۇق ئورۇنلاشتۇرۇلغاندا ئىشلىسىمۇ كېچىكمەيدۇ، قىزىم قانچە يىل ئويىنيالايتتى؟ خۇشال بولۇش ھەممىدىن مۇھىم، دەپ قارايدۇ، ئەمما ئانىسى بۇنداق كېتىۋەرسە يامان ئۆگىنىپ قالىدۇ دەپ قارايدۇ. ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا قىزىمىز تاپشۇرۇق

ئىشلىشى كېرەكمۇ، يوق دېگەن مەسىلىدە زىددىيەت پەيدا بولۇپ قالىدۇ، ئاتا ـ ئانىلار سىلەر ئىككىيلەننىڭ قايسىسىنىڭ قارىشىنى قوللايسىلەر؟

ناۋادا ئانىنىڭ بالىنىڭ ياخشى ئۆگىنىش ئادىتى يېتىلدۈرۈش ئۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئانىنىڭ توغرا. بالا مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ئادەت يېتىشتۈرۈشى كېرەك، ھەر كۈنى ئاخشىمى ئازراق ۋاقىت ئاجرىتىپ يېرىم سائەت بولسىمۇ يېزىق ئۈستىلى ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇشى، تاپشۇرۇقى بولمىسا كىتاب ئوقۇشى ياكى رەسىم سىزىشى ياكى بۈگۈن نېمىلەرنى ئۆگەنگەنلىكىگە قاراپ بېقىشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا بالىنىڭ چوڭ مېڭىسىدە ئۆگىنىشتىن ئىبارەت بۇ ئەقلىي پائالىيەتكە توغرا تونۇش شەكىللىنىدۇ، ئۇنىڭ تاپشۇرۇق بولمىسىمۇ ئۆگىنىش قىلىش ھەر كۈنلۈك زۆرۈر ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك.

**4. بالىدا تەكرار قىلىش ۋە ئالدىن تەييارلىق قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.**

يۇلتۇز مەن داۋالىغان قىز ، بۇ يىل 9 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ نەتىجىسى ئىزچىل ياخشى بولماي كەلدى. ئاخىرى مەكتەپتە ئوقۇمايمەن دەپ جېدەل قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچى بۇ قىزنىڭ ئىنكاسىنىڭ ئاستىلىقىنى، دەرسنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىمايدىغانلىقىنى، تاپشۇرۇقنى تولۇق ئىشلىمەيدىغانلىقىنى، بەزىدە دەرسكە كىتابىنى ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ئىنكاس قىلىدۇ. مۇئەللىمنىڭ نەزىرىدە بۇ قىز ئۆگىنىش ۋە ئوقۇشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان قىز. يۇلتۇزنىڭ دادىسى سودىگەر بولۇپ، ناھايىتى ئالدىراش، ئۇلار بالىسى مەكتەپكە يېڭى كىرگەندە بالىسى بىلەن پەقەت كارى بولمىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئۇلار «قىزىمىز ناھايىتى گەپ ئاڭلايدۇ، كۈندە تاپشۇرۇق ئىشلەيدۇ، بىز ئۇنى باشقۇرۇپ باقمىدۇق» دەيدۇ. بالا 6 ـ 7 ياش مەزگىلىدە ئۇنى ھېچكىم يېتەكلىمىسە، ئۇ قانداق ئۆگەنسە ئۇنۇمى بولىدىغانلىقىنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى





تەبىئىي ھالدا بىلمەيدۇ. باشقا بالىلار مۇئەللىمنىڭ مۇئەييەنلەشتۇرۇشى ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولىدۇ، ئەمما يۇلتۇزنىڭ ئېرىشكىنى پەقەت ئەيىبلەش بىلەن تەنقىدلا بولسا ئۇ يەنە قانداقمۇ ئۆگىنىشنى، مەكتەپتە ئوقۇشنى خالىسۇن؟

ھەممە ئوقۇغۇچى مەكتەپكە يېڭى كىرگەندە مۇئەللىمنىڭ ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئۆزىنى ماختىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ماختىلىش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرىدۇ، نەتىجە قازىنىشقا ئىنتىلدۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆگىنىشكە تېخىمۇ قىزىقىدىغان، تېخىمۇ تىرىشىدىغان بولىدۇ. بالىلار باشتا ئۆگىنىش مەزمۇنىغا قىزىققانلىقى ئۈچۈن ئۆگەنمەستىن، بەلكى مەلۇم بىر مۇئەللىمنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىدىن، ئۇنىڭ ماختىشىغا ئىنتىزار بولغانلىقىدىن ئۆگىنىدۇ ۋە ئۆگىنىشكە قىزىقىدۇ. شۇڭا ئاتا - ئانا بالىنى ئوبدان يېتەكلىشى، بالىغان شۇ كۈنى ئۆگەنگەن دەرسنى تەكرار قىلىپ بېرىشى، ئەتىسى ئۆتىدىغان دەرسكە ئالدىن بىرەر قۇر تەييارلىق قىلىشى، بالىسىنى مۇئەللىم ئۆتكەن دەرسكە يېتىشىپ ماڭدۇرۇشى، بالىدا ئىشەنچ پەيدا قىلىشى كېرەك، بالىلارنىڭ بۇنداق ئەھۋالدا قىزغىنلىقى قوزغالسا ئۆگىنىشنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.

### 5. كىتاب ئوقۇش ۋە كەڭ دائىرىدە كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

كىتاب ئوقۇش تولىمۇ سىرلىق بىر ئىش، چۈنكى ئۇ ھەر بىر ئادەمنى ھەرقايسى دەۋردە ھەرقايسى مىللەتنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بالىلىرىمىز تۈرلۈك كىتابلارنى ئوقۇش ئارقىلىق قەدىمكى ۋە بۈگۈنكى، چەت ئەلنىڭ ۋە جۇڭگونىڭ نۇرغۇن ئادەم ۋە ئىشلىرىنى چۈشىنىدۇ. ئۇلار بۇ ئىشلاردىن ئەخلاق - پەزىلەت پىرىنسىپلىرىنى ئۆگىنىۋالىدۇ، ئەگرى يوللارنى ئاز ماڭىدۇ، يەنە

ئاشۇ بۈيۈك شەخسلەردىن، داڭلىق كىشىلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرىدىن تەسىرلىنىپ ۋە ئىلھاملىنىپ، كۆڭلىگە كىچىكىدىنلا بۈيۈك، ئۇلۇغۋار غايە پۈكەلەيدۇ، تۇرمۇش نىشانىنى تاپىدۇ ۋە بۇ نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ.

ئاتا - ئانىلار ئامالىنىڭ بارىچە ئائىلىدە بالىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان شارائىت يارىتىپ بېرىشى ۋە بالىلىرىدا ياخشى ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىش كېرەك. ئاتا - ئانىلار بالىلىرىغا دائىم ھېكايە - چۆچەك ئېيتىپ بەرسە، كىتاب ئوقۇپ بەرسە بالىدا كىتاب ئوقۇشقا نىسبەتەن ئۆزلۈكىدىن قىزىقىش پەيدا بولىدۇ. ئاتا - ئانىلار ئۆيىدە بىر «كىتاب ئوقۇش ئالتۇن ۋاقتى» تەسىس قىلسا بولىدۇ، بۇ چاغدا ئائىلە ئەزالىرى بىر - بىرىگە تەسىر يەتكۈزۈشمەي ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان كىتابىنى ئەستايىدىل ئوقۇشى، ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن تەسىراتلىرىنى ئورتاقلىشىشى، پىكىر ئالماشتۇرۇشى كېرەك. مۇشۇنداق مۇھىت - كەيپىياتتا بالىلار تولۇق مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنەلەيدۇ، بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ، زورايتىدۇ ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ئاشىدۇ. بۇنداق ئوقۇش ئادىتى بالىلارنىڭ كېيىنكى ئۆگىنىشى ئۈچۈن قانات بولۇپ، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ يىراققا ئۇچۇشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ.

**6. بالىلاردا تاپشۇرۇقنى مۇستەقىل ئورۇنلاشتىن ئىبارەت ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.**

بىر بالىنىڭ تاپشۇرۇقنى مۇستەقىل ئىشلەپ بولالىشى ئۇ بالىنىڭ نورغۇن ئىقتىدارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئالايلۇق، ياخشى تۇرمۇش ئادىتى، مەسئۇلىيەتچانلىقى، قەيسەرچىلىكنى يېڭىش ئىقتىدارى قاتارلىقلار. شۇڭا ئاتا - ئانىلار بالىلىرىدا بۇ ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن بالىلىرىنىڭ تۇرمۇشتىكى مۇستەقىللىقىنى يېتىلدۈرۈشى زۆرۈر. ناۋادا بىر بالا يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن بىرنەچچە نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرالىسا، ئۇنداقتا بۇ ئادەتنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەبىئىي ھالدا بىلمەيدۇ. باشقا بالىلار مۇئەللىمىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولىدۇ، ئەمما يولتوزنىڭ ئېرىشكىنى پەقەت ئەيىبلەش بىلەن تەنقىدلا بولسا ئۇ يەنە قانداقمۇ ئۆگىنىشنى، مەكتەپتە ئوقۇشنى خالىسۇن؟

ھەممە ئوقۇغۇچى مەكتەپكە يېڭى كىرگەندە مۇئەللىمىنىڭ ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئۆزىنى ماختىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ماختىلىش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرىدۇ، نەتىجە قازىنىشقا ئىنتىلىدۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆگىنىشكە تېخىمۇ قىزىقىدىغان، تېخىمۇ تىرىشىدىغان بولىدۇ. بالىلار باشتا ئۆگىنىش مەزمۇنىغا قىزىققانلىقى ئۈچۈن ئۆگەنمەستىن، بەلكى مەلۇم بىر مۇئەللىمنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىدىن، ئۇنىڭ ماختىشىغا ئىنتىزار بولغانلىقىدىن ئۆگىنىدۇ ۋە ئۆگىنىشكە قىزىقىدۇ. شۇڭا ئاتا - ئانا بالىنى ئوبدان يېتەكلىشى، بالىغان شۇ كۈنى ئۆگەنگەن دەرسنى تەكرار قىلىپ بېرىشى، ئەتىسى ئۆتىدىغان دەرسكە ئالدىن بىرەر قۇر تەييارلىق قىلىشى، بالىسىنى مۇئەللىم ئۆتكەن دەرسكە يېتىشىپ ماڭدۇرۇشى، بالىدا ئىشەنچ پەيدا قىلىشى كېرەك، بالىلارنىڭ بۇنداق ئەھۋالدا قىزغىنلىقى قوزغالسا ئۆگىنىشىنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.

## 5. كىتاب ئوقۇش ۋە كەڭ دائىرىدە كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

كىتاب ئوقۇش تولىمۇ سىرلىق بىر ئىش، چۈنكى ئۇ ھەر بىر ئادەمنى ھەرقايسى دەۋردە ھەرقايسى مىللەتنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بالىلىرىمىز تۈرلۈك كىتابلارنى ئوقۇش ئارقىلىق قەدىمكى ۋە بۈگۈنكى، چەت ئەلنىڭ ۋە جۇڭگونىڭ نۇرغۇن ئادەم ۋە ئىشلىرىنى چۈشىنىدۇ. ئۇلار بۇ ئىشلاردىن ئەخلاق - پەزىلەت پىرىنسىپلىرىنى ئۆگىنىۋالىدۇ، ئەگرى يوللارنى ئاز ماڭىدۇ، يەنە

ئاشۇ بۇيۇك شەخسلەردىن، داڭلىق كىشىلەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن تەسىرلىنىپ ۋە ئىلھاملىنىپ، كۆڭلىگە كىچىكىدىنلا بۇيۇك، ئۇلۇغۋار غايە پۈكەلەيدۇ، تۇرمۇش نىشانىنى تاپىدۇ ۋە بۇ نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار ئامالىنىڭ بارىچە ئائىلىدە بالىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان شارائىت يارىتىپ بېرىشى ۋە بالىلىرىدا ياخشى ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىش كېرەك. ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا دائىم ھېكايە ـ چۆچەك ئېيتىپ بەرسە، كىتاب ئوقۇپ بەرسە بالىدا كىتاب ئوقۇشقا نىسبەتەن ئۆزلۈكىدىن قىزىقىش پەيدا بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار ئۆيىدە بىر «كىتاب ئوقۇش ۋاقتى» تەسىس قىلسا بولىدۇ، بۇ چاغدا ئائىلە ئەزالىرى بىر ـ بىرىگە تەسىر يەتكۈزۈشمەي ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان كىتابىنى ئەستايىدىل ئوقۇشى، ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن تەسىراتلىرىنى ئورتاقلىشىشى، پىكىر ئالماشتۇرۇشى كېرەك. مۇشۇنداق مۇھىت ـ كەيپىياتتا بالىلار تۈرلۈك مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىۋالىدۇ، بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ، زورايتىدۇ ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ئاشىدۇ. بۇنداق ئوقۇش ئادىتى بالىلارنىڭ كېيىنكى ئۆگىنىشى ئۈچۈن قانات بولۇپ، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ يىراقا ئۇچۇشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ.

**6. بالىلاردا تاپشۇرۇقنى مۇستەقىل ئورۇنلاشتىن ئىبارەت ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.**

بىر بالىنىڭ تاپشۇرۇقنى مۇستەقىل ئىشلەپ بولالىشى ئۇ بالىنىڭ نورغۇن ئىقتىدارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئالايلۇق، ياخشى تۇرمۇش ئادىتى، مەسئۇلىيەتچانلىقى، قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئىقتىدارى قاتارلىقلار. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىدا بۇ ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن بالىلىرىنىڭ تۇرمۇشتىكى مۇستەقىللىقىنى يېتىلدۈرۈشى زۆرۈر. ناۋادا بىر بالا يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن بىرنەچچە نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرالىسا، ئۇنداقتا بۇ ئادەتنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يېتىلدۈرۈش ئانچە قىيىنغا توختىمايدۇ.

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارغا بولغان دەسلەپكى ئىلھام ـ مەدەتى ۋە قوللىشى ناھايىتى مۇھىم. بالىلىرىمىزغا تاپشۇرۇق ئىشلەش جەريانىدا قىيىنچىلىقتا يولۇقساڭ بىزگە دېگىن، بىز ياردەملىشىمىز دېيىشىمىز كېرەك. بالىلىرىمىزدا «مۇستەقىل تاپشۇرۇق ئىشلەش» ئادىتىنى يېتىلدۈرىمىز دەپ ئۇلارغا ياردەم بەرمىسەك بولمايدۇ، بالىلارنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىشىگە ياردەم بەرمىگەن ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىگە باشقا بىر خىل ئاۋارىچىلىك تېپىۋالىدۇ: قارىماققا بالىسى تاپشۇرۇقنى مۇستەقىل ئىشلەۋاتقاندەك بىلىنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ بالا دەرسىنىڭ مەزمۇنىنى پەقەت ئىگىلىيەلمىگەن بولىدۇ، شۇنداقلا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىدا ئۆگىنىش قىلىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ ۋە يالغان سۆزلەيدۇ. چۈنكى ئۇلار كۆڭلىدە «نېمىلا دېگەنبىلەن سىلەر ماڭا ياردەم بەرمەيسىلەر» دەپ قارايدۇ.

يۇقىرىقىلار مېنىڭچە ياخشى ئۆگىنىش ئادەتلىرىدۇر. تۇغۇلۇش بىلەنلا ئۆگىنىش قىلىپ كېتىدىغان بالا يوق، بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش داۋامىدا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كۈچ سەرپ قىلىشىغا ۋە تىرىشىشىغا توغرا كېلىدۇ، بالىسىغا خالىسانە ياردەم بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، ئاتا ـ ئانىلار يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئالتە جەھەتتە ئۈلگە بولۇشى، ئۆزى نەمۇنە بولۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا بىز دەۋاتقان ياخشى ئۆگىنىش ئادەتلىرىنى بىۋاستە چۈشىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۆزلۈكىدىن ئەمەل قىلىدۇ. مەن سۆز ـ ھەرىكىتى بىردەك بولمىغان ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىلىرىنى ياخشى تەربىيەلەپ چىقالىشىغا ئىشەنمەيمەن. ئاتا ـ ئانا بولۇش ئاسان ئىش ئەمەس، بالىلار مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ سىنىلىدىغان ۋاقتى كېلىدۇ، پۈتۈن دۇنيادىكى ئاتا ـ ئانىلار بىرلىكتە تىرىشىپ، ئۆزى باش بولۇپ، بالىلارنىڭ كىشىلىك ھايات ئاساسىنى سېلىشىغا، كىشىلىك ھاياتىنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى بېسىشىغا ياردەم بېرىشىمىز كېرەك.

# ئەستە ساقلاش ئۇسۇلى ــ ئۆگىنىش ئۇسۇلىنىڭ يادروسى

بالىلار مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، ئۆگىنىش پائالىيىتى بۇرۇنقى «ئويۇن» نىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ئۆگىنىش بالىلارنىڭ ئاساسلىق پائالىيىتى بولۇپ قالىدۇ. ئۆگىنىشتىن ئىبارەت ئۇزۇن مۇددەتلىك پائالىيەت داۋامىدا ھەر بىر بالىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى بالىنىڭ شارائىتى، تىرىشچانلىق دەرىجىسى سەۋەبىدىن ناھايىتى زور پەرقلىنىدۇ. ئەمما گەپنىڭ پوسكاللىسىغا كەلسەك، ئوخشاش مەزمۇندىكى بىلىم، ئوخشاش ياشتىكى بالىلار تۇرسا، ئۇنداقتا بالىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى نېمە كەلتۈرۈپ چىقاردى؟ ياخشى ئۆگىنىش ئادىتى بالىلارنىڭ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. دېمەك، ئۆگىنىش جەريانىدا ئۆگىنىش ئۇسۇلى بالىلارنىڭ نەتىجىگە ئېرىشىشىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئوقۇتقۇچى ئاتا ـ ئانىلار يىغىنىدىمۇ ئۆگىنىش ئۇسۇلىنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ، قايسى بالىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسا، ئوقۇتقۇچى بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئاساسلىق سەۋەبنى ئېيتىدۇ، ئالايلۇق، «بۇ بالىنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلىدا مەسىلە بار» دېگەنگە ئوخشاش. بۇرۇن بەزى ئاتا ـ ئانىلار مەندىن «مۇئەللىم، زادى قايسى خىل ئۆگىنىش ئۇسۇلى ياخشى؟» دەپ سورىغانىدى.

بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابىنى ئاتا ـ ئانىلارغا چۈشىنىشلىكرەك قىلىپ سۆزلەپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۆگىنىش ئۇسۇلى بالىلارنىڭ ئۆگىنىش داۋامىدا قوللىنىش ئېھتىمالى بولغان بارلىق ئۇسۇللىرىنىڭ ئومۇمىي نامىدىن ئىبارەت. ئالايلۇق، بالىلار يېڭى بىلىمنى قوبۇل قىلغاندا ئاساسەن كۆزىتىش، ئەستە ساقلاش، تەسەۋۋۇر قىلىش، تەپەككۇر قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



قوللىنىدۇ. مانا بۇ ئۇسۇللار قوشۇلۇپ «ئۆگىنىش ئۇسۇلى» دېيىلىدۇ. ئەمما بىر بالىنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلىدا ئەستە ساقلاش ئۇسۇلى يادرو ۋە ئاچقۇچ ھېسابلىنىدۇ. بالىلار ئۆگەنگەن بىلىمنى مېڭىسىدە ساقلاپ، ئۇنى ئىشلىتىدىغان چاغدا ئۇچۇرنى چىقىرىدۇ، ئۇ ئاندىن باشقا مەشغۇلاتلارنى يەنە تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇردىن ئىبارەت ئالىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارالايدۇ. شۇڭا بالىلار باشلانغۇچ مەكتەپتىكى باسقۇچتا ياخشى ئۆگىنىش ئادىتىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارنى ئۆزلىرى ئۇچۇن ئۈنۈملۈك ئەستە ساقلاش ئۇسۇلىنى بايقاشقا يېتەكلىشى بالىلىرىغا ئەڭ ئۈنۈملۈك ياردەم بېرىشى ھېسابلىنىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ئۈنۈملۈك ئەستە ساقلاش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋېلىشىغا ياردەم بېرىشتىن بۇرۇن تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى چۈشىنىۋېلىشى زۆرۈر:



**1. ئاتا ـ ئانىلار ئەستە ساقلاش جەريانىدىكى «ئۇنتۇش قانۇنىيىتى»نى چۈشىنىۋېلىشى كېرەك.**

ئۇنتۇش ئەستە ساقلاش ئەستە ساقلاش باسقۇچىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بولۇپ، ئۇنتۇپ قېلىش ئەستە ساقلاشنىڭ دۈشمىنى لېكىن ئۇ بىر خىل پسىخىك جەريان بولغاچقا نورمال پسىخىك ھادىسە ھېسابلىنىدۇ. بىز بۇ خىل پسىخىك ھادىسىنى توغرا چۈشەنسەكلا، ئۇنى ئۈنۈملۈك ھالدا بىر تەرەپ قىلالايمىز.

گېرمانىيەلىك مەشھۇر پسىخولوگ ئېبېنگخائۇس ئەستە ساقلاش باسقۇچى توغرىسىدا تۇنجى قېتىم سىستېمىلىق تەجرىبە ئېلىپ بارغان كىشى. ئۇنىڭ ئەستە ساقلاش توغرىسىدىكى تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم بىر تۆھپىسى شۇكى، ئۇ ئەستە ساقلاش قانۇنىيىتى توغرىسىدا مۇھىم تەتقىقات ئېلىپ باردى ھەمدە مەشھۇر «ئېبېنگخائۇس ئۇنتۇش ئەگرى سىزىقى» نى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەستە ساقلىشى ھەرقانچە ياخشى كىشىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشتىن خالىي بولالمايدۇ. لېكىن ئۇنتۇش قايسى ۋاقىتتىن

باشلىنىدۇ؟ ئۇنتۇپ قېلىشنى قانداق ئازايتقىلى بولىدۇ؟ قانداق ۋاقىتتا تەكرار قىلسا ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولىدۇ؟ تۆۋەندىكى «ئېبېنگخائۇس ئۇنتۇش ئەگرى سىزىقى» ئارقىلىق ئۇنتۇشنىڭ قانۇنىيىتىنى تاپالايمىز.

بىز يۇقىرىقى «ئېبېنگخائۇس ئۇنتۇش ئەگرى سىزىقى» دىن شۇنى بايقىيالايمىزكى، ئۇنتۇش سۈرئىتى ئەڭ تېز مەزگىل مەزمۇننى ئەمدىلا بولغان 24 سائەت ئىچىدە بولىدۇ. ئۇنتۇش نىسبىتى بارلىق مەزمۇنلارنىڭ 66.3 % كە يېتىدۇ، 24 سائەتتىن كېيىن ئۇنتۇش نىسبىتى% 72- 79 ئارىلىقىدا مۇقىملىشىدۇ، ئۇنتۇش سۈرئىتى دەسلەپتە تېز، كېيىن ئاستا بولىدۇ، شۇنداق قىلىپ، ئېبېنگخائۇس يېڭى مەزمۇننى ئەستە قالدۇرغاندىن كېيىن ئۇنتۇشنىڭ قانۇنىيىتى دەسلەپتە تېز، كېيىن ئاستا بولىدىغانلىقىنى يەكۈنلەپ چىقارغان. ھەرقانداق مەزمۇننى ئەسكە ئېلىشتا دەسلەپتە ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەنگەندىن كېيىنكى ئىككى كۈن ئىچىدە ئۇنتۇش ئەڭ تېز ۋە ئەڭ كۆپ بولىدۇ. يەتتە كۈندىن كېيىن ئەستە ساقلانغان مەزمۇن چوڭ مېڭىدە ساقلىنىپ قېلىۋېرىدۇ، ئاسان ئۇنتۇلۇپ كەتمەيدۇ.



مۇشۇ قانۇنىيەتكە ئاساسلانغاندا، ئېبېنگخائۇس تەكرارلاشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاقتى ماتېرىيالنى ئۆگەنگەن 24 ئىچىدە بولىدۇ، كېچىككەندىمۇ ئىككى كۈندىن ئاشمايدۇ. مۇشۇ ۋاقىتتا سەللا كۈچەپ تەكرار قىلسا ئەستە ساقلاش ئەسلىگە كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتىن ئۆتۈپ كەتسە مەزمۇننىڭ 72%تىن كۆپرەكى ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. شۇڭا بۇ چاغدا تەكرار قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى زور كۈچ ۋە ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، مانا بۇ «ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش» تىن ئىبارەت. بالىلار بەزىدە دەرس تەكرارلىغاندا، يېڭى بىلىمنى بىلىۋالغاندەك ھېس قىلىدۇ، مانا بۇ تەكرار قىلغان ۋاقىت ئارىلىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى سەۋەبىدۇر. مۇشۇ قانۇنىيەتكە بىنائەن ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا كۈندىلىك مەزمۇننى تەكرار قىلدۇرسا ۋە ئالدىن تەكرار قىلدۇرسا، ئۇنتۇپ قېلىشتىن زور دەرىجىدە ساقلانغىلى،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


ئۆگىنىش مەزمۇنىنى ئەستە مەھكەم ساقلىغىلى بولىدۇ.

**2. ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئەستە ساقلاش تىپىنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىشى كېرەك.**

ھەر بىر ئادەم بىرەر شەيئى ياكى ھادىسىنى ئېسىگە ئالغاندا، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ سەزگۈ ئەزاسىنى ئىشقا سالىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئەڭ مۇھىم سەزگۇ ئەزاسى كۆز، قۇلاق، بۇرۇن، تىل ۋە تېرە قاتارلىقلاردۇر. ھەر بىر سەزگۈ ئەزا ئېرىشكەن سەزگۈ ئوخشىمايدۇ. كۆز ئېرىشكەن سەزگۈ «كۆرۈش سەزگۈسى» دېيىلىدۇ، قۇلاق ئېرىشكەن سەزگۇ «ئاڭلاش سەزگۈسى» دېيىلىدۇ، بۇرۇن ئېرىشكەن سەزگۈ «پۇراق سەزگۈسى» دېيىلىدۇ، تىل ئېرىشكەن سەزگۈ «تەم سەزگۈسى» دېيىلىدۇ، تېرە ئېرىشكەن سەزگۈ «تېرە سەزگۈسى» دېيىلىدۇ. بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىسىنىڭ كۆرگەن نەرسىلىرىنى ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقىنى بايقايدۇ؛ بەزى بالىلار ئاڭلىغان مەلۇم بىر ھېكايىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، بەزى بالىلار سەزگۈسى ياخشى چاغدا ئېسىدە ساقلىۋالغان مەزمۇن قاتارلىقلارنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئادەتتە بالىلارنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى ئوخشاش بولمىغىنىدەك، ئۇلارنىڭ ئەستە تۇتۇش تىپىمۇ ئوخشىمايدۇ. بالىلارنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئەستە تۇتۇش ئۇسۇلىنى تېپىشىغا ياردەم بېرىش ناھايىتى مۇھىم.

**بىز سەزگۈ ئەزالارغا ئاساسەن، بالىلارنىڭ ئەستە تۇتۇش تىپىنى ئومۇمەن تۆۋەندىكى ئۈچ خىلغا بۆلىمىز:**

كۆرۈش سەزگۈسى تىپىدىكىلەر: بۇ مىجەزدىكى بالىلارنىڭ كۆڭلىدە ئېسىدە تۇتۇۋالغان 80% مەزمۇن كۆزى بىلەن كۆرگەن نەرسىلەردۇر. ئۇلار قانچە تەسىرلىك، قانچە بىۋاسىتە بولغان مەزمۇننى شۇنچە تېز ئېسىدە تۇتۇۋالىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇنى ئاسان ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئۇلار ئادەتتە تېلېۋىزور كۆرۈشكە ئامراق، تېلېۋىزوردىكى تەسىرلىك كۆرۈنۈش ۋە مەزمۇنلارنى ئېسىدە ناھايىتى پۇختا ساقلايدۇ. بۇ خىلدىكى بالىلار ئۆگىنىش داۋامىدا

«كۆرۈش» كە ئامراق بولۇپ، تەكرار ئوقۇشنى خالىمايدۇ، ئەنئەنىۋى ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ياقتۇرمايدۇ، ئېسىدە ساقلايدىغان مەزمۇنىنىڭ جانلىق - تەسىرلىك بولۇشىنى، ئۆزگىچىلىك يارىتىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. بىز تىلغا ئېلىۋاتقان ئۈچ خىل تىپ ئىچىدە بۇ مىجەزدىكى بالىلارنىڭ ئەستە ساقلاش سۈرئىتى ئەڭ تېز بولىدۇ.

ئاڭلاش سەزگۈسى تىپىدىكىلەر: بۇ خىل مىجەزدىكى بالىلارنىڭ كۆندە ئېسىدە تۇتۇۋالغان 80% مەزمۇن قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان نەرسىلەردۇر. مۇبادا ئوقۇتقۇچى ياكى ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا سەۋرچانلىق بىلەن سۆزلەپ چۈشەندۈرسە، ئۇنى ئۆزى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىسا ئۇ بۇ مەزمۇنلارنى ناھايىتى ئاسان ئىگىلىۋالىدۇ، شۇنداقلا ئۇنى ئاسان ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئۆگىنىش داۋامىدا بۇ خىلدىكى بالىلار «ئاڭلاش» نى ياخشى كۆرىدۇ، بۇ خىل مىجەزدىكى بالىلار ئەنئەنىۋى كىتاب ئوقۇش ئۇسۇلىغا ماس كېلىدۇ، كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، بىرنەچچە قېتىم ئوقۇسىلا چۈشىنەلەيدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى كۆرۈش سەزگۈسى تىپىدىكىلەرنىڭكىدەك تەرەققىي قىلمىغان بولىدۇ.

سەزگۈ تىپىدىكىلەر: ئېسىدە ساقلىغان چاغدا ئۆزىنىڭ پۇرىقى، تەمى، تېرىسى ۋە بەدەن سېزىمىگە تايىنىدىغان بالىلارنى بىز ئومۇملاشتۇرۇپ «سەزگۈ تىپىدىكىلەر» دەپ ئاتايمىز. بۇ بالىلار مەزمۇننى ئېسىدە ساقلىغاندا ئۆزىنىڭ سەزگۈسىگە ئېتىبار بېرىپ، ئۆزىنىڭ تەم سەزگۈسى، پۇراش سەزگۈسى، تېرە سەزگۈسى قاتارلىق ئىچكى سەزگۈسى ئارقىلىق چۈشىنىدۇ ۋە ھېس قىلىدۇ، ئۇلار ئۆز ھالىتىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىغا ئېتىبار بېرىدۇ، ئۆزىنىڭ كەيپىيات ھالىتىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى قاتارلىقلارغا ئېتىبار بېرىدۇ. بىر نەرسىنى ئېسىدە ساقلىغاندا ئۆزىنىڭ كەيپىياتى ياخشى بولمىسا ئۆگىنىش قىلمايدۇ. ئۇلار پىكىر يۈرگۈزگەندە ۋە ئۆگىنىش قىلغاندا تەسىراتىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ، ناۋادا ئۆگەنگەن مەزمۇنلارنى ئىچكى سەزگۈسىگە ئايلاندۇرالمىسا ئۇنى ئېسىدە ساقلىيالمايدۇ ياكى ئۆگىنىشنى

خالىمايدۇ. لېكىن ئېسىدە ساقلىۋالسىلا ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

كۆزىتىش ۋە بالىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، ئاتا ـ ئانا بالىلىرىنىڭ تۇتۇۋېلىش تېپىنى بىرەر قۇر چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇلارنى يېتەكلىگەندە مۇنداق بىر مۇھىم پرىنسىپقا بويسۇنۇشى كېرەك.

«ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان مەلۇم تىپنى ئاساس قىلىش، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بالىنىڭ باشقا تىپلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىش».

ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكا تەتقىقاتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، كۆرۈش سەزگۈسى ئارقىلىق ئېرىشكەن بىلىمنىڭ ئەستە قېلىشى 25%، ئاڭلاش سەزگۈسى ئارقىلىق ئېرىشكەن بىلىمنىڭ ئەستە قېلىشى 15%، سەزگۈ ئارقىلىق ئېرىشكەن بىلىمنىڭ ئەستە قېلىشى 20%، لېكىن كۆرۈش سەزگۈسى، ئاڭلاش سەزگۈسى ۋە سېزىش سەزگۈسىنى بىرلەشتۈرسەك ئەستە ساقلاش 85% بولىدۇ.

مەيلى ئۆگىنىش مەزمۇنىنىڭ ئەڭ ياخشى ئەستە ساقلاش ئۇنۇمىدىن ئالايلى ياكى بالىلارنىڭ تەرەققىياتىدىن ئېيتايلى، بۇ ئۈچ خىل تىپنى بىرلەشتۈرۈپ قوللانساق ئەڭ ئۇنۇمگە ئېرىشەلەيمىز. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان تىپنى ئاساس قىلىشى، ئاندىن بالىنىڭ باشقا تىپلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك. بالىلارغا مۇشۇنداق قىلغاندا ئەستە ساقلىغىلى بولىدۇ دېگەننى بىلدۈرۈش كېرەك.

كۆرۈش سەزگۈسى تىپىدىكى بالىلارغا نىسبەتەن ئاتا ـ ئانىلار «قايتا بايان قىلىپ بېرىش ئۇسۇلى»نى قوللىنىشى كېرەك، يەنى بالىلار ئۆگەنگەن مەزمۇنلارنى بالىنىڭ كۆزىگە ئاسان چېلىقىدىغان جايغا چاپلاپ قويۇش ياكى ھەر خىل گۈل ـ نەقىشلىك خەرىتىلەرنى سىتىۋېلىپ، بالىلارنىڭ كۆرۈش سەزگۈسىنى غىدىقلاپ، بالىلارنىڭ ئىختىيارسىز ھالدا ئەستە ساقلىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىش كېرەك. يەنە مەسىلەن، «مۇھىم ئالاھىدىلىكىنىڭ ئورنىنى

بەلگىلەش ئۇسۇلى» مۇ باللار كۆرگەن نەرسە ياكى بىلىمنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، باللارنىڭ كۆرۈش سەزگۈسىنى غىدىقلاش ئارقىلىق ئەستە ساقلىشىغا ياردەم بەرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، بالا كىچىكىدە توشقاننى كۆرگەن بولسا، ئاتا ـ ئانا بالىنى توشقاننىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى — ئۇزۇن قۇلىقىنى بايقاشقا يېتەكلىشى كېرەك. بۇ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۇلارنى كۆپ سۆزلەش، كۆپ ئىپادىلەشكە يېتەكلەپ، ئۇلارنى ئۆز ئالاھىدىلىكىنى بىمالال ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، شۇنداقلا ئۇلارغا باشقا ئەزالىرى بىلەن ئېسىدە ساقلاش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا بالىنىڭ ئەستە ساقلىشى ناھايىتى مۇستەھكەم بولىدۇ.

«ئاڭلاش سەزگۈسى تىپىدىكى» باللارغا نىسبەتەن، ئاتا ـ ئانا «سەن سورا مەن جاۋاب بېرەي»، «ئۈنلۈك ئوقۇش» ئۇسۇلى قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق بالىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئېسىدە ساقلىشىنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بالىنى باشقا سەزگۈ ئەزالىرىنى ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە يېتەكلەش كېرەك. ئاڭلاش تىپىدىكى باللار ئوقۇغاچ ئېسىدە ساقلاشقا ماھىر بولغاچقا ئوقۇشنى پەس ئاۋازدا ياكى ئۈنلۈك ئوقۇسا ئۈنۈمى ئوخشاش بولىدۇ. ئوقۇشتىن مەقسەت قۇلاق ئارقىلىق ئاڭلاپ تەسىرنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، بۇ ئارقىلىق ئەستە ساقلاشتىن ئىبارەت. شۇڭا بۇ خىلدىكى باللار مەزمۇننى ئېسىدە ساقلاش ئۈچۈن چوقۇم ئوقۇشى كېرەك. ئۇلار تىنچ، خالىي جايدا ئۆگىنىشنى، كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە كاشىلا قىلماسلىقىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ناۋادا ئېسىدە ساقلاش داۋامىدا باشقا ئاۋازلار بولسا بۇ ھال ئۇلارنىڭ تۇتۇۋېلىش ئۈنۈمىگە ناھايىتى زور تەسىر قىلىدۇ. شۇڭا بۇ خىل مىجەزدىكى باللارنى يېتەكلەشتە ھەر خىل سەزگۈ ئەزالىرىمىزنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋېلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئەستە ساقلاش ئۈنۈمىگە ياردەم بېرىشىمىز ناھايىتى زۆرۈر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سەزگۈ تىپىدىكى بالىلار بىر نەرسىنى بىر قەدەر چوڭقۇر تۇتۇۋالغاچقا ئاسان ئۇنتۇپ قالمايدۇ، بىراق ئۇلار ئەستە تۇتۇۋېلىشتا مۇھىت تاللايدۇ، ئۇلار ئەستە تۇتۇۋالغان مەزمۇن بىلەن ئۆزىنىڭ ياخشى سەزگۈسىنى ماسلاشتۇرغاندىلا ئاندىن ئېسىدە ساقلىيالايدۇ. شۇڭا بەزى بالىلارنىڭ ھەرقانداق قىلىپمۇ ئېسىدە ساقلىيالمايدىغانلىقىنى دائىم كۆرىمىز، ئۇلار «ھازىر ئېسىمدە تۇتقۇم يوق» ياكى «بۈگۈن كەيپىياتىم ياخشى ئەمەس، تۇتۇۋالالمايمەن» ... دەيدۇ. بۇنداق چاغدا ئاتا ـ ئانا نائىلاج قالىدۇ، بالىسىغا «ئەمىسە بىردەم ئارام ئېلىۋالغىن»، «قاچان كەيپىياتىڭ ياخشى بولار»؟ دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، بۇ مىجەزدىكى بالىلارغا نىسبەتەن ئاتا ـ ئانا ئادەتتە بالىنىڭ كەيپىياتىنى يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ باشقا سەزگۈ ئەزالىرى بىلەن ئېسىدە ساقلىشىغا يېتەكلەپ، ئۇلارنى كۆرۈش سەزگۈسى، ئاڭلاش سەزگۈسى بىلەن ئېسىدە ساقلاش تەجرىبىسىگە ئىگە قىلىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا بالىلار «كەيپىياتىم ياخشى ئەمەس» دېگەن سەۋەب بىلەن پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالمايدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئالغان بەزى كونكرېت ئەستە ساقلاش ئۇسۇللىرىدىن باشقا، ئاتا ـ ئانىلار بەزى ئۇنۇملۇك ئەستە ساقلاش ئۇسۇللىرىنى چۈشىنىشكە موھتاج، مەن تۆۋەندە بىرنەچچە خىل ئەستە تۇتۇش ئۇسۇللىرىنى تونۇشتۇرىمەن:

1. تۈرلەرگە بۆلۈش ئۇسۇلى. ئەستە ساقلىماقچى بولغان مەزمۇننى ئۇنىڭ ئىچكى باغلىنىشىغا بىنائەن تۈرلەرگە بۆلۈپ، ئەستە ساقلاش جەريانىنى قولايلىقلاشتۇرۇش.

تۈرلەرگە بۆلۈشنىڭ ئۆلچىمىنى ئاتا ـ ئانا ئەڭ باشتا بالىغا ئۆگىتىشى كېرەك، ئالايلۇق، رەڭگىگە قاراپ تۈرلەرگە بۆلۈش، رولىغا قاراپ تۈرلەرگە بۆلۈش، خاراكتېرى تۈرلىرى بويىچە تۈرلەرگە بۆلۈش قاتارلىقلار. بالا بۇ ئۇسۇلنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن ئاتا ـ ئانا كونكرېت يېتەكلىمىسىمۇ بولىدۇ، بالا قايسى

114

خىل ئۆلچەم بويىچە بۆلۈشنى خالىسا شۇ ئۆلچەم بويىچە تۈرلەرگە بۆلسە بولىۋېرىدۇ، پەقەت ئۇنىڭغا قولايلىق بولسىلا بولىدۇ.

2. چۈشىنىپ ئەستە ساقلاش ئۇسۇلى. بۇ بىر خىل پائال پىكىر يۈرگۈزۈش، چوڭقۇر چۈشىنىش مەقسىتىگە يېتىش ئاساسىدا ئەستە ساقلاش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت. چۈشىنىپ ئەستە ساقلاشنىڭ ئاساسىي شەرتى ماتېرىيالنى چۈشىنىش، تەپەككۇر قىلىش ۋە مۇلاھىزە قىلىشتىن ئىبارەت. بەزى ماتېرىياللار، ئالايلۇق، ئىلىم - پەنگە ئائىت مۇھىم مەزمۇنلار، كاتېگورىيەلەر، فورمىلالار، قانۇن - قائىدىلەر ۋە قانۇنىيەتلەر، تارىخىي ۋەقەلەر، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى قاتارلىقلار مەلۇم مەنىگە ئىگىدۇر. بۇ خىل ماتېرىياللارنى ئەستە ساقلىغاندا، ئۆلۈك يادلىماستىن، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى چۈشىنىۋېلىشى كېرەك. ئۆزىنىڭ بىلىم تەجرىبىسى ئارقىلىق ئۇلارنى چۈشىنىپلا قالماستىن يەنە ئۇلارنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەنتىق مۇناسىۋەتنى، شۇنداقلا بۇ ماتېرىيال ۋە بۇرۇنقى بىلىم، تەجرىبە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا بۇ يېڭى بىلىملەر كونا بىلىمگە قوشۇلۇپ، خاتىرىمىزدە ئۇنۇملۈك ساقلىنىدۇ.

3. ماھىرلىق بىلەن مۇلاھىزە قىلىش ئۇسۇلى. بۇ تەسەۋۋۇر قىلىش، گارمونىك ئاۋاز، تەھلىل قىلىش، قايتا بىرلەشتۈرۈش قاتارلىق مۇلاھىزە قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئەسلىي مەنىسىز بولغان بىلىم، ماتېرىياللارنى تەسىرلىك، قىزىقارلىق بىلىم، ماتېرىياللارغا ئايلاندۇرۇپ، ماتېرىيالنى جانلىق مەزمۇنغا ئىگە قىلىش ئارقىلىق تېز ئەستە ساقلاش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، چەت ئەل تىلى سۆزلۈكلىرى، تېلېفون نومۇرى، تارىخىي يىلنامىلەر، ئاسانلا ئالمىشىپ قالىدىغان سۆزلەر قاتارلىقلارنى مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ئېسىمىزدە ساقلىشىمىز كېرەك.

4. قاپىيە ياكى قوشاق توقۇش ئارقىلىق ئەستە ساقلاش ئۇسۇلى. بۇ ئېسىمىزدە ساقلىماقچى بولغان مەزمۇننى قوشاق

توقۇش ياكى قاپىيەلىك سۆز ـ جۈملىلەر ئارقىلىق ئەستە ساقلاش ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت. بۇ خىل ئۇسۇل ئېسىمىزدە ساقلىماقچى بولغان ماتېرىيالنىڭ سانىنى قىسقارتىدۇ، ئەستە ساقلىماقچى بولغان ماتېرىيالنى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ ئەستە ساقلاپ، ئۇچۇرنىڭ مىقدارىنى، قىزىقارلىقلىقىنى ئاشۇرىدۇ. چوڭ مېڭىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئەستە تۇتۇش مۇستەھكەم بولۇپ، چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. پسىخولوگىيە تەتقىقاتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، كىشىلەرنىڭ ئەستە ساقلىشى «گۇرۇپپا ـ بۆلەك» نى بىرلىك قىلىدۇ، ھەر بىر گۇرۇپپا ـ بۆلەكتىكى ئۇچۇر مىقدارىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى نىسبىي بولىدۇ. بىر ھەرپنى بىر گۇرۇپپا دەپ قاراشقا بولىدۇ، بىر ھەرپ، بىر سۆز، بىر سۆز بىرىكمىسى، بىر جۈملىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر گۇرۇپپا دەپ قاراشقا بولىدۇ، گۇرۇپپىدىكى ئۇچۇر ئۆزى يەككە ـ يېگانە بولماستىن، بەلكى ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، ناۋادا ئېسىمىزدە ساقلىماقچى بولغان ماتېرىيالنى مۇۋاپىق گۇرۇپپىلارغا بۆلۈشكە ماھىر بولساق، ئەستە ساقلاش ئۇنۇمىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرەلەيمىز. بۇ ئۇسۇل گۇرۇپپا قانۇنىيىتىنىڭ بىر خىل ئەستە ساقلاش ئۇسۇلىغا ئۇيغۇندۇر. ئالايلۇق، مۇنۇ ناخشىنى ناھايىتى كىچىك ياشتىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىلىدۇ: ئاق تاش، كۆك تاش، دەريادىكى سۈزۈك تاش...

ئۇنۇملۇك ئەستە ساقلاش ئۇسۇلى ناھايىتى كۆپ، ئاتا ـ ئانىلار يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئۇسۇللار ئاساسىدا بالىلار بىلەن بىللە بالىلىرىغا ماس كەلگۈدەك ئەڭ ياخشى ئۇسۇلنى تاپسا بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار ئاچقۇچلۇق مەسىلىنىڭ نېمىلىكىنى بىلسىلا بالىلىرىنىڭ ئەستە تۇتۇش ئۇسۇلىغا ئۇنۇملۇك ياردەم بېرەلەيدۇ، بالىلار مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىسىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆگىنىشكە پەيدىنپەي كۆنىدۇ ۋە ئۆگىنىشنى بىر خىل خۇشاللىق ئىش دەپ بىلىدىغان بولىدۇ.

# ئالتىنچى باب

# بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدىكى تەربىيە — مۇھەببەت تەربىيەسى

*مەزمۇنى:*

*1. دادا، ئانا، سىلەرنى قانداق ياخشى كۆرۈشۈم كېرەك*

*2. بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدىكى بالىڭىزنى چۈشىنەمسىز*

*3. بالدۇر مۇھەببەتلەشكەن بالىلارغا ئاتا - ئانىلا قانداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەك*

*4. بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدىكى بالىلار بىلەن قانداق پىكىر ئالماشتۇرۇش كېرەك*

## دادا، ئانا، سىلەرنى قانداق ياخشى كۆرۈشۈم كېرەك

ئانىسى دىلنۇرنى مەسلىھەت سوراش ئورنىغا ئېلىپ كەلگەن چاغدا، دىلنۇر تولۇقسىز ئىككىنچى يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، 14 ياشقا كىرگەنىدى. ئانىسى دىلنۇرنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى بەك تۆۋەن، يالغان گەپ قىلىدۇ، مۇئەللىمى ئۇنى يېقىندىن بۇيان جەمئىيەتتىكى بەزى ئوغۇل باللار بىلەن ئارىلىشىۋاتىدۇ دەيدۇ، دېگەن سەۋەبلەر بىلەن مېنى ئىزدەپ كەلگەنىدى. دىلنۇرنىڭ ئۆزىگە ئۆزى زىيانكەشلىك قىلىش ھەرىكىتى ئانىسىنى بەكلا ئەنسىرەتكەنىدى. دىلنۇر ئاچچىقى كېلىپ

قالغان چاغدا گەپ قىلغىلى ئۇنىماي، ھۇجرىسىدا چاقماق بىلەن ئۆزىنى كۆيدۈرىدىكەن ياكى پىچاق بىلەن قولىنى كېسىۋالىدىكەن. شۇڭا ئانىسى ئۆيدىكى قايچا - پىچاق دېگەندەك نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇۋەتكەن، بولسىمۇ، دىلنۇر يەنە ئۆزىنى زەخىملەندۈرىدىغان ئۇسۇلنى تېپىپ تۇرىدىكەن.

«قانداق قىلارمەن، بۇ بالا مېنى ئارامىمدا قويمىدى، مەن قولۇمدىن كەلگەنىنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ باقتىم، ئۇ نېمىشقا كۆڭلۇمنى چۈشەنمەيدىغاندۇ؟ ئۆزىگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتىمنى بىلمەيدىغاندۇ؟ پۈتۈن ئوي - خىيالىم مۇشۇ بالىدىلا قالدى، سىڭلىسى تېخى مېنى ئىككىمىزنى ئوخشاش كۆرمەيۋاتىسەن دەيدۇ، زادى قانداق قىلسام بولىدۇ؟» سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە دىلنۇرنىڭ ئانىسىنىڭ كۆڭلى بىئارام بولۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى.

دىلنۇرنىڭ ئاتا - ئانىسى قۇمۇلدىن ئىدى، ئۇ تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا دادىسى تىجارەت بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ، ئانىسىمۇ ئېرىنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن سەككىز ئايلىق بولغان دىلنۇرنى قۇمۇلدىكى مومىسىنىڭ يېنىدا قويۇپ ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ، دىلنۇرنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۈرۈمچىدە تىجارەت قىلىپ ئىككى يىلدىن كېيىن تىجارىتى ئاساسەن مۇقىم بولىدۇ، ئۈرۈمچىدە يەنە بىر قىز تۇغىدۇ. ئانىسى كىچىك قىزىدىن خەۋەر ئالىدىغان ھەم ئېرىگە ياردەملىشىدىغان بولغاچقا، دىلنۇر مومىسىنىڭ يېنىدا تۇرىۋېرىدۇ. دىلنۇرنىڭ بوۋىسى بىلەن مومىسى ئۇنى ئىنتايىن قاتتىق باشقۇرىدۇ، دىلنۇر چوڭ بولغانچە ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۈرۈمچىدە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بوۋىسى بىلەن مومىسىنىڭ يېنىدا تۇرغۇسى كەلمەي، ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغا كەتمەكچى بولىدۇ. ئاتا - ئانىسى ھەر قېتىم قۇمۇلغا كەلگەن چاغدا، دىلنۇر ئۇلارغا مېنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېتىڭلار دەپ يالۋۇرغان بولسىمۇ، بىراق ئاتا - ئانىسى باھانە - سەۋەبلەر كۆرسىتىپ، ئۇنى قۇمۇلغا تاشلاپ قويىدۇ، ھەتتا دائىم ئۇنى

ئالدايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن دىلنۇر بوۋىسى، مومىسىنىڭ يېنىدا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرىدۇ. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىدىغان چاغدا ئاتا - ئانىسى ئۇنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېتىپ بىللە تۇرىدۇ. ئەسلىدە دىلنۇر ئاتا - ئانىسى بىلەن بىللە تۇرغانلىقى ئۈچۈن خۇشال بولۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئاتا - ئانىسى بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان دىلنۇر ئويلىمىغان يەردىن بارغانسېرى گەپ ئاڭلىمايدىغان، يالغان گەپ قىلىدىغان، مەكتەپكە ۋاقتىدا بارمايدىغان، ھەتتا ئۆزىنى زەخمىلەندۈرىدىغان بولۇۋالىدۇ. سىڭلىسى بىلەن زادىلا چىقىشالمايدۇ، سىڭلىسىغا قەتئىي يول قويمايدۇ، خاپا بولسىلا ئۇنى ئۇرىدۇ، ئۇنىڭغا ئۆچلۈك قىلىدۇ، يەنە ئۇنى سەن ھەممە نەرسەمنى تارتىۋالدىڭ دەپ ئەيىبلەيدۇ.

«مەن ئۇلارغا ئۆچ» دەيدۇ دىلنۇر ماڭا تەپ تارتماستىن ئۇدۇللا قىلىپ، «ئۇلارنىڭ ھازىر ماڭا ياخشىچاق بولغىنىنىڭ پايدىسى يوق، كېچىكتى، بۇلارنى مەن قەستەن شۇنداق قىلىۋاتىمەن، ئۇلارنى قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلدۇرىمەن! كىچىك ۋاقتىمدا مېنى قومۇلغا تاشلىۋېتىپ كارى بولمىدى. ئەمما سىڭلىم كىچىك چېغىدىن باشلاپلا ئۇلار بىلەن بىللە تۇردى، ياخشى يەپ، ياخشى ئوينىدى، يەنە تېخى ئۇنىڭ چىرايلىق كىيىملىرى بار. ئۇلار ماڭا نېمىشقا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ! ئۇلار ھازىر نېمىلا قىلغىنى بىلەن كېچىكتى، ئۇلارنى ھەرگىز كەچۈرمەيمەن، ئۇلارنىڭ ماڭا مۇشۇنداق ئەنسىرەپ يۈرگىنىنى كۆرسەم يايراپ كېتىمەن! بۇ ئۆزلىرىنىڭ شورى! باشقا ساۋاقداشلىرىمغا بەكلا مەستلىكىم كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى بەكلا ياخشى، ئۇلار خۇددى دوستلاردەكلا مۇئامىلە قىلىشىدۇ، بىر ساۋاقدىشىم ئانىسى بىلەن خوشلاشقان چاغدا قۇچاقلىشىپ خوشلىشىدۇ، ئۇلار كۆزۈمگە شۇنداق يېقىملىق كۆرۈنۈپ كېتىدۇ، مەن ھەقىقەتەن چىدىيالماي ئۇنى مەسخىرە قىلسام، ئۇ مېنى سەن ھەسەت قىلىۋاتىسەن دېدى...» سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە دىلنۇر كۆزلىرىگە ياش

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئالدى.

دۇنيادىكى بىچارە ئانىلار، شۇنداقلا دىلنۇرنىڭ ئانىسى بۇ گەپلەرنى ئاڭلىسا كۆڭلى قانچىلىك غەش بولىدىغانلىقى ماڭا نامەلۇم. ئانىسى قىزىنى ياخشى كۆرىدۇ، بۇنىسى ئېنىق، ئانا دېگەن ھامان بالىنى ئويلايدۇ. ھەر كۈنى مەكتەپكە ئاپىرىپ ئەكېلىدۇ، ئۇنىڭغا ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىنى، چىرايلىق كىيىملەرنى ئېلىپ بېرىدۇ، خەجلەيدىغانغا پۇل بېرىدۇ، تاپشۇرۇق ئىشلىگەن چاغدا چاقىرغان ھامان يېنىدا پەيدا بولۇپ، پايپېتەك بولۇپ يۈرىدۇ. ئانىلار بالىلىرىنى ياخشى كۆرگەچكىلا شۇنداق قىلىدۇ. دىلنۇرنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۇنى قۇمۇلدا قويۇپ قويۇشىمۇ ئىلاجسىزلىقتىن بولغان. لېكىن دىلنۇرنىڭ قەلبىدە ئۈچ يىللىق يىلتىز تارتقان بولغاچقا، ئانىسىنىڭ ھەرقانداق چاغدىكى سۆز - ھەرىكىتىگە، شۇنداقلا ئىنتايىن كىچىك چېغىدىن باشلاپلا ھېچقانداق ئادەمگە ئىشەنمەس بولۇپ قالغان. چۈنكى ئۇ ئاتا - ئانام ھەر خىل باھانە - سەۋەبلەرنى توقۇپ چىقىپ مېنى ئالدىدى، دەپ ئويلاپ قالغان. باشقا بالىلار ئۇچۇن ئانا ئەڭ يېقىن كىشىسى ھېسابلانسا، بىراق دىلنۇر ئۇچۇن ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئانىسى دىلنۇر ئالتە ياشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى يېقىنچىلىق ھېسسىياتى ئورنىتىدىغان ئەڭ مۇھىم باسقۇچنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولغاچقا، ھازىر بالىسىغا تولۇقلاپ بېرەي دېسىمۇ ئىنتايىن قىيىنغا توختاۋاتاتتى.

ئۇنداقتا دىلنۇرنىڭ مەۋقەسى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ ئاتا - ئانىسىنى ياخشى كۆرمەمدۇ؟ كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ياخشى كۆرىدۇ، ياخشى كۆرگەندىمۇ ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ! پەقەتلا، ئۇ كۆڭلىدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرى بىلەن قانداق مۇناسىۋەت قىلىشنى بىلمەيدۇ، ئۇلار بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋەتنى. شۇنداقلا ئۆز كۆڭلىدىكى ھېسسىياتىنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلمەيدۇ، بولۇپمۇ بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدىكى بالىلاردا ھېسسىيات جەھەتتە ئەسلىدىنلا نۇرغۇن مەسىلىلەر ساقلانغان بولغاچقا ھەمدە

ھەر خىل زىددىيەتلىك كۆز قاراش ۋە ئىدىيەلەرنىڭ كونتروللۇقىدا تۇرغان بولغاچقا ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىك بولغاچقا توغرا ئۇسۇل بىلەن يۈزلىنىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشقا ئامالسىز قالغانلىقتىن، پىكىر ـ ھېسسىياتىنى تەبىئىي ھالدا تۈزلا ئىپادىلەيدۇ. ئالايلۇق، سىڭلىسىنى ئۇرۇش ـ تىللاش، يالغان سۆزلەش، ھەتتا ئۆز بەدىنىنى زەخىملەندۈرۈش قاتارلىقلار. چۈنكى ئۇ مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىنتايىن ئازابلىنىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئازابلانغانلىقىنى كۆرگەن دىلنۇر ئۆچ ئېلىش مەقسىتىمگە يەتتىم دەپ ھېس قىلىدىغان بولغاچقا، بۇ قىلىقلىرىنى توختىتىپ قويمايدۇ.

دىلنۇرنىڭ بۈگۈنكىدەك ھالغا چۈشۈپ قېلىشتىكى خاتالىق كىمدە؟ بۇ ھەقتە يەكۈن چىقىرىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. مېنىڭ ئاتا ـ ئانىلارغا پەقەت شۇنى تەۋسىيە قىلغۇم بار، مۇشۇ باسقۇچتا تۇرۇۋاتقان بالىلىرى بار ئاتا ـ ئانىلار چوقۇم بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدىكى بالىلارنىڭ پسىخىكا تەرەققىيات ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىشى، بالىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە قانداق ئېرىشىشنى، بۇ باسقۇچتا تۇرۇۋاتقان بالىلار بىلەن قانداق ئالاقە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى لازىم. بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدىكى بالىلارنىڭ ماددىي ئېھتىياجىلا قاندۇرۇلۇپ، مەنىۋى ئېھتىياجى نەزەرگە ئېلىنمىسا بولمايدۇ. مۇبادا سىز بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان بالىغا خۇددى دىلنۇرنىڭ ئانىسىغا ئوخشاش بالا ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنىلا ئېلىپ بېرىپ، پۇلنى كۆپ بېرىپ، تاپشۇرۇق ئىشلىشىگە ھەمراھ بولسىڭىزلا، مەسىلىنى ھەل قىلالمايسىز، ھەتتا بالىنىڭ بىر قىسىم ناچار قىلىقلارنى يۇقتۇرۇۋېلىشىغا سەۋەبچى بولىسىز.

بالاغەتكە يېتىش دەۋرى ــ بالىنىڭ ھاياتىدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياردىمىگە ئەڭ ئېھتىياجلىق بولىدىغان مەزگىلى، ئەگەر ئاتا ـ ئانا بالا بىلەن ئىشەنچ مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنىڭ مۇھىملىقىنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان بالا بىلەن قانداق ئۆتۈشنى بىلىپ يەتسە، كىچىك ۋاقتىدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىدا تۇرمىغان بالىلارنىڭ روھىي ھالىتىنى چۈشەنسە، دىلىنۇردا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنىڭ كۆرۈلۈشىدىن ساقلانغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

## بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدىكى بالىڭىزنى چۈشىنەمسىز

پىسخولوگىيە نۇقتىسىدىن، بالاغەتكە يېتىش دەۋرى 11، ـــ 16 ياشلىق مەزگىلىدىكى بالىلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ باسقۇچتا بالىنىڭ جىسمانىي ۋە پىسخىكىسىدا غايەت زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ بىر تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىش مەزگىلى بولۇپ، غايەت زور ئۆزگىرىشكە قوشۇلۇپ تەرەققىيات سۈرئىتىمۇ ئىنتايىن تېز بولىدۇ، شۇڭا بۇ ياش باسقۇچىدىكى بالىلاردا تەرەققىيات تەكشى بولماسلىق، تۈرلۈك زىددىيەتلەرگە دۇچ كېلىش قاتارلىق ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ. نۇرغۇن پېداگوكلارمۇ بۇ باسقۇچنى «زىددىيەتلىك مەزگىل» ياكى «قىيىنچىلىق مەزگىلى» دەپ ئاتىشىدۇ.

بۇ باسقۇچتا تۇرۇۋاتقان بالىلاردىكى ئۆزگىرىشكە نىسبەتەن، ئاتا ـ ئانىلار چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولمايلا قالماستىن، بالىلاردىكى ئۆزگىرىشتىن بىشى قاتىدۇ. بىر بالىنىڭ ئاپىسى مۇنداق دەيدۇ:

ـــ قىزىمدىكى ئۆزگىرىش بەك چوڭ، ئۇ ئىلگىرى ئىنتايىن سۆزمەن ئىدى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن كەم سۆز بولۇپ قالدى، مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا ھۇجرىسىغا كىرىۋالىدۇ، قىلغان گەپلىرىمىزگە ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ، بىرەر نەرسىنى سورىساق جاۋابمۇ بەرمەيدۇ. بۇرۇن مەن ئۇرۇق - تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەرنىڭ يىغىلىشلىرىغا ئېلىپ بارسام ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ خۇشال بولۇپ كېتەتتى، ھازىر نىمىلا

دېسەممۇ بارغىلى ئۇنىمايدۇ، سىرتقا چىقىشنى خالىمايدۇ. مەن ئۇنى مەندىن بىرەر ئىشنى يوشۇرۇۋاتامدىكىن دەپ ئويلايمەن».

يەنە بىر دادا مۇنداق دەيدۇ: «ئىلگىرى ئوغلۇم مېنى بەك چوڭ كۆرەتتى، مېنى ھەممىنى بىلىدىغاندەك ھېس قىلاتتى، ھازىر ھېچقانداق بىر ئىشنى مەندىن سورىمايدىغان بولۇپ قالدى، ئۇنىڭدىن سورىسام ئۇ ‹دادا، سەندىن سورىغان بىلەن بىلمەيسەن› دەيدۇ. تېخى ھۇجرىسىغا كىرىشتىن ئىلگىرى ئىشىكىمنى چېكىپ كىرگىن دەيدۇ، بەزىدە سىڭلىسى ئىشىك چېكىپ كىرىشنى ئۇنتۇپ قالسا قاتتىق ئاچچىقلاپ كېتىدۇ. بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدىكى بالا نېمانداق غەرەز ئۇقمايدىغان بولۇپ كېتىدىغاندۇ؟»

ئەمەلىيەتتە بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان بالىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىككى ئاساسلىق زىددىيەت مەۋجۇت. بىرىنچى زىددىيەت — ئۆز بەدىنىدە، پىسخىكىسىدا يۈز بېرىۋاتقان تېز ئۆزگىرىشلەرگە قانداق يۈزلىنىش بىلەن بۇ ئۆزگىرىشكە ماسلىشالماسلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت. ئىككىنچى زىددىيەت — ئۆزىنىڭ چوڭ بولۇشىغا ئەگىشىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۇلارغا بولغان كۆزقارىشىنىڭ ماس كەلمەسلىكى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت.

بىز ئاۋۋال بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان بالىلاردىكى بىرىنچى زىددىيەت بولغان ئۆز بەدىنىدە، پىسخىكىسىدا يۈز بېرىۋاتقان تېز ئۆزگىرىشلەرگە قانداق يۈزلىنىش بىلەن بۇ ئۆزگىرىشكە ماسلىشالماسلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە قاراپ باقايلى:

ھەر بىر بالا بۇ دەۋردە فىزىيولوگىيەلىك، پىسخولوگىيەلىك يېتىلىش جەھەتتە ھاياتىدىكى ئەڭ يۇقىرى پەللە مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان بولىدۇ. جىسمانىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئاتا - ئانا بالىلىرىنىڭ بويىنىڭ ھەش - پەش دېگۈچە ئۆسۈپ قالغانلىقىنى، ئىككىلەمچى ئالامەتلەرنىڭ كۆرۈلۈشكە باشلىغانلىقىنى بايقايدۇ. ئوغۇل بالىلاردا ساقال، بۇرۇت چىقىش، بۇغدىيىكى پۇلتىيىپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



چىقىش، ئاۋازى بۇزۇلۇش، بەدىنىگە تۈك چىقىش قاتارلىقلار كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. قىز بالىلاردا كۆكسى يوغىناش، داس سۆڭىكى كېڭىيىش، بىلەك قىسمى يوغىناش، دەسلەپكى ھەيز قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەر گەرچە بالىلارنىڭ كۆڭلىدە كۆنەلمەسلىك پەيدا قىلىسىمۇ، لېكىن بالىلاردا «مەن ئەمدى چوڭ بولدۇم، سىلەر بىلەن ئوخشاش بولدۇم» دەيدىغان «بالاغەتكە يەتكەنلىك تۇيغۇسى» پەيدا قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پىسخىكا جەھەتتە، بالىلار تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز بولۇۋاتقان ھەم مۇھىم مەزگىلگە قەدەم قويغان بولىدۇ. ئادەمنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنى ئالساق، ئادەمنىڭ ئادەتتىكى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىكى ئەستە تۇتۇش سىغىمى ئەڭ تۆۋەن بولغاندا بەش ماتېرىيال، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا توققۇز ماتېرىيال بولغان بولىدۇ، ئەمما بۇ ياش باسقۇچىتىكى بالىلارنىڭ ئەستە تۇتۇش سىغىمى ھاياتىدىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە 11.04 ماتېرىيال بولىدۇ ھەمدە بۇ باسقۇچىتىكى بالىلارنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى، بولۇپمۇ ئىجادىي تەپەككۇر ئىقتىدارىمۇ ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ. بۇ كۆرۈنەرلىك ئۈستۈنلۈكلەر بالىلارنى ئۆزىنى قالتىس ھېس قىلدۇرۇپ، ئاتا ـ ئانىسىدىن ئېشىپ كەتكەندەك تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ.

شۇڭا، جىسمانىي ۋە پىسخىكا جەھەتتىكى تەرەققىيات بالىلاردا ماسلىشالماسلىق پەيدا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل كونكرېت زىددىيەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

**1. پىسخىكا جەھەتتىن «بالاغەتكە يەتكەنلىك تۇيغۇسى» بىلەن «يېرىم پىشىپ يېتىلگەنلىك» ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى پەيدا قىلىدۇ**

پىسخىكا جەھەتتىكى بالاغەتكە يەتكەنلىك تۇيغۇسى ــــ ئالدىدا تىلغا ئالغان ئاتا ـ ئانىسىدىن ئېشىپ كېتىش جەھەتتىكى

ئۇستۇنلۇكلەر تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بالىلار «يېرىم پىشىپ يېتىلىش» باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولىسىمۇ، ئۇ يەنىلا بالا، ئۇلار مەلۇم جەھەتتىكى تەرەققىياتتا چوڭلاردىن ئېشىپ كەتكەندەك كۆرۈنگەن بىلەن، ئەمما ئۇلارنىڭ بىلىش سەۋىيەسى، تەپەككۇر شەكلى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي تەجرىبىسى ۋە كۆرگەن - بىلگەنلىرى چوڭلارغا يەتمەيدۇ، ئۇلار يەنىلا گۆدەك ھالەتتە بولىدۇ. بالىلار مەلۇم جەھەتتە چوڭلاردىن ئېشىپ كەتكەندەك تۇيغۇدا بولغاچقا ئۆزىنى ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى چاغلىشىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنى تەپەككۇر ۋە ھەرىكەت سەۋىيەسى جەھەتتە ئاتا - ئانىسى بىلەن ئوخشاش دەپ قارايدۇ، ئاتا - ئانىسى بىلەن باراۋەر ئىجتىمائىي ئورۇننىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئاتا - ئانىسى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۆزلىرىگە چوڭلارغا ھۆرمەت قىلغاندەك ھۆرمەت قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن رېئاللىقتا ھەمىشە ئۇنداق قىلغىلى بولمىغاچقا ئۇلار بىر خىل زىددىيەت ئىچىدە قالىدۇ.

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ئېلى ئىنتايىن ئەلاچى ئوقۇغۇچى ئىدى، ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭدىن ھېچقانداق غەم - ئەندىشە قىلمايتتى. لېكىن دادىسى يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ باشقا بىر مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بالا بىلەن تونۇشۇپ، توردا دائىم پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى. ئېلى بۇ ئوغۇل بالىنىڭ كۆرگەن - بىلگەنلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە بەكلا ھەۋەس قىلىپ، ئاتىسىغا ھەمىشە بۇ ئوغۇل بالىنى ۋەدىسىدە تۇرىدىكەن، بىلىدىغانلىرى ئىنتايىن كۆپكەن دەپ ماختاپ بېرىدۇ. ئاتىسى ئۇنىڭغا ئالدىراپ يەكۈن چىقارماسلىقنى، بەزى ئىشلارنى ئاڭلاش بىلەنلا بولمايدىغانلىقىنى، يەنىلا ئۇزاق مەزگىل بېرىش - كېلىش قىلغاندىن كېيىن يەكۈن چىقىرىش كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ، ئېلى بۇنىڭغا خاپا بولۇپ، دادام ماڭا ئىشەنمەيدىكەن، دادام ھەممە نەرسىدىن گۇمان قىلىپلا يۈرۈيدۇ دەپ ئويلايدۇ. ئاتىسى قارشى تۇرغانسېرى، ئېلى بۇ دوستى بىلەن قويۇق ئارىلىشىدۇ، ئۇ ھامان

www.uyghurkitap.com

بىر كۈنى ئاتىسىغا بۇ دوستىنىڭ ئىشىنىشكە بولىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئادەمنى خاتا تونۇمىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، يېرىم يىل ئۆتۈپ كېتىدۇ، بىر كۈنى ئاتىسى ئوغلىنىڭ ئۆزگىرىپ، كەم سۆز بولۇپ قالغانلىقىنى ھەمدە ئۆزى بىلەن پاراڭلىشىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي قالغانلىقىنى، ھەتتا ئۆزىنىڭ كۆزىگە قاراشقا پېتىنالمايۋاتقانلىقىنى بايقايدۇ. ئۇ ئوغلىغا بىرەر ئىش بولغانلىقىنى سېزىدۇ، شۇنداق قىلىپ، ئاتىسىنىڭ سەممىي كۆيۈنۈشى ئارقىسىدا ئېلى ئاتىسىغا بولغان ئىشنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بېرىدۇ: قۇربان ھېيتتىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن بۇ دوستى ئائىلىسىدە جىددىي ئىشى چىقىپ قالغاچقا، رۇخسەت سوراپ قايتماقچى بولغانلىقىنى، يېنىدا پۇلى يوقلۇقىنى ئېيتىدۇ. ئاق كۆڭۈل ئېلى بىر يىلدىن بۇيان يىغقان 1400 يۈەن پۇلنى دوستىغا بېرىدۇ. دوستى ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ، تەخمىنەن بىرەر ھەپتىدىن كېيىن قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى، پۇلنى شۇ چاغدا قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بىراق ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، پۇلنى قايتۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بۇ دوستىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. يانفونىمۇ ئېتىلىپ قالىدۇ، QQ دىمۇ ئۇنى تاپالمايدۇ. ئوغلى قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالىدۇ.

ئېلى ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئەڭ زور زەربە پۇلنى قايتۇرۇۋالالماسلىق بولماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي تەجرىبىسىنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن ئالدىنىپ قالغانلىقى ئىدى. ئۆزىنى ئىنتايىن چوڭ كۆرىدىغان، ئىنتايىن يۇقىرى چاغلايدىغان بىر بالىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى قوبۇل قىلىشى ئىنتايىن تەس. ياخشى يېرى، ئېلىنىڭ دادىسى تەجرىبىلىك ئادەم بولغاچقا، ئوغلىغا ئۆزىنىڭ ياشلىق ۋاقتىدىكى ئاغىنە تۇتۇشقا ئالاقىدار ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ، ئۇنىڭغا باشقىلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشنىڭ ئېپى ـ جېپىنى دەپ بېرىدۇ ھەمدە ئوغلىغا تەسەللى بېرىدۇ، شۇنداقلا ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئوڭۇشسىزلىققا

ئۇچرايدىغانلىقىنى، بۇ پۇلنى ئۆز تەجرىبىسى ۋە كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى بېيىتىش ئۇچۇن تۆلىگەن ئوقۇش پۇلى دەپ ھېسابلىشىنى ئېيتىدۇ.

ئېلىنىڭ سەرگۈزەشتىسى دەل كۆڭلىدىكى «بالاغەتكە يەتكەنلىك تۈيغۇسى» بىلەن «يېرىم پىشىپ يېتىلگەنلىك» ھالىتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ بىر ئەمەلىي مىسالى. ئاتا - ئانىلارنىڭ بۇ مەزمۇننى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، بالىلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە نىسبەتەن ئېنىق تونۇشقا ئىگە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

## 2. پىسخىكىلىق ئۇزۇلۇش بىلەن مەنىۋى يۆلەنچۈك ئارىسىدىكى زىددىيەت

بىر دوستۇمنىڭ 12 ياشلىق قىزى ئاينۇر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 - يىللىقىدا ئوقۇيدۇ، ئۇ مۇستەقىل كۆز قارىشى بار قىزچاق ئىدى. ئاپىسى ماڭا يېقىندىن بۇيان قىزىم دادىسى بىلەن دائىم قارشىلىشىپ قېلىپ زادىلا گەپ ئاڭلىماس بولۇپ قالدى، سىز ئۇنىڭغا ياردەم قىلسىڭىز بوپتىكەن دېدى. ئۇ قىز بىلەن مەن تونۇش بولغاچقا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشىم ئىنتايىن ئاسانغا توختىدى، پاراڭلىشىش جەريانىدا ئۇ ماڭا:

«مېنىڭچە ئاتا - ئانامنىڭ نەزىرىدە پەقەت ئىنىملا بار، بۇ ئىككى يىلدىن بۇيان ئۇلار ماڭا زادىلا كۆڭۈل بۆلۈپ باقمىدى، مەن ھەر قېتىم ئۇلاردىن بىر نەرسىنى سورىسام، ئۇلار ھەمىشە «ئۆزۈڭ قارار قىلغىن»، «ئۆزۈڭ ياخشى قىلالايسەن، بىزنىڭ ياردەم بېرىشىمىز ھاجەتسىز» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىدۇ، مەن بىلەن كارى بولمايدۇ، ئەزەلدىن مەن بىلەن ھەرقانداق ئىشنى مەسلىھەتلەشمەيدۇ، شۇڭا مەنمۇ ئىنتايىن ئازابلىنىمەن، ئەمەلىيەتتە مەن قەستەن گەپ ئاڭلىماس بولۇۋالدىم.» دەيدۇ

قىزنىڭ دېگەنلىرىنى ئاتا - ئانىسىغا ئېيتقۇدىم، ئۇلار ئىنتايىن ھەيران قالدى. «بىز ئۇنى چوڭ بولدى، ئەمدى مۇستەقىل

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى


قاراشقا ئىگە بولدى دەپ قاراپتۇق. بىز ئۇنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن مۇشۇنداق قىلغانىدۇق، بىزنىڭ قىلغىنىمىز خاتامۇ؟» دېيىشتى.

مۇشۇ ياشتىكىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا، نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىنىڭ باش قېتىنچىلىقى بار. چۈنكى ئۇلار بالىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى كىچىك بالىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىشىدىن بەكلا بىزار ئىكەنلىكىنى، ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ كۆپ سوراشلىرىدىن زېرىكىش ھېس قىلغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى، لېكىن بالىلارنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئۇلارنى ئۆزىگە ئۆزىنى غوجا قىلسا، ھۆرمەتلىسە، ئۇلار يەنە ئاتا ـ ئانام ماڭا كۆيۈنمەيدۇ دەپ ئويلاپ قالاتتى. بۇنداق ئۇقۇشماسلىق ئاساسلىقى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بۇ ياشتىكى بالىلارنىڭ ئىككىنچى زىددىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشەنمىگەنلىكىدىن كېلىپ چىققان، يەنى بالا ھەم ئاتا ـ ئانىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇشنى ئويلايدۇ، بۇ «پىسخىكىلىق ئۆزلۈش» دېيىلىدۇ. لېكىن روھىي جەھەتتە يەنە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى، ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان چاغدا ئۇلارغا تايىنىشنى ئويلايدۇ. كۆپ ساندىكى ئاتا ـ ئانىلا بىر بولسا بالىلىرىغا زىيادە كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىپ بالىلىرىنى زېرىكتۈرۈۋېتىدۇ، بىر بولسا بالىلىرىنى ھەممە ئىشنى ئۆزىنىڭ ھەل قىلىشىغا قويۇپ بېرىدۇ، بۇ خىل ئەھۋال بالىلارنىڭ روھىي تەرەققىيات ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ.

بالىلارنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىگە قارىتا ئاتا ـ ئانىلار قانداق قىلىشى كېرەك؟ ئەمەلىيەتتە بۇ بەك ئاددىي ئىش، بۇنىڭدا بالىلارنى ھۆرمەتلەشنى ئاساس قىلىپ، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ بوشلۇقى ۋە ھوقۇقىنى بېرىش كېرەك. لېكىن بالىلار مەسىلىگە دۇچ كەلگەن چاغدا، چوقۇم مۇنۇ بىر جۈملە سۆزنى دېيىشنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك: «بالام، بىز كۆڭلۈڭدە غېمىڭ بارلىقىنى بىلىمىز، سېنىڭ چوقۇم ياخشى بىر تەرەپ قىلالايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمىز. بىراق شۇنى ئېسىڭدە تۇتۇشۇڭ كېرەككى، بىز ساڭا مەڭگۈ يار ـ يۆلەك بولىمىز، ئەگەر بىزنىڭ پىكرىمىز ياكى تەكلىپىمىزنى ئالماقچى

بولساڭ، سەن ئېغىز ئاچساڭلا بىز ساڭا چوقۇم ياردەم قىلىمىز.»

بۇ بىر جۈملە ئاددىي سۆز، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئىپادىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بالىلارغا ئۆزلىرىنىڭ مۇستەھكەم يۆلەنچۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. بالاغەتكە يېتىش دەۋرى سەزگۈر ۋە نازۇك بولىدۇ، بالىلار ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ كۆڭلىنى مۇشۇنداق ئىپادىلىشىگە بەكلا موھتاج.

3. پىسخىكا جەھەتتىكى بېكىنمىچىلىك بىلەن ئۇچۇق ـ يورۇقلۇق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت

ئاتا ـ ئانىلار بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدىكى بالىلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى مەخپىي تۇتىدىغانلىقىنى، كىچىك چېغىدىكىدەك ئاتا ـ ئانىسىغا ھەممىنى دەپ بەرمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بۇمۇ بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدىكى بالىلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى چوڭ بىر ئالاھىدىلىكى. ئۇلار مەن ئەمدى چوڭ بولدۇم، ھەممە گەپنى ئاتا ـ ئانامغا دەپ يۈرۈشۈم ھاجەتسىز دەپ قارايدۇ. ئەمما نۇرغۇن بالىلار ئاتا ـ ئانىلىرىمىز بىزنى چۈشەنمەيدۇ دەپ قارىغانلىقتىن گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاتا ـ ئانىسىغا دېيىشنى خالاپ كەتمەيدۇ، ئاتا ـ ئانىلار بالىلار ئىشەنمەيدىغان ياكى ئۇلارنى ئەيىبلەيدىغان گەپلەرنى قىلغاندا بالىلار تېخىمۇ بېكىنىۋېلىپ، ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن پاراڭلىشىشنى خالىمايدۇ.

بىراق بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدىكى بالىلار ئۆزىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى، ئۆگىنىش، ساۋاقداشلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت، ھېسسىيات قاتارلىق جەھەتلەردىكى نۇرغۇن ئىچ پۇشۇقلىرىنى دېگۈسى، ئۇ توغرۇلۇق پىكىر ئالماشتۇرغۇسى كېلىدۇ، باشقىلار بۇ ئىچ پۇشۇقلىرىنى چۈشەنسىكەن دەپ ئويلايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆزى بىلەن تەڭدېمەتلىك دوستلىرىنى تېپىپ كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى دەپ مۇڭدىشىپ، دوستلىرىنىڭ قوللىشى ۋە چۈشىنىشىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئالاقە ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى جەمئىيەتتە يانفون ئۇچۇرى، QQ، ئۈندىدار قاتارلىقلار بار، بۇ ۋاستىلەر بالىلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئالماشتۇرۇش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ يەنە ئىنتايىن نۇرغۇن نۇقسانلىرى بار. ئېيتايلۇق، باللار باشقىلار بىلەن سۆزلىشىشنى خالىمايدىغان، تورغا مەپتۇن بولۇپ كېتىدىغان، توردىن ئايرىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. يەنە بەزى باللار توردا يامان ئادەملەر بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ كېتىدۇ ۋە باشقىلار.

شۇڭا ئاتا - ئانىلار بۇ ياشتىكى باللارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىش ئاساسىدا، بۇ ياشتىكى باللار بىلەن سۆزلىشىشنىڭ ئېپى - جېپىنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. چۈنكى بۇ بالىنىڭ سىز بىلەن سۆزلىشىشنى خالاش - خالىماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە بولۇپلا قالماي، يەنە بالىنىڭ بالاغەتكە يېتىش دەۋرىنى تىنچ ئۆتكۈزۈشىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشتۇر. بۇ ياش باسقۇچىدىكى باللار بىلەن قانداق پىكىر ئالماشتۇرۇش توغرىسىدا مەخسۇس بىر پاراگرافتا تەپسىلىي توختىلىمەن.

بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدىكى باللارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، بىز بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدىكى فىزىيولوگىيەلىك تەرەققىياتنىڭ ئۇلاردا چوڭ بولغانلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما رېئال تۇرمۇشتا ئۇلارنىڭ يەنىلا ئۆسمۈر بالا ئىكەنلىكىنى، پسىخىكىلىق تەرەققىيات سەۋىيەسىنىڭ زادىلا پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىنى بايقايمىز. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بالىنىڭ ئۆزىگە بولغان تونۇشى «ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن» بولىدۇ. ئاتا - ئانا نەزىرىدە بالا دېگەن مەڭگۈ بالا بولۇپ، ئۇلار ئۆز بالىسىنىڭ بەش ياشلىق ۋاقتىدىكىدەك ھەممىدە نېمە دېسە شۇنى ئاڭلايدىغان كىچىك بالا ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئۆز ئىدىيە ۋە ھېسسىيات مۇستەقىللىقىغا ئىگە بولغان ياش - ئۆسمۈرلەردىن بولۇپ قالغانلىقىنى تونۇپ يېتەلمەيدۇ. بۇ خىل ئوي - پىكىرنىڭ تەسىرىدە نۇرغۇن ئاتا - ئانا ئۆزلىرىنىڭ ياش - ئۆسمۈر باسقۇچىغا بېرىپ قالغان بالىلىرىغا مۇئامىلە قىلغان چاغدا، بەش ياشلىق كىچىك بالىغا گەپ قىلغان چاغدىكى پوزىتسىيە،

ئىنتوناتسىيە ۋە سەۋىيەدە گەپ قىلىدۇ. ئىچكى دۇنياسىدا «چوڭ ئادەم بولۇش تۇيغۇسى»غا ئىگە بولۇپ بولغان بالىلار تەبىئىي ھالدا ئۆزىنى بەش ياشلىق بالىدەك كۆرگەن ئاتا - ئانىلىرىنى قوبۇل قىلالمايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، بالا بىلەن ئاتا - ئانا ئوتتۇرىسىدا ئىككىنچى زىددىيەت پەيدا بولىدۇ، يەنى بالىنىڭ ئۆزىنى تونۇشى ئالدىغا كەتكەن بولسا، ئاتا - ئانىنىڭ تونۇشى ئارقىدا قالغان بولىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ تونۇش جەھەتتىكى بۇ خىل پەرقى بالاغەت مەزگىلىدىكى بالىلارنىڭ ئائىلە تەربىيەسىدىكى ئەڭ زور مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بالاغەتكە يېتىش دەۋرى ئىنسان ھاياتىدىكى ئىككىنچى بۆرىلىش دەۋرى بولۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ. بۇ باسقۇچتا بالىلار ئاتا - ئانىلارنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوللىشىغا، مۇئەللىملەرنىڭ يېتەكلىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئىنتايىن موھتاج بولىدۇ. نۆۋەتتە مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان بىر قىسىم تەكشۈرۈشلەردە كۆرسىتىلىشىچە، بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدىكى بالىلار ئۆزىدىكى زىددىيەتلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالمىسا، ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىگە ئېرىشەلمىسە، بولۇپمۇ ئاتا - ئانىلار بالىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالمىسا، ئۇنداقتا بالىلاردا «تور ئويۇنلىرىغا خۇمار بولۇپ قېلىش»، «بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدىكى ئېلىشىپ قېلىش كېسەللىكى»، «جەمئىيەت بىلەن قارشىلىشىش ۋە جىنايەت ئۆتكۈزۈش» قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەبىي پىسخىك مەسىلىلەر كېلىپ چىقىدىكەن.

ئەقىللىك ئاتا - ئانىلار جەزمەن بالىلىرى بىلەن تەڭ چوڭ بولىدۇ، ئىچكى دۇنياسىدىكى بىلىم ۋە كۆزقارىشىمۇ تەدرىجىي «چوڭ بولۇۋاتقان» ئاتا - ئانىلاردىن بولىدۇ. بالىلارنىڭ قانداق ئادەمنى ئاتا - ئانا قىلىپ تاللاش ھوقۇقى بولمىسىمۇ، ئەمما ئاتا - ئانىلار بالىلىرىمىز پەخىرلەنگۈدەك ۋە مەغرۇرلانغۇدەك ئاتا - ئانىلاردىن بولساق بولىدۇ. مۇشۇنداق بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ــ بالىلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ تەرەققىياتىنى تولۇق چۈشىنىش ھەمدە مۇشۇ ئاساستا باشقا ھەرقانداق ئادەم ئۈستىگە ئالالمايدىغان ئاتا ــ ئانىلىق مەسئۇلىيىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئادا قىلىشتىن ئىبارەت.

**بالدۇر مۇھەببەتلەشكەن بالىغا ئاتا ــ ئانا قانداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەك**

بالدۇر مۇھەببەتلەشكەن قىزىغا قانداق مۇئامىلە قىلىغانلىقى ھەققىدە بىر دوستۇم تېلېفون بېرىپ، مەندىن قىزىنىڭ بىر ئوغۇل بالا بىلەن قويۇق ئالاقە قىلىشۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ مۇھەببەتلىشىۋاتقان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى، قىزىدىن سورىسا بۇنى ھەرگىز تەن ئالمىغانلىقىنى ئېيتتى. ھازىر ئۇنىڭ قىزى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3 ــ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقانلىقىنى، تېخى كىچىك ئىكەنلىكىنى، مۇنداق قىلسا ئۆگىنىش نەتىجىسىگە تەسىر يېتىدىغانلىقىنى، بۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەكلىكىنى سورىدى.

ئۇنىڭ ئىنتايىن تىت ــ تىت بولۇۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمەي، بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنىڭ بۇ ھېكايىدىن ئىلھام ئېلىپ قانداق قىلىشنى ئۆزى قارار قىلىشىنى ئېيتتىم. ئىشنىڭ جەريانى مۇنداق:

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىغا چىققان قىزىم سىنىپىدىكى بىر ئوغۇل ساۋاقدىشىنى ياخشى كۆرۈپ قالغاچقا، خۇشاللىقتىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ. مۇھەببەت تۇيغۇسى ئويغانغان قىزلارنىڭ ھېسسىياتى ماڭا ئايان. بۇ خىل ھېسسىياتنىڭ تېخى پىشمىغانلىقىنى ھەم ئۇزۇنغا داۋاملىشالمايدىغانلىقىنىمۇ، قىزىمنىڭ مۇنداق قىلىشىنى توسۇشنىڭمۇ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى بىلىمەن. بىراق بۇنى سۈرۈشتۈرمەي دېسەم قىزىمنىڭ مۇھەببەتكە پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن كىرىشىپ كېتىپ، كېيىن ئازار يەپ قېلىشىدىن

ئەنسىرىدىم، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ مۇنداق بىر چارىنى تاپتىم. شەنبە كۈنى قىزىمنى كىيىم ئېلىش ئۈچۈن بىللە بېرىشقا چاقىرىۋالدىم ھەممىدە ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى بىر قۇر كىيىم ئېلىپ بېرىشكە، پەقەت ئۇنىڭغا يارىسىلا باھاسى بىلەن ھېسابلاشماسلىقىقا، ئەمما پەقەت بىر قۇرلا ئېلىپ بېرىشكە ماقۇل بولدۇم. قىزىم ئىنتايىن خۇشال بولدى، تېخى بىر نەچچە دۇكاننى ئارىلىماي تۇرۇپلا بىر كىيىمنى ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇ بۇ كىيىمدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي تۇرۇۋالغاچقا ئەڭ ئاخىرىدا شۇنى ئېلىش قارارىغا كەلدى.

«بۇنى راستىلا ياقتۇرۇپ قالدىڭىزمۇ؟» تەكرار ـ تەكرار سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن. قىزىم بېشىنى لىڭشىتتى، شۇنداق قىلىپ، كىيىمنى ئېلىپ بەردىم. ئاندىن كېيىن ئۇ ماڭا كىيىم ئېلىشىپ بەردى.

بىراق بازار ئارىلاش جەريانىدا ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن كىيىمگە كۆزى چۈشۈپ قالدى، ئۇ بازار ئارىلاپ بولغان چاغدىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ قايسى كىيىمنى ئەڭ ياقتۇرىدىغانلىقىنى بىلدى، باشتا سېتىۋالغان كىيىمنىڭ ئۇ كىيىملەرنىڭ ئالدىدا تىلغا ئالغۇچىلىكىمۇ يوق ئىدى. شۇنداق قىلىپ، قىزىم ماڭا يەنە بىر كىيىم ئېلىپ بېرىڭ دەپ يالۋۇرغان بولسىمۇ، مەن قەتئىي ئۇنىمىدىم. قىزىم خاپا بولۇپ ئۆيگە قايتىپ كەتتى، كېيىن نەچچە كۈنگىچە ماڭا تەتۈر قاراپ يۈردى. مەنمۇ ئۇنىڭغا زادىلا چۈشەنچە بەرمىدىم، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇنى ئەمدى يەنە خاپا بولۇپ كەتمەيدۇ دەپ قاراپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتىم:

— بالام، سىز مېنىڭ ئەڭ ئامراق ئادىمىم، سىزگە ياخشى كۆرىدىغان كىيىمىڭىزنى ئېلىپ بەرمەي كۆڭلۈم قانداقمۇ ئۇنىسۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كىيىمنى ئېلىپ بېرىشكە قۇربىمىمۇ يېتىدىغان تۇرسا، — دېدىم.

— ئەمىسە نېمىشقا ئېلىپ بېرىشكە ئۇنىمايسىز؟ — دەپ سورىدى قىزىم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى



— مەن سىزنىڭ پەقەت بىر قېتىملا پۇرسىتى بار ئىشلاردا ئالدىراقسانلىق بىلەن يەكۈن چىقارسىڭىز بولمايدىغانلىقىنى ئۆزىڭىزگە بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئېلىپ بەرمىدىم.

قىزىم گەپ - سۆز قىلماي چوڭقۇر خىيالغا پاتتى.

— بەزى ئىشلارنى ماڭا ئېيتمىسىڭىز مەنمۇ ئۇنى سوراپ يۈرمەيمەن، ئۇنىڭغا ئارىلىشىۋالمايمەن، لېكىن تەجرىبەمگە ئاساسلانغاندا، نۇرغۇن ئوغۇل بالىلارنىڭ سىزنى قوغلىشىۋاتقانلىقىنى، بۇلارنىڭ ئىچىدە چوقۇم سىز ياخشى كۆرىدىغان بالىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلالايمەن. مۇھەببەت گۈزەل بولسىمۇ، ئەمما ئادەمنى توغرا تاللاش كېرەك. ھازىر سىزدە تونۇش ۋە تەجرىبە كەم بولغاچقا ئىنتايىن ئاسانلا ھاياجانلىنىسىز، ناۋادا يەڭگىللىك بىلەن مەلۇم بىر ئوغۇل بالىنى چىن كۆڭلىڭىزدىن ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتۈپ قالسىڭىز ئاچچىق ئازاب ئىچىدە ئۆتىسىز، بۇ ئاچچىق ئازاب ھەرقانداق ئازابتىن ئېغىر بولىدۇ. كېلەچەكتە يەنە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشىڭىزغا، خىزمەت قىلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ، تۇرمۇش مۇھىتىڭىز ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، خاراكتېرىڭىز ۋە ھەۋەسىڭىزدىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش بولىدۇ، ئۇ چاغدا كىمنى ياخشى كۆرۈپ قالىدىغانلىقىڭىزنى، قانداق ئادەم بىلەن بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولۇپ قالىدىغانلىقىڭىزنى ھازىر ئالدىدىن مۆلچەرلەش ئىنتايىن قىيىن. ئوبدان قىزىم، كېيىمنى بىز قايتا ئېرىپ سېتىۋالساق بولىدۇ، بىراق سىز ھېسسىياتتا ئەگرى يولغا مېڭىپ قالغان بولسىڭىز ياكى مۇھەببەتتە ئازار يەپ قالسىڭىز ئۇ چاغدا مەن سىزگە ياردەم قىلالمايمەن، — دېدىم ئارقىدىن ئۇلاپلا.

شۇ قېتىملىق ئىشتىن كېيىن قىزىممۇ مەقسىتىمنى چۈشەندى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ ھېلىقى ئوغۇل ساۋاقدىشى بىلەن ئۆز ئارا ياردەملىشىپ ئۆگىنىشتىكى ياخشى ھەمراھلارغا ئايلىنىپ، ھەر ئىككىسى ئىمتىھان بېرىپ نۇقتىلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆتتى.

بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، دوستۇم ھېچنېمە دېمىدى، ئاخىرىدا ئۇ ماڭا:

— چۈشەندىم، بالامنىڭ ھېسسىيات مەسىلىسىگە قارىتا مەن سوغۇققان بولۇپ، ئۆزۈمنى بېسىۋېلىشىم كېرەككەن، نوقۇل قائىدە سۆزلەشكىلا تايانماي، قىزىمنى كونكرېت ئىش ئارقىلىق قائىدە چۈشىنىشكە يېتەكلىسەم بولغۇدەك، — دېدى.

— توغرا، — دېدىم ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ، — چۈنكى بۇ ياشتىكى بالىلار ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ھۆرمەتلىشىگە ئەڭ موھتاج، ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بالىلىرىنىڭ ئوبدان بىر تەرەپ قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىشى، ئۇلارغا ئىشەنچ ۋە كۈچ ئاتا قىلىشى كېرەك.

ئەمەلىيەتتە، مۇشۇ تۈردىكى ھېسسىيات مەسىلىلىرى — بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدىكى بالىلار دۇچ كېلىدىغان ۋە بېشىدىن كەچۈرىدىغان ئومۇميۈزلۈك مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. پەقەت بەزى بالىلاردا بالدۇرراق ، بەزى بالىلاردا كېيىنرەك بولۇش بىلەن پەرقلىنىدۇ. بۇ بالىلارنىڭ پىسخىك ۋە جىسمانىي تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى ۋە بالاغەتكە يېتىشىنىڭ بالدۇر - كېيىن بولۇشى تەرىپىدىن بېكىتىلىدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىلاردىكى بۇ ئالاھىدىلىككە قارىتا، بالىلىرىنىڭ «بالدۇر مۇھەببەتلىشىش» دىن قورقۇپ، ئۇلارنى ئۇرۇپ - تىللىماسلىقى ياكى نەسىھەت قىلماسلىقى لازىم. ئۇنى بىلمەسلىككە سېلىۋېلىپ قولاق يوپۇرۇۋېلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدىكى بالىلارنىڭ ھېسسىيات تەرەققىيات ئېھتىياجى ئالاھىدىلىكنى چۈشىنىشى كېرەك، پەقەت بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدىكى بالىلار بىلەن ئالاقىدە بولۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنگەندىلا، ئاندىن ئۇلارنى توغرا پوزىتسىيە بىلەن يېتەكلىيەلەيمىز.

بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدىكى بالىلارغا فىزىيولوگىيەلىك نۇقتىدىن نەزەر سالغاندا، قىز بالىلاردا ھەيز كېلىدۇ، ئوغۇل

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



بالىلاردا ئىپتىلام بولۇش كۆرۈلىدۇ، بالىلار فىزىيولوگىيە جەھەتتىن بالاغەتكە يەتكەندە ئۇلار تېنىدىكى ئالاھىدە بار بولغان جىنسىي سېزىمچانلىق يات جىنسلىقلارغا نىسبەتەن تارتىشىش كۈچى پەيدا قىلىدۇ ياكى يات جىنسنىڭ جىنسىي سېزىمچانلىقى تەرىپىدىن جەلپ قىلىنىدۇ. بۇنى ئۇلار ئۆزلىرى ھېس قىلالمايدۇ، شۇنداقلا بۇنى ئۇلار قەستەن پىلانلىغانمۇ ئەمەس. جىنسىي سېزىمچانلىقنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى بالا ئىنتايىن كىچىك ۋاقتىدىلا پەيدا بولغان بولىدۇ، لېكىن ئۇ چاغدىكىسى ئادەتتە ئائىلىدىكى ئارىلىقى ئەڭ يېقىن بولغان يات جىنسلىق ئاتا ـ ئانىلارغا يۈزلىنىشنى كۆرسىتىدۇ: ئوغۇل بالىنىڭ ئانىسىغا، قىز بالىنىڭ ئاتىسىغا يۈزلىنىشىدىن پىسخولوگىيە ئىلمىدە تىلغا ئېلىنىدىغان «قىزلارنىڭ دادىسىنى ياخشى كۆرۈش» ياكى «ئوغۇللارنىڭ ئاپىسىنى ياخشى كۆرۈش» روھىي ھالىتىنى پەيدا قىلىدۇ. بالىنىڭ چوڭ بولۇپ مەكتەپكە كىرىشى، باشلانغۇچ مەكتەپ باسقۇچىغا ئەگىشىپ سىرتقى مۇھىت، شۇنداقلا ئۆگىنىش پائالىيىتىگە بولغان قىزىقىشى تەدرىجىي يات جىنسقا بولغان قىزىقىشىدىن چوڭ بولغاچقا، يات جىنسقا بولغان قىزىقىش تەدرىجىي بېسىلىپ، بىر نەچچە يىلدىن كېيىن بالا بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدىكى ياش باسقۇچىغا قەدەم قويغاندا، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلىپ، بالىلار ئارىسىدا ئاستا ـ ئاستا يات جىنسلار ئارىسىدىكى تارتىشىش كۈچىنى ھېس قىلىدۇ. ئۆسمۈر ئوغۇل، قىزلار تەبىئىي ئۆچرىشىش، ساغلام مەنىدىكى بېرىش ـ كېلىش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن يات جىنس دۇنياسىنى تونۇسا يەنە بىر جەھەتتىن ئۆزىنى تونۇيدۇ، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىلىدۇ، يات جىنسلىقلار بىلەن بىللە تۇرۇشتىكى ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى، غۇرۇر تۇيغۇسى ۋە ئۆز ئارا قوبۇل قىلىش، ھۆرمەتلەش، باراۋەرلىك كۆز قارىشى كۈچىيىپ، كەلگۈسىدىكى ئۆمۈرلۈك ھەمراھى بىلەن بىرلىشىش ۋە ئىناق ياشاش ئۈچۈن ئۇزاق مەزگىللىك تەييارلىقنى ياخشى ئىشلەيدۇ. پەقەت مۇشۇ بىر باسقۇچتىن ئۆتۈپ، تەييارلىقنى

ياخشى قىلغان باللارلا كېلەچەكتىكى نىكاھقا كاپالەتلىك قىلىپ، ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك ۋە گۈزەل بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ.

ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ باردى ـ كەلدى ئالاقە ئىقتىداردىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ باردى ـ كەلدى قىلىشى باللارنى روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن خۇشال قىلىپ، بىلىمنى تولۇقلاپ، نېرۋىلىرىنى يەڭگىللىتىپ، ساغلاملىقىنى ئاشۇرىدۇ. خىزمەتتى ئالدىراش ئۆتىدىغان ياشلار دەم ئېلىش ۋە كۆڭۈل ئېچىشقا موھتاج بولغىنىدەك، ئۆگىنىشى جىددىي بولغان باللار روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تېخىمۇ خۇشال بولۇشقا موھتاج بولىدۇ. تەڭ ياشتىكى ھەمسۆھبەتلەر بىلەن ئۇ ـ بۇ توغرىسىدا پاراڭلىشىش، دەرس تەكرارلاشقا ۋەدىلىشىش، ۋېلىسىپىت مىنىپ سەيلە قىلىش، يىغىلىپ شەھەر سىرتىغا چىقىپ ساياھەت قىلىش، تۇغۇلغان كۈن يىغىلىشى ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلار باللارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدۇ ۋە ئۇلارغا «خۇشاللىق» بەخش ئېتىدۇ. ئەگەر بۇ پائالىيەتلەرگە يات جىنستىكى ساۋاقداشلار قاتناشسا تېخىمۇ پەيزى بولىدۇ. يات جىنستىكىلەرنىڭ باردى ـ كەلدى ئالاقىسى جەريانىدا باللارنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسى ئېچىلىپ، روھى كۆتۈرۈلىدۇ، جىددىيلىكى سېلىكىپ، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام بولۇپ، تولۇپ تاشقان روھىي كەيپىيات بىلەن ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشقا ئاتلىنىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئېھتىياجى ھەم ھوقۇقى. بالا ھەرگىز ئۆگىنىشلا قىلىدىغان ماشىنا ئەمەس، دەرس تەكرارلاشنىڭ قۇلىلا ئەمەس. ئوغۇل بالا بىلەن قىز بالا دۇنيادىكى بىر گۈزەل مەنزىرە، نۇرغۇن ئېسىل، ساغلام كۆڭۈل ئېچىش ۋە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئىككى خىل جىنس ئايرىمىسىنىڭ ئورتاق قاتنىشىشى ئۆچۈن لايىھەلىنىدۇ، مەسىلەن، لەپەر، تانسا، ئەر ـ ئايال قوش ئاۋازلىق ناخشا، ئەر ـ ئايال ئارىلىشىپ ئوينايدىغان قوش كىشىلىك تىكتاك توپ، پەي توپ، ئەر ـ ئاياللارنىڭ فىگۇرا چىقىرىپ مۇز تېيىلىشى قاتارلىقلارلا ئادەمگە بەدىئىي زوق ئاتا قىلىدۇ. شۇڭا، 11 ـ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



12 ياشلىق قىز ــ ئوغۇللارنىڭ يات جىنسلار ئارىسىدىكى دوستلۇقنى بېشىدىن كەچۈرۈشى ئىنتايىن تەبىئىي ۋە زۆرۈر ئىشتۇر. 16 ــ 17ياشلارغا كىرگەن قىز ــ ئوغۇل بالىلاردا ئەگەر ئوخشاش ياشتىكى يات جىنسلىق دوستلىرى بىلەن قىلچىلىك ئارىلىشىپ باردى ــ كەلدى قىلىش ئىستىكى بولمىسا، بۇ بىر دىققىتىمىزنى قوزغايدىغان مەسىلە بولۇپ قالىدۇ.

گەرچە بىز ئاتا ــ ئانىلارنى باللار ئارىسىدىكى باردى ــ كەلدىگە ساغلام نەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى تەشەببۇس قىلساقمۇ، لېكىن بالا دېگەن بەربىر بالا بولغاچقا، بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدىكى ئۆزىدە تېز يېتىلىۋاتقان جىنسىي ئالاھىدىلىك، ئۆز بەدىنىدىكى كونترول قىلىشقا ئامالسىز قېلىۋاتقان جىنسىي غەلىيانغا قارىتا، باردى ــ كەلدى ئالاقە جەريانىدا كونترولسىزلىق كېلىپ چىقىپ، جىنسىي تەۋەككۇلچىلىك، ھامىلىدار بولۇپ قېلىپ بالا چۈشۈرۈش، جىنسىي جىنايەت قاتارلىق ھادىسىلەر دائىم يۈز بېرىپ قالسا، ئائىلە ۋە مەكتەپكە ئىنتايىن نۇرغۇن تەجرىبە ــ ساۋاق ۋە ئويلىنىش ئېلىپ كېلىدۇ.

2000 ــ يىلى، بېيجىڭدىكى مەلۇم داڭلىق مەكتەپتە جەمئىيەتنى زىلزىلىگە سالىدىغان مۇنداق بىر ئىش يۈز بەرگەن: تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇيدىغان بىر ئەلاچى قىز ئوقۇغۇچى ياتىقىدا ئاي ــ كۈنى توشقان بوۋاق تۇغقان. ئۇ ھودۇقۇپ كەتكەنلىكتىن بالىنىڭ كىندىكىنى ئۈزۈپلا تىرىك تۇغۇلغان بوۋاقنى دېرىزىدىن سىرتقا ئاتقان، قوشنىلار يەردە ياتقان ئۆلۈك بوۋاقنى كۆرۈپ ساقچىغا مەلۇم قىلغان. بۇ قىز سوتقا تارتىلىپ، بوۋاقنى ئۆلتۈرۈش جىنايىتى سادىر قىلغانلىقتىن ئەمگەك بىلەن تەربىيەلەشكە ھۆكۈم قىلىنغان. جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندىمۇ ئىچكىرىدىكى بىر قىسىم چوڭ شەھەرلەردە مانا مۇشۇنداق خەۋەرلەر پات ــ پات يۈز بېرىپ تۇرماقتا. بۇ ئىشلاردىن ئاتا ــ ئانىلارنى ئەسكەرتىشكە تېگىشلىك بولۇۋاتقىنى: بىر بالا كىچىكىدىن چوڭ بولغۇچە، نۇرغۇن

بىلىملەرنى ئۆگەنگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭغا ھېچكىم ئىككى جىنس ھەققىدىكى ئىلمىي بىلىملەرنى ئۆگىتىش، دوستلۇق، مۇھەببەت ھەققىدىكى بىلىملەرنى، ئەخلاق قىممىتى، قانۇن ـ قائىدىلەر قاتارلىقلارنى چۈشەندۈرمەيدۇ. يەنە بىر قىسىم بالىلار بەدىنىدىكى فىزىيولوگىيەلىك سىرنى چۈشەنمەي، قىز ـ ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ باردى ـ كەلدى ئالاقىسىنىڭ چەك ـ چېگراسىنى، ئۆلچىمىنى بىلمەي، ئۆزىگە، ئائىلىگە ناھايىتى زور ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ. ئەگەر ئائىلە باشلىقلىرى، ئوقۇتقۇچىلار بۇ مەسىلىلەرنى ئوقۇغۇچىلارغا چۈشەندۈرمىسە، بالىلار بۇلارنى ئۆزلىرىلا ئۆگىنەلەمدۇ؟ ئائىلە ۋە مەكتەپتە بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدىكى جىنسىي ساغلاملىق تەربىيەسىگە سەل قاراش ۋە ئۆزىنى قاچۇرۇپ سۆزلىمەسلىك تۈپەيلىدىن گاڭگىراش، قايمۇقۇش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان نۇرغۇن ئوغۇل ـ قىزلار تەۋەككۇل پاتقىقىغا پېتىپ قېلىپ، بىرمۇنچە ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ سالىدۇ.



شۇڭا مەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارنىڭ بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدىكى تەربىيەسىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىشىنى بەكلا تەكىتلەيمەن. چۈنكى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىغا تەربىيە بېرىشتىكى پايدىلىق شارائىتىنى مەكتەپلەر ھازىرلىيالمىغان بولىدۇ. بىر سىنىپ مۇدىرى 40 ـ 50 ئوقۇغۇچىنىڭ ھەربىرىگە بۇ جەھەتتىكى بىلىملەرنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ، ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئەھۋالىغا نىسبەتەن پەرقلىق مۇئامىلە قىلىپ بولالىشى ناھايىتى قىيىنغا چۈشىدۇ. ئېھتىمال مۇئەللىم دېگەن بىلىملەرنى بەزى بالىلار چۈشىنىشى مۇمكىن، بالىلارنىڭ ھەۋەس قىلىدىغان تەرىپى ۋە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلىرىنى مۇئەللىممۇ بىلمەسلىكى مۇمكىن. بىز بىر قىسىم مەكتەپلەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، مەكتەپلەردە نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بالاغەتكە يېتىش دەۋرى توغرىسىدىكى تەربىيە مەزمۇنىنىڭ بالىلارنىڭ رېئاللىقى ۋە ئېھتىياجىدىن ئومۇمىيۈزلۈك كېيىن قالغانلىقىنى، بۇنى ئاتا ـ ئانىلارغا تايىنىپ تولۇقلاشنىڭ تېخىمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى





بايقىدۇق. ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ يېتىلىش ئالاھىدىلىكىنى كۆزىتىشى ۋە چۈشىنىشى، يېتىلىشىنىڭ ئاستا ياكى تېزلىكىگە ئاساسەن، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا يېتەكلىسە، تەربىيە بەرسە ئاندىن بىۋاسىتە ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ.

بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدىكى بالىلارنى يېتەكلەش جەريانىدا، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پوزىتسىيەسى، ئاتا ـ ئانىلار بىلەن بالىلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلارغا ئۆز كۆڭلىدىكى سىرلىرىنى دېيىش ـ دېمەسلىكى، ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ يېتەكلىشىنى قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىقىدىكى ئەڭ ھالقىلىق ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

كۆپ ساندىكى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئەمەلىي مىساللىرى بالىلىرىنىڭ دېموكراتىك، باراۋەر ئائىلە مۇھىتى ئىچىدە ئۆز كۆزقاراشلىرىنى تارتىنماي راۋان ئىپادىلەيدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ تەسىرات ۋە گۇمانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىنى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭمۇ بالىلىرىنىڭ «مەخپىيەتلىكى»نى ناھايىتى ئاسانلا بىلىۋېلىپ، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئۇلارغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

بىر قېتىملىق ئاتا ـ ئانىلار يىغىنىدا، بىر دادا ئوغلى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى: «ئىككى كۈن ئىلگىرى ئوغلۇم لاياقەتسىز بولۇپ قالغان ماتېماتىكا ئىمتىھان قەغىزىنى پاقىدە ئالدىمغا تاشلاپ: ‹مۇھەببىتىمدىن ئايرىلىپ قېلىپ، كۆڭلۈم جايىدا بولمىغاچقا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدىم!› دېدى. مەن بىر ھازاغىچە نېمە قىلارىمنى بىلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن دەرھال ئۆزۈمنى ئوڭشىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقىپ، ئۇنىڭ ھېسسىياتقا جىددىي مۇئامىلە قىلىدىغان ۋىجدانلىق ئوغۇل بالا ئىكەنلىكىنى ماختاپ قويدۇم. چۈنكى ھاياتنى ئويۇن قاتارىدا كۆرىدىغان ئادەمدە مۇھەببىتىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئازابى بولمايدۇ. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، بالامغا مۇنداق دېدىم: ھەرقانداق بىر ياشنىڭ ئەستايىدىل مۇھەببەتلەشكەن تەقدىردىمۇ تۇنجى قېتىمدا مۇرادىغا

يېتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ئازاب ئىچىدە ئايرىلىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭمۇ ئىنتايىن كۆپ ئىكەنلىكىنى، مەسىلەن، غېرىب ـ سەنەم، پەرھاد ـ شېرىن قاتارلىق ياخشى كۆرۈشكەن ئادەملەرنىڭ مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىشكە ئامالسىز قالغانلىق ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى سەن بىلمەي قالمايسەن؟ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى تەييارلىقنىڭ يېڭىلا باشلاندى. سەن ھازىر تاغ قاپتىلىغا چىقىپ كېتىۋاتقان ئادەمگە ئوخشايدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، سېنىڭ تاغ چوققىسىغا چىققان چاغدىكى نەزىرىڭ بىلەن ھېسسىياتىڭ تاغ قاپتىلىدا تۇرۇۋاتقان ۋاقتىڭدىكىگە ئوخشىمايدۇ. ئوغلۇم ئالدىڭغا قارا، تاغ چوققىسىدىكى پۇراقلىق گۈل ساڭا مەنسۇپ، سېنىڭ ئۇ چوققىغا يامىشىپ چىقالماسلىقىڭدىن، ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەسلىكىڭدىن ئەنسىرەيمەن! ئوغلۇم بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ماڭا ھەيران بولغىنىچە بىردەم قاراپ تۇرۇپ قېلىپ ئارقىدىن: ‹دادا، مېنى بەك چوڭ كۆرۈپ كەتتىڭىز، بولىدۇ، دېگەنلىرىڭىزنى ئاڭلايمەن، مەن چوقۇم تاغ چوققىسىغا چىقاي.› دېدى.

ئەمەلىيەتتە بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدىكى بالىلار ھېسسىياتقا دۇچ كەلگەن چاغدا، بۇ باسقۇچتىكى يات جىنسلار ئارا بولۇۋاتقان باردى ـ كەلدىسىنىڭ دوستلۇق ھېسسىياتى ياكى مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى، پىسخىك ئېھتىياج ياكى تاشقى قىياپەتنىڭ ئۆز ئارا جەلپ قىلىشى ئىكەنلىكىنى ئۆزلىرىمۇ ئېنىق بىلمەيدۇ، شۇنداقلا ئۆزى بىلەن قارشى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكىنىڭ قىزىقىش، ياخشى كۆرۈش، ھۇزۇرلىنىش، ھېسداشلىق قىلىش، تايىنىشنىڭ قايسىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىيالماي، ھەممىسىنى «مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەن سۆزگە يىغىنچاقلايدۇ ياكى مودا ناخشىلاردىكى بىر ـ ئىككى مىسرا تېكىست ئارقىلىق ئۆزىدىكى مەلۇم خىل ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلاردىكى ھۆرمەتلەش پوزىتسىيەسى، ئىشىنىش سۆزى بالىدا ئۆزىنىڭ ھېسسىيات باش قېتىمچىلىقىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش

ئىشەنچىسى پەيدا قىلىدۇ.
ئاتا ـ ئانىلار شۇنىڭغا دىققەت قىلىشى كېرەككى، بالىغا بولغان پوزىتسىيەدىن باشقا، پاراڭلىشىش پەيتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. ئاتا ـ ئانىلار بالىسى بىلەن پاراڭلىشىشتا بالىلارنىڭ كەيپىياتى ياخشى ۋە ئۆزىنى ئەركىن ـ ئازادە ھېس قىلغان پەيتنى تاللاشقا ماھىر بولۇش كېرەك. مەسىلەن، بالا بىلەن سىرتقا ئويۇنغىلى ۋە سەيلە قىلغىلى چىققاندا ياكى مەلۇم بىر كىنونى كۆرگەندىن كېيىن، بىرەر نەرسە سېتىۋېلىپ ئارام ئېلىپ تۇرغان ۋاقىتلاردا بالا ناھايىتى تەبىئىي ھالەتتە سىز بىلەن پىكىر ئالماشتۇرىدۇ. بالا تاماق يەۋاتقاندا، تاپشۇرۇق ئىشلەشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ياكى ئۇخلاشنىڭ ئالدىدا بالىدىن سىنىپىدىكى قىزلار بىلەن ئوغۇللارنىڭ ئەھۋالىنى قەتئىي سورىماسلىقى كېرەك، بۇنداق قىلغاندا بالا ئاتا ـ ئانام ماڭا يەنە نەسىھەت قىلغىلى، غۇدۇرىغىلى تۇردى دەپ ئويلاپ قالىدۇ ـ دە، بۇنىڭ بىلەن زىتلىشىش پىسخىكىسى پەيدا بولۇپ، پاراڭلىشىشنى، پىكىر ئالماشتۇرۇشنى خالىمايدۇ.
ئائىلە باشلىقى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەرىكەتكە كېلىپ، بالىلارنىڭ يات جىنس بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىش سىناپ بېقىشىغا، دوستلۇقنىڭ ساپ، قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى باشتىن كەچۈرۈشكە ياردەمدە بولۇپ، مۇشۇ ئاساستا مۇھەببەتكە مۇئامىلە قىلىش بىلىملىرىنى ئۆگىتىپ، كېلەچەكتىكى جورىسىنى تاللاش ھەمدە گۈزەل نىكاھ مۇناسىۋىتى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا ياردەمدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن، بۇ مائارىپنىڭ، بولۇپمۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى.
ئاتا ـ ئانىلارنىڭ سۆيگۇ، مېھىر ـ مۇھەببەت، ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن بالىلىرىنىڭ «بالاغەتكە يېتىش دەۋر» دىن ئىبارەت بۇ كىتابىنى ياخشى ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ «بالاغەتكە يېتىش دەۋرى» دىن ئىبارەت بۇ يولدا مېڭىشىغا ھەمراھ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.
بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدىكى بالىلار بىلەن قانداق پىكىر ئالماشتۇرۇش كېرەك



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدىكى بالىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشمۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋاتقان ئىشلارنىڭ بىرى. بالىلار بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدىكى ياش باسقۇچىدا، ئەمەلىي ئەھۋال ھەمىشە چوڭلارنىڭ بالىلارنى ئوڭۇشلۇق ھالدا «گەپ ئاڭلايدىغان قىلىش»تىن ئىبارەت بۇ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە بولماقتا. ئاتا ـ ئانىلار بالام گەپ ئاڭلايدىغان بولسا بولاتتى دېگەنسېرى، بالا گەپ ئاڭلىمايدىغان بولۇپ كېتىۋاتماقتا. بالىلاردا ئاتا ـ ئانىلىرىدىن ھەتتا «قارشىلىشىش» پىسخىكىسى پەيدا بولماقتا، بۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ ئانىلاردا بالام مەن بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇۋاتىدۇ دەيدىغان قاراش پەيدا قىلىدۇ.

بىر ئانا مۇنداق دەيدۇ: «قىزىم ھازىر مېنىڭ گېپىمنى قەتئىي ئاڭلىماس بولۇۋالدى، ئۇنىڭغا نېمىلا دېگىنىم بىلەن بىكار. ناشتىدا ئۇنى تۇخۇم يە، سۈت ئىچ دېسەم قەتئىي ئۇنىمايدۇ، كىچىك ۋاقتىدا مەجبۇرلاپ بولسىمۇ يېگۈزەتتىم، ھازىر گېپىمنى قەتئىي ئاڭلىمايدۇ. كەچتىمۇ تاماق يېگىلى ئۇنىمايدۇ، ئۇ تېخى ئورۇقلايمەن، سەمرىپ كەتسەم بولمايدۇ دەيدۇ.»

ئاتا ـ ئانىلار بىلەن بالىلىرى ئارىسىدىكى پىكىر ئالماشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. ئوڭۇشلۇق پىكىر ئالماشتۇرۇش ئىنتايىن نۇرغۇن مەسىلىلەرنى چۈشىنىش ۋە ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپلا قالماستىن، بالاغەت مەزگىلىدىن ئىبارەت بۇ بىر قىيىن باسقۇچنى تىنچ ئۆتكۈزۈپ، ئىناق بولغان ئاتا ـ ئانا، بالا مۇناسىۋىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى، بالا ئاتا ـ ئانىلار بىلەن بولغان پىكىر ئالماشتۇرۇش جەريانىدا، كىشىلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلىدۇ ھەمدە باشقىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش ماھارىتىنى ئۆگىنىدۇ، بۇنىڭ بالىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھاياتىغا ياردىمى بولىدۇ.

ئۆزى بىلەن بالىسى ئوتتۇرىسىدىكى پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىنى تەكشۈرۈشتىن ئىلگىرى، ئاتا ـ ئانا ئۆزىنىڭ بالا بىلەن قانداق پىكىر ئالماشتۇرغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ دائىملىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قوللىنىۋاتقان ئۇسۇلىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىشى لازىم. بۇ يىللاردا مەن ئۆزۈمنىڭ ئاتا ـ ئانام ۋە بالام بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىنى يەكۈنلەپ چىقتىم.

**بىرىنچى خىل پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى: ياخشىچاق بولۇش تۈرىدىكىلەر**

بۇ خىل ئۇسۇلدا گەپ قىلىدىغان ئاتا ـ ئانىلار، گەپ قىلغان چاغدا ھامان قارشى تەرەپنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قېلىشتىن ساقلىنىدۇ، بولۇپمۇ بالىلارغا قارىتا، ھەمىشە ياخشىچاق بولۇپ، كۆڭلىنى ئېلىش تەلەپپۇزىدا گەپ قىلىدۇ، قارشى تەرەپنى خۇشال قىلىشقا تىرىشىدۇ، ئەپۇ سوراش ياكى قارشىلاشماسلىقنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلىدىغان ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرى قەلبىدە ئاتا ـ ئانىلىق ئابرۇيى ۋە نوپۇز تۇيغۇسىنى تىكلەشكە ئامالسىز قالىدۇ، بالا ئاتا ـ ئانىسى دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىسامۇ، ئاڭلىمىسامۇ بولىدۇ دەپ قارايدۇ، ھەرگىز ئېسىدە ساقلىمايدۇ، ھەتتا ئاتا ـ ئانامنىڭ ئەجەبمۇ گېپى تولا دەپ قالىدۇ.

مۇشۇ تۈرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تۆۋەندىكى دىيالوگقا قاراپ باقايلى:

ئانا: ئوغلۇم، ئەھۋالىڭىز قانداقراق، تاپشۇرۇقىڭىز بەك كۆپمۇ؟ ھەي، نېمانداق جىق تاپشۇرۇق بۇ، سىزدىن بەكرەك مەن تىتىلداپ كېتىۋاتىمەن، بەك چارچاپ كېتىۋاتقانلىقىڭىز ماڭا ئايان، بىراق تاپشۇرۇقىڭىز يەنە ئازراق قاپتۇ، ئۇنى ئىشلىۋېتەيلى، ماقۇلمۇ؟ ئازلا قاپتۇ، بولامدۇ؟ سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي...

يەنە مەسىلەن:

ئانا: قىزىم، سىزگە ياخشى بولسۇن دەۋاتقانلىقىمنى بىلىشىڭىز كېرەك، ھەر كۈنى مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندە ئۆيگە بالدۇرراق كېلىڭ بولامدۇ؟ سىرتتا ئۇزۇن تۇرۇپ قالماڭ، مېنىڭ قانچىلىك

ئەنسىرەيدىغانلىقىمنى بىلەمسىز؟ ئۇبدان قىزىم، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئاپىڭىزغا مۇشۇ بىر قېتىم ماقۇل دەڭە؟

## ئىككىنچى خىل پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى: ئەيىبلەش تۈرىدىكىلەر

بۇ نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار قوللىنىدىغان پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى بولۇپ، ئاتا ـ ئانىلار پەقەت مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاندىن بالىنىڭ قەلبىدە ئورنۇم بولىدۇ، بالا ئاندىن گېپىمنى ئاڭلايدىغان بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ تۈردىكى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا قىلغان ھەر بىر جۈملە سۆزى ئەيىبلەش، رەنجىش تۈسىنى ئالغان بولىدۇ، ئاتا ـ ئانىلار بۇ چاغدا خۇددى مۇستەبىتكە، تەپتىش ئەمەلدارى ياكى غوجايىنغا ئوخشايدۇ. بۇ خىلدىكى ئاتا ـ ئانىلار گەپ قىلغان چاغدا بالىلار ئاڭلاۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋالسىمۇ، كۆڭلىدە بىر خىل قارشىلىشىش كەيپىياتىدا بولىدۇ، بەزى بالىلار تاقەت قىلالمىغان چاغدا ئاتا ـ ئانىلىرىغا يانىدۇ، بەزىدە بۇ خىل قارشىلىشىش كەيپىياتىنى كۆڭلىگە سىلىپ قويۇپ، ئاچچىقىنى چىقىرىدىغانغا پۇرسەت ئىزدەيدۇ.



مۇشۇ تۈرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تۆۋەندىكى دىيالوگقا قاراپ باقايلى:

دادا: ماۋۇ بالىنىڭ قىلغان ئىشىنى! سەن ئەزەلدىن توغرا ئىش قىلىپ باقمىدىڭ، ساڭا زادى نېمە بولدى؟ دەپ باقە، سېنىڭ قەيىرىڭ مېنىڭ ئوغلۇمغا ئوخشايدۇ؟ يۈزۈمنى بەك تۆكۈۋەتتىڭ!!

يەنە مەسىلەن:

ئانا: بالىلىرىم، سىلەر نېمىشقا گېپىمنى ئاڭلىمايسىلەر؟ شۇنچە چوڭ بولۇپ قالغان تۇرۇقلۇق مېنى ئەنسىرىتەمسىلەر؟ ئۆگىنىشتە تىرىشىپ باقساڭلار، دەرسنى ئوبدان تەكرارلىساڭلار، بىرەر قېتىم بولسىمۇ مېنىڭ يۈزۈمنى يورۇق قىلساڭلار بولمامدۇ؟ ھەي، سىلەرنىزە، مېنى ئەنسىرىتىپ تۈگەشتۈرۈۋەتكىلى تۇردۇڭلارغۇ، مېنى چارچىتىپ يىقىتىپ قوياي دېدىڭلار!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۈچىنچى خىل پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى: زىيادە تەمكىنلىك تىپى

بۇ مىجەزدىكى ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرى بىلەن پاراڭلاشقاندا خۇددى كومپيۇتېرغا ئوخشاش دەل، جايىدا بولۇپ، بالىلارغا قارىماققا توغرىدەك گەپلەرنى قىلىسىمۇ، ئەمما ھېچقانداق ھېسسىيات ئىپادىسى بولمايدۇ. بۇ تۈردىكى ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىنىڭ قارىشىنى مۇتلەق توغرا دەپ قارايدۇ، چۈنكى ئۇلار دېگەن ئاتا ـ ئانا، بىلىم ۋە تەجرىبىسى بالىلىرىنىڭكىدىن كۆپ تۇرسا، بالىلىرى ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، ئۇلار پەقەت مېنىڭ دېگەن گېپىمنى ئاڭلاپ، دېگىنىمدەك قىلسىلا بولىدۇ دەپ قارايدۇ. چۈنكى ھېسسىيات كەمچىل بولغانلىقتىن، بۇ مىجەزدىكى ئاتا ـ ئانىلار قارىماققا بەكلا سوغۇققان ۋە تەمكىن كۆرۈنىدۇ، بالىلار ئۇلار بىلەن يېقىنلىشالمايدۇ، ئۇلارغا يېقىنلىشىشتىن قورقىدۇ، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ گېپىمۇ بالىلارنىڭ ئوڭ قۇلىقىدىن كىرىپ سول قۇلىقىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

مۇشۇ تۈرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تۆۋەندىكى دىيالوگقا قاراپ باقايلى:

ئوغۇل: دادا ئەدەبىيات مۇئەللىمى مېنى ئىمتىھانغا چاقىرتقاچقا، تەنتەربىيە دەرسىگە كېچىكىپ قالدىم، بىراق تەنتەربىيە مۇئەللىم چۈشەندۈرۈشلىرىمگە قۇلاق سالماستىن، مېنى بىرنى تەپكەندى، بەكلا ئاچچىقىم كەلدى...

دادا: مۇئەللىمىڭ سېنى تەپكىنىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئاساسى بار، ئۆزۈڭ ئويلاپ كۆر، كېچىكىپ قالغىنىڭ توغرا ئەمەس، شۇنچە كۆپ ساۋاقداشلار ئالدىدا مۇئەللىمىڭ شۇنچىلىك قىلىپ قويغىنى توغرا. ئۇ سېنى تېپىش ئارقىلىق باشقا ساۋاقداشلارغا ئىبرەت قىلماقچى ، قارا، ئەڭ ياخشىسى مۇئەللىمىڭ قېشىغا بېرىپ خاتالىقىڭنى تونۇغىن....

بۇ بالىنىڭ دادىسىنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوللىشىنى قولغا

كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلغانلىقى ناھايىتى ئېنىق، بىراق ئاتىسىنىڭ مانا مۇشۇنداق ئازراقمۇ ھېسسىيات ۋە ھېسداشلىق تۇيغۇسى بولمىغان گەپلىرى بىلەن بالىسىنى ئۈمىدسىزلەندۈرگەنلىكى بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. بالىلار ئېھتىياجلىق بولغان قوللاشقا ئېرىشەلمىسە، كېيىن بىرەر ئىشلارغا دۇچ كەلسە ئاتىسىغا دەرمۇ؟

يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل پىكىر ئالماشتۇرۇش ئەندىزىسىنىڭ ئۆرتكىسىدە بالا ئاتا - ئانىسى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشنى بارغانسېرى خالىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆزىگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى ئاللىبۇرۇن كۆڭلىگە ئايان بولسىمۇ، بىراق ئاتا - ئانىلىرى بالىلىرىنىڭ ئۆگىنىشى، دوستلىشىشى قاتارلىق مەسىلىلىرىدىن ئەنسىرەپ تۇرغانلىقتىن ئۇلارنىڭ بالىلىرى بىلەن بەكلا پىكىر ئالماشتۇرغۇسى كېلىدۇ، شۇنداق بولغاچقا بۇ بىر باسقۇچتا، بالا بىلەن ئاتا - ئانا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە زىددىيەت كېلىپ چىقىدۇ، ھەتتا بالا بىلەن ئاتا - ئانا مۇناسىۋىتىدە بىۋاسىتە توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ.

ھەر بىر بالا ئۆزگىچە بىر دۇنيا. ئاتا - ئانا بالاغەتكە يېتىپ مەزگىلىدىكى بالىلارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىش، ئۆزىنىڭ بالا بىلەن ھەمىشە قايسى خىل ئۇسۇل بىلەن سۆزلىشىدىغانلىقىنى بىلىش ئاساسىدا، ئۆزى بىلەن بالىنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇشىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۇسۇلنى تېپىپ چىقىشى كېرەك. ھەر بىر ئائىلىنىڭ قوللىنىدىغان ئۇسۇلى ئېھتىمال ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن. بۇنى ئاتا - ئانىنىڭ كۆزىتىشىگە ۋە تەتقىق قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. لېكىن ئاتا - ئانىلار بالىلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش جەريانىدا تۆۋەندىكى بىرنەچچە پرىنسىپقا دىققەت قىلىشى كېرەك، بۇنىڭ ئاتا - ئانا بىلەن بالىلارنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇشتا ئۆزلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۇسۇل ۋە ماھارەتنى تېپىشىغا ياردىمى بولىدۇ.

بىرىنچى پرىنسىپ، ئاۋۋال بالىنىڭ روھىي كەيپىياتىنى ئەڭشەپ، ئاندىن مەسىلىنى ھەل قىلىش

پىسخولوگىيە تەتقىقاتى ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسىدە كەيپىيات پەيدا بولغاندا، كەيپىياتنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئىدراك مېڭە نېرۋىلىرى تورمۇزلىنىشىغا ئۇچرىغاچقا رولىنى ھېچقانداق جارى قىلدۇرالمايدۇ، دەپ قارايدۇ. بىر ئادەمدە پاسسىپ كەيپىيات كۈچلۈك بولغان چاغدا، سىز ئۇنىڭغا قانداقلا قائىدىنى سۆزلىسىڭىزمۇ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ «ئاڭ مېڭە پوسلاق قەۋىتى» ياكى «ئىدراك مېڭىسى» تورمۇزلىنىپ، رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئامالسىز قالىدۇ دېيەلىكتۇر. ئەگەر مۇنداق ھالەتتە، بىر تەرەپ قائىدە سۆزلەشنى داۋاملاشتۇرۇپ، قارشى تەرەپكە ئۆزىنى تىنچلاندۇرۇش ۋاقتى بەرمىسە، ئىچى پۇشۇپ تۇرغان كىشى كەيپىياتىنى كونترول قىلالمىغانلىقتىن ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك بەزىبىر قىلمىشلارنى سادىر قىلىپ قويىدۇ. نۇرغۇن ئائىلىلەردىكى زوراۋانلىق ۋە پاجىئەلەر مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا يۈز بېرىدۇ.

ئەقەللىيسى، بىر بەش ياشلىق بالا ئېھتىياجى قاندۇرۇلمىغانلىقتىن يىغلاپ غەلۋە قىلسا، تەربىيە كۆرگەن نۇرغۇن ئاتا ـ ئانا ئۇنىڭغا قائىدە سۆزلىسە بۇنىڭ رولى بولامدۇ؟ بالىنىڭ يىغىسى بارغانسېرى ئەدەپ، تاياق يېمىگۈچە بولدى قىلمايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئەكسىچە، بىز چوڭ ئادەملەرمۇ ئويلاپ باقايلى، سىز مەلۇم سەۋەبدىن كۆنبويى ئازابلىنىپ يىغلاپ تۇرغان بولسىڭىز، ئەتراپىڭىزدىكى دوستلىرىڭىزنىڭ سىزگە قائىدە سۆزلەپ، يىغلىماڭ دەپ نەسىھەت قىلىشىنى ياقتۇرامسىز ياكى دوستلىرىڭىزنىڭ «ئازابلانغان بولساڭ يىغلىۋالغىن، يىغلىۋالساڭ ياخشى بولۇپ قالىسەن» دەپ، سىزگە جىمجىت ھەمراھ بولۇشىنى ياخشى كۆرەمسىز؟

شۇڭا كۆپ ئەھۋاللاردا، ئاتا ـ ئانىلار مەلۇم ئىشلار توغرىسىدا بالىلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغان چاغدا، چوقۇم ئالدى بىلەن بالىسىنىڭ قانداق روھىي كەيپىياتتا ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك. ئەگەر بالىسىنىڭ كەيپىياتى ناچار بولسا، بالىغا ناچار كەيپىياتىنى

قوتۇلۇشىغا چوقۇم ئازراق ۋاقىت بېرىپ، ئاندىن مەسىلىنى ھەل قىلىش كېرەك.

تۆۋەندىكىسى بىر كۆرۈنۈش:

تولۇقسىز ئۈچىنچى يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئەلىجاننىڭ ئوتتۇرا تېخنىكوم ئىمتىھانى بېرىشكە بىر ئايدەك ۋاقىت قالغاندى، بىر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ، ئىشىكتىن كىرىپلا ئانىسىغا:

«ئەتىدىن باشلاپ مەكتەپكە بارمايمەن» دېگىنىچە ئۆدۈل ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

ئويلاپ بېقىڭ، مۇبادا سىز مۇشۇ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بولسىڭىز نېمىلەرنى دېگەن بولاتتىڭىز؟

بىرىنچى ئاتا ـ ئانا. بالىنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ كىرگەن پېتى:

«ھەي، نېمىلەرنى دەۋاتىسەن، يەنە بىر دېگىنە! قانداق بالا بولۇپ قالغانسەن، ئادەمنى ئەنسىرىتىپلا يۈرگەن، ئىمتىھانغا ئاز قالغان تۇرسا، مەكتەپكە نېمىشقا بارمايسەن» دەيدۇ.

ئىككىنچى ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ:

«نېمە ئىش بولغانلىقىنى ماڭا دەڭە، يېقىندىن بۇيان تەكرارلايدىغان دەرسلىرىڭىزنىڭ كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىمەن، بەكلا چارچاپ كەتتىڭىز، لېكىن شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ مەكتەپكە بارمىسىڭىز قانداق بولىدۇ! ئوبدان ئوغلۇم، ياخشى قوزام، مەكتەپكە بارمىسىڭىز ھەرگىز بولمايدۇ، مەكتەپكە بارمىسىڭىز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيالمايسىز، مېنى نېمە قىلسۇن دەيسىز...» دەيدۇ.

ئۈچىنچى ئاتا ـ ئانا. ئولتۇرۇپ ئويلايدۇ: «ھەي، مەكتەپكە بېرىشنى خالىماسلىقىنىڭ جەزمەن سەۋەبى بار، ئويلىنىپ باقاي، جەزمەن ئۆگىنىشتە بىرەر قىيىنچىلىققا دۇچ كەپتۇ ياكى مۇئەللىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن چاتاق چىقىپتىمۇ نېمە؟...»

www.uyghurkitap.com



سىز قايسى ئاتا ـ ئانىنىڭ تىپىگە تەۋە ؟ بالا بۇ گەپنى قىلغان
چاغدا ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ كەيپىياتىنىڭ بەك ناچارلىقىنى كۆرۈپ
يېتىشى ۋە ھېس قىلىشى كېرەك، بەلكىم بالا غەزەپلەنگەن،
ئازابلانغان، ئۈمىدسىزلەنگەن بولۇشى مۇمكىن، مەيلى قايسى
خىلدىكى كەيپىيات بولسۇن، بۇ ۋاقىتتا بالىغا قائىدە سۆزلەش ياكى
ئۇنى سوئالغا جاۋاب بېرىشكە قىستاش زادىلا ئاقىلانە بولمىغان
ئۇسۇلدۇر. چۈنكى، بالا بۇ چاغدا نېمە ئويلىشىنى بىلەلمەي
تۇرغاندا ئاتا ـ ئانىسىغا زادىلا چۈشەنچە بېرەلمەيدۇ ـ دە. شۇڭا بۇ
ۋاقىتتا، ئالدى بىلەن بالىغا ۋاقىت ۋە ئىمكانىيەت بېرىپ، ئۇنى
ئۆز كەيپىياتىنى ئوڭشىۋېلىشقا ئىمكان بېرىپ، كەيپىياتى
ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن بالا بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭدىن
نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سوراش لازىم.

«ئاۋۋال كەيپىياتنى كۆزىتىپ، ئاندىن مەسىلىنى ھەل قىلىش»
بالىغا ئۇنى ھۆرمەتلەيدىغانلىقىڭىزنى، ئۇنىڭ ناچار كەيپىياتىنى
قوبۇل قىلىدىغانلىقىڭىزنى ھېس قىلدۇرىدۇ، بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ
ئۆزىنى چۈشىنىدىغانلىقىنى، ئۆزىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى ھېس
قىلسا، ئۇ سىزگە ھەممە گېپىنى ئېيتماي قالمايدۇ.

ئىككىنچى پرىنسىپ، سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاش ئارقىلىق
بالىغا سۆزلىۋېلىش پۇرسىتى بېرىش.

بۇرۇن مۇنداق بىر ھېكايىنى ئوقۇغانىدىم: بىر ئانىنىڭ قولىدا
ئىككى ئالما بولۇپ، ئۇ بەش ياشلىق بالىسىنى سىناپ باقماقچى
بوپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بالىسىغا:

— قوزام، مەندە ئىككى ئالما بار، سەن بىرنى، مەن بىرنى يەي،
سېنىڭ قايسىنى يېگۈڭ بار، — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ئىككىلىسىنى يەيمەن، — دەپتۇ بالا بىردەم
ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئانىنىڭ كۆڭلى
ئىنتايىن يېرىم بولۇپ، بالىسىنى بەكلا شەخسىيەتچى ھېسابلاپ، ئۇ
نېمىشقا ئۆزىنىلا ئويلايدۇ، بۇ بالا چوڭ بولغاندا بىزگە ۋاپا
قىلارمۇ؟ دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭدىن يەنە

سوراپتۇ.

— نېمىشقا ئىككىلىسىنى يەيسەن؟

— چۈنكى ئىككىلىسىنى تېتىپ بېقىپ، قايسى تاتلىق بولسا شۇنى سىزگە بېرەي دەپ ئويلىغان، — دەپتۇ بالا سەبىيلىك بىلەن.

نۇرغۇن چاغلاردا ئاتا - ئانىلار بالىلىرىمىزنى بەك چۈشىنىمىز دەپ قارىغانلىقتىن بالىلىرى گېپىنى دەپ بولماستىلا، ئاتا - ئانىلار ئۇلارنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى پەرەز قىلىپ، جەزمەن شۇنداق دەيدۇ دەپ قارايدۇ.

مەسىلەن:

• بالا: ئاپا، مەۋسۇملۇق ئىمتىھاننى تازا ياخشى بېرەلمىدىم..

ئانا: تازا ياخشى بېرەلمەيدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم، سەن قاچان ئەستايىدىل تەكرار قىلىپ باققان؟ كۈندە تورغا چىقساڭ، يانفون ئوينىساڭ ...

مەسىلەن:

بالا: ئاپا، بۇ شەنبە گۈلشەن بىلەن كۆرۈشەي دېگەن، بىز...

ئانا: بولمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن قۇرۇق پاراڭ سېلىش، ئويناشتىن باشقا نېمە ئىشىڭ بار ؟ تاپشۇرۇقنى ئىشلىگىن.

بۇنداق پاراڭنىڭ سانى كۆپ بولغانسېرى، بالا تەبىئىي ھالدا سىز بىلەن پاراڭلاشماس بولىدۇ. ھەرقانداق چاغدا ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى گېپىنى تولۇق دېگىلى قويۇشى، ئۇلارنىڭ گېپىنى جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلاش پوزىتسىيەسىدە بولۇشى، بالىغا ئۇنى ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقىلار گەپ قىلغان چاغدا ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىتىشى كېرەك، سىز كېيىنكى قېتىم ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقان ۋاقتىڭىزدا ئۇمۇ سىزنىڭ گېپىڭىزنى جىمجىت ئاڭلاشنى ئۆگىنىۋالىدۇ، بەلكى پەقەت بالا گېپىنى تولۇق دەپ بولغۇچە ساقلاپ تۇرساق، ئاندىن مۇكەممەل ئۇچۇرغا ئېرىشىپ، بالىنىڭ سىزگە زادى قانداق ئۇچۇرنى يەتكۈزمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيسىز، ئۇنۇملۇك سۆھبەتلىشىشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



باسالايسىز. قانداق ئادەم بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشتىن قەتئىينەزەر، ئاتا ـ ئانىلار شۇنى ئېسىدە ساقلىشى كېرەككى، كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، قارشى تەرەپنى گېپىنى تولۇق دەپ بولغىلى قويۇش ئۈنۈملۈك پىكىر ئالماشتۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر قەدىمى، بۇ نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىڭىز يېرىم مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكىڭىزدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئۈچىنچى پرىنسىپ، ئىچى ـ تېشى بىر دەك بولغان ئاساستا ئۆزىنى ئىپادىلەش

ئاتا ـ ئانىلار قۇرامىغا يەتكەن كىشىلەردىن بولغاچقا، ئۆزىنى ئىپادىلەشتە ئىچى ـ تېشىنىڭ بىردەكلىكىنى ئىپادىلەشنى ئۆگىنىۋېلىشى لازىم. ئىچى ـ تېشىنىڭ بىردەكلىكىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق بىر ئادەمنىڭ ھەقىقىي ھالىتىنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ، ئىچى ـ تېشىنىڭ بىردەكلىكىنى ئىپادىلەش دېگىنىمىز، كۆڭلىدە ئويلاش، ئېغىزىدا دېيىش ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلەشتىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتىكى بىردەكلىكنى كۆرسىتىدۇ. مەن بۇ بىر نۇقتىنى ئىككى جەھەتتىن چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم.

1. ئاتا ـ ئانىلار گەپ قىلغان چاغدا ئالدى ـ كەينى بىردەك بولۇش، ھەقىقىي بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى، ساختىلىق قىلماسلىقى، يەنى ئالدىدا بىر خىل، كەينىدە بىر خىل گەپ قىلماسلىقى كېرەك.

بىر دوستۇم ماڭا تېلېفون بېرىپ، يېقىندىن بۇيان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغلى ئۆزلىرىگە گەپ قىلغاندا ئەدەپسىزلىك قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىگىمۇ پىسەنت قىلمايۋاتقانلىقىنى، گەپ قىلغان چاغدا ئۆزىگە قاراپمۇ قويمايدىغانلىقىنى، خۇددى ئۆزىنى مەۋجۇت ئەمەستەك ھېس قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنتايىن ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا مېنىڭ بالىسى بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىشىمنى ئېيتقان بولغاچقا، ئۇ بالىنى تاماققا تەكلىپ قىلدىم.

بىراق، كۆرۈشكەندىن كېيىن، بالىنىڭ دېگەن گەپلىرى مېنى

ئىنتايىن ھەيران قالدۇردى. ئۇ: «مەن ئاپامنى ئىزچىل ھۆرمەتلەپ كەلدىم، چوڭ بولغانسېرى ئۇنىڭ سەممىي ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم، ئۇ دائىم ئالدىمدا بىر خىل، كەينىمدە بىر خىل گەپ قىلىدۇ، مەسىلەن ئۆيگە مېھمان كەلسە، ئۇلارنىڭ ئالدىدا شۇنداق قىزغىن بولۇپ قىلىدىغانغا قىلىق تاپالماي قالىدۇ، مېھمانلار كېتىشى بىلەن ئۇلارنى ئۇنداق ياخشى ئەمەس، مۇنداق ياخشى ئەمەس دەيدۇ... دادامچۇ مېنى قىلما دېگەن ئىشنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى دائىم قىلىدۇ، ئۇ مېنى تاماكا چەكمىگىن، ھاراق ئىچمىگىن دېگىنى بىلەن ئۆزى مەست ھالدا ئۆيگە كىرىدۇ، يەنە ئاپام بىلەن گەپ تالىشىدۇ...» — دېدى ماڭا.

مەن بۇ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەر بىر جۈملە سۆزىگە، ئىش ـ ھەرىكىتىگە مۇشۇنداق دىققەت قىلىپ يۈرگەنلىكىنى، ئۇ چوڭ بولۇپ ئۆز ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن كۆڭلىدە ئاتا ـ ئانىسىنى كۆزگە ئىلماس بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلىماپتىكەنمەن. بۇ بالا ئاتا ـ ئانىسى تەربىيە قىلغان چاغدا، كۆڭلىدە «ئۆزلىرىڭ شۇنداق تۇرساڭ، ماڭا تەربىيە بېرىدىغانغا سالاھىيىتىڭ توشامدۇ» دەيدىغان كۆزقاراشتا بولغان.

شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بالىلار ئالدىدا، سۆز ـ ھەرىكىتى، يۈرۈش ـ تۇرۇشىغا دىققەت قىلىشى لازىم. بالا تېخى كىچىك، ئىش ئۇقمايدۇ دەپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا خاتا ئىشلارنى قىلساق، بۇ ئىشلارنى بالىلار ئۆگىنىۋالىدۇ، چۈنكى ئاتا ـ ئانا دېگەن بالىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى، تەسىر قىلىش كۈچى ئەڭ زور بولغان ئۇلگىسىدۇر.

2. «ئىچى ـ تېشىنىڭ بىردەك بولۇشى»نى ئىپادىلەش دېگەنلىك ئويلىغانلىرىنى تەبىئىي، بىۋاسىتە دېيىشىنىمۇ كۆرسىتىدۇ، قارشى تەرەپنى مەن نېمە ئويلاۋاتىمەن، كۆڭلۈمدىكىنى تاپ دېمەسلىكىمىز كېرەك. ئويلىغانلىرىنى تەبىئىي، بىۋاسىتە دېيىشتىن ئىبارەت ئىپادىلەش شەكلى سۆزلىگۈچىگىمۇ، ئاڭلىغۇچىغىمۇ كۆڭۈل ئازادىلىكى بېغىشلىغاچقا، ئاشۇنداق ئەركىن ـ ئازادە كەيپىيات ئىچىدىلا ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش، پاراڭلىشىشنى خالايدۇ.

مەسىلەن: يېقىندىن بۇيان بالىسى مەكتەپتىن كەچ كېلىدىغان بولۇپ قالدى، ئانىسى بالىنىڭ بۇ قىلىقىغا بەكلا خاپا بولدى، چۈنكى بۇنىڭدا ئانىسى پۈتۈنلەي بالىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ شۇنداق قىلغانىدى. ئانا بالىسىغا بۇ بىر نۇقتىنى چۈشەندۈرۈشنى ئويلىسىمۇ، ئەمما ئۇ مەقسىتىنى ئىپادىلىگەن چاغدا باشقا بىر خىل مەنىنى ئىپادىلەپ قويغان:

«سەن ھەمىشە مۇشۇنداق كەچ قايتىپ كېلىۋاتىسەن، بۇ قىلىقىڭ قاملاشمىدىغۇ!» بالا ئانىسىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئانىسىنىڭ ئۆزىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالماي، ئۆزىنى ئەيىبلەش ۋە ئۆزىدىن ئاغرىنىش دەپ قارىغاچقا، ئۇنىڭ ئانىسى مەمنۇن بولغۇدەك ئىنكاس قايتۇرمايدىغانلىقى ئېنىق، ئەلۋەتتە.

شۇڭا ئانا بولغۇچى بىر مۇۋاپىق پەيتنى تېپىپ، ئۆزىنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغان ھەقىقىي ئويىنى ئىپادىلىشى كېرەك. مەسىلەن، تاماقتىن كېيىنكى ۋاقىتتا بالىسىغا: «يېقىندىن بۇيان ئۆيگە بەك كەچ كېلىۋاتىسىز، يالغۇز ياكى ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەيمەن، بىخەتەرلىكىڭىزدىن بەكلا ئەنسىرەۋاتىمەن، شۇڭا سىز بىلەن مەكتەپتىن كېلىش ۋاقتى ھەققىدە پاراڭلاشماقچىمەن، سىزنىڭچە مۇشۇنداق قىلساق بولامدۇ؟» دېيىشى كېرەك. مۇشۇنداق پاراڭلاشقاندىلا بالا ئاپىسىنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ ھەمدە ئاپىسى بىلەن نېمە مەسىلە ھەققىدە سۆزلىشىدىغانلىقىمۇ ئايدىڭ بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىپادىلىگەن مۇددىئاسى ئېنىق بولسا، بالا ئاندىن ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىشقا ماسلىشىدۇ.

يەنە مەسىلەن، ئانىسى قىزىنى ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈرۈشنى ئويلىسا، تاماق يەپ بولۇپ قاچا ـ قۇچىلارنى يىغىشتۇرغاچ: «ھەي، نېمىشقا ھېچكىم ھالىمغا يېتەي دېمەيدۇ، مېنىڭمۇ داداڭغا ئوخشاش كىرىسلودا ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرگەچ ھاردۇق چىقارغۇم بار» دېمەسلىكى كېرەك. بۇنداق دېگەندە بالا ئاپىسىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ھېس قىلالماي، پەقەت «ئاپام يەنە كوتۇلدىغىلى تۇردى، ئۆزىمىزنى تېز دالدىغا ئالايلى» دەپ ئويلاپ قالغاچقا، بالىلارنىڭ بۇنداق ھەرىكىتى ئەكسىچە ئاپىسىنىڭ

ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

ئىچى - تېشىنىڭ بىردەكلىكىنى ئىپادىلەشتە قىزىغا ئۇدۇللا قىلىپ: «قىزىم، ماڭا قاچا يۇيۇشۇپ بەرسىڭىز بوپتىكەن، مەن بەك چارچاپ كەتتىم، بىر ئاز ئارام ئېلىۋالاي، رەھمەت سىزگە، ياردەملىشىدىغان قىزىم بولغاچقا ئۆزۈمنى بەكمۇ بەختلىك ھېس قىلىۋاتىمەن» دېيىشى كېرەك. بالىلىرىغا نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئۇدۇل، ئوچۇق - ئاشكارا ئېيتىش، ھەرگىز بالىلىرىغا تېپىشماق تاپتۇرماسلىق كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەردىن ساقلىنىپلا قالماي، يەنە ئۇلار ئارىسىدىكى پاراڭمۇ ئىنتايىن ئۈنۈملۈك بولىدۇ. نۇرغۇن ئاتا - ئانا ئۆزلىرىنى بىز دېگەن چوڭ ئادەم، بالىلار ئالدىدا ئىچىمىزدىكىنى ئاشكارىلىساق، بولۇپمۇ خاپا بولۇشتەك ناچار كەيپىياتىمىزنى ئاشكارىلىساق سەت تۇرىدۇ دەپ قاراپ، ئۆزىچە بۇنى ئۇلارغا بىلدۈرمىدىم دەپ ئويلىغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە بالىلار بۇنى ئاللىبۇرۇن بىلىۋالغان بولىدۇ. شۇڭا كۆڭلىمىزدىكىنى ھەقىقىي ئىپادىلەپ، بالىلارنىڭ چۈشىنىشىنى قولغا كەلتۈرگىنىمىز ياخشى.

بالاغەتكە يېتىش مەزگىلىدىكى بالىلارنىڭ ئەڭ زور ئېھتىياجى — ئۆز قەدىر - قىممەت تۇيغۇسىغا ۋە ئۆز قىممىتى تۇيغۇسىغا ئېرىشىش بولۇپ، ئالدىدا تىلغا ئالغان مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ مەيداندا تۇرۇپ ئاتا - ئانىلىرىغا بالىسىنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن يېزىلدى. ئەگەر ئاتا - ئانىلار بالىلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغاندا، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىرنەچچە پىرىنسىپقا دىققەت قىلسىلا، بالىلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشتا ياخشى باشلىنىش بارلىققا كېلىدۇ ھەمدە بۇ پىرىنسىپلارنى ئائىلىدىكى باشقا ئەزالارغا تەتبىقلاپ ئىشلەتسە ئالايلۇق، ئەر - ئايال ئارىسىدا قوللانسا، چوقۇم مۇناسىۋىتىڭلاردا ھاياتىي كۈچ ۋە يېڭىچە ئۆزگىرىشنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى بايقايسىلەر. پەقەت كۆڭۈل قويسىلا بۇلارنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بۇ جەھەتتە باش قېتىنچىلىقى بار ئاتا - ئانىلارنىڭ يۇقىرىدىكى ئۇسۇللارنى سىناپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


يەتتىنچى باب

# ئىدىتلىق ئاتا ـ ئانىلاردىن بولايلى

*مەزمۇنى:*

*1. ئىككىنچى بالىڭىزنى تۇغۇشقا تەييارلىقىڭىز پۈتتىمۇ*

*2. تۇغۇتلۇق دەم ئېلىش توشۇپ ئىشقا چىقىدىغان ۋاقتىڭىز بولدى، بالىڭىز بىلەن قانداق خوشلىشىسىز*

*3. پانئاگچىلىق (ھەممە مەۋجۇداتتا ئاڭ بولىدۇ نەزەرىيەسى) ــ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ياخشى ياردەمچىسى*

*4. خاتالىقنى سىناپ بېقىش تەلىماتى ــ بالىلارنى خاتالىق ئۆتكۈزۈشكە يول قويمىغانلىق ئۇلارنى خۇشال بولۇشقا يول قويمىغانلىقتۇر*

*5. ھېكايە ـ چۆچەك ئېيتىپ بېرىش ئارقىلىق بالىلارنى ئەقىللىق ۋە بەختلىك قىلغىلى بولىدۇ*

*6. يەسلى ــ بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى بۇرىلىش نۇقتىسى*

## 1. ئىككىنچى بالىڭىزنى تۇغۇشقا تەييارلىقىڭىز پۈتتىمۇ

سەككىز ياشلىق لالە باشلانغۇچنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇيدۇ، يېقىندا ئانىسى ئۇنىڭغا بىر ئىنى تۇغۇپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئۆيىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئوغۇل بوۋاق بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، لالەگە ئانچە ئېتىبار بەرمەيدىغان بولۇپ قالدى. پەقەت

ئانىسى ئۇنىڭغا ئېھتىياجى چۈشكەندىلا «لالە، تېز بولۇڭ، ئۇكىڭىزنىڭ ئاستىنى يۆتكىشىپ بېرىڭ، «لالە، قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇۋېتىڭ» ... دەپ ئۇنى ئىشقا بۇيرۇيدۇ.

بۇنداق چاغلاردا لالەنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولاتتى، ئاتا - ئانىسى ئەمدى ئۇنىڭغا قارىمايدىغاندەك، ئۇلارغا ئىنىسى بولسىلا بولىدىغاندەك، ئۆزى ئۇلارغا ئارتۇقچىدەك ياكى ئۇ ئۆي ئىشلىرىنى جىق قىلسا ئاندىن ئاتا - ئانىسىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولالايدىغاندەك ھېس قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن شوخ لالە بارغانسېرى كەم سۆز بولۇپ كېتىدۇ، دەرستىمۇ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىدۇ، دەرسنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىمايدۇ، مەۋسۇملۇق ئىمتىھاندا ئىككى پەندىن ئۆتەلمەيدۇ. دادىسى ئائىلە باشلىقلىرى يىغىنىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن لالەنى قاتتىق تىللايدۇ، ئانىسىنىڭمۇ كۆڭلى غەش بولۇپ، لالەگە سىز بارغانسېرى قاملاشمىغىلى تۇردىڭىزغۇ، قاچانمۇ ئەقىل تاپارسىز دەپ كايىيدۇ. بۇنىڭدىن كۆڭلى يېرىم بولغان ۋە ئۇمىدسىزلەنگەن لالە ئاتا - ئانامغا ئىنىم بولسىلا بولىدىكەن، مېنى ياخشى كۆرمەيدىكەن دەپ ئويلاپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى ئۆيىگە قايتىپ كەلمەيدۇ، بىراق ئۇ نەگە بېرىشىنى بىلمەيدۇ، كەچ سائەت توققۇز بولىدۇ، لالە تېخىچە كوچىدا لاغايلاپ يۈرىدۇ، بۇ چاغدا ئاپىسىنىڭ بىر دوستى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئېغىر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىدۇ.

لالەدە كۆرۈلگەندەك ئەھۋاللار جەمئىيىتىمىزدە ناھايىتى كۆپ، مېنىڭ ئىككى بالىسى بار بىر دوستۇم مەندىن ئىككى بالىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق ماسلاشتۇرۇشنى سورىغانىدى.

بىر ئانا ماڭا بىر قىزى، بىر ئوغلى بارلىقىنى، لېكىن ئىككى ياش پەرقلىنىدىغان بۇ ئىككى بالىسىنىڭ ئۆز ئارا تازا چىقىشالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئوغلۇم تۇغۇلغاندىن كېيىن قىزىم ماڭا بەكلا يېپىشۋالىدىغان بولدى، لېكىن ئۇ گەپمۇ ئاڭلايدۇ، ئۇ مومىسىنىڭ ئىنىسىنى كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆرسە

مىجەزى تۇتۇپ قالىدۇ. شۇ تاپتا قىزىم توققۇز ياشقا كىرىپ قالدى، لېكىن ئىنىسىغا زادىلا يول قويمايدۇ، ئىككىسى ھەمىشەم ئويۇنچۇق تالىشىدۇ، بەزىدە مەن يوق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىنىسىنى ئۇرۇۋالىدۇ» دەيدۇ. لالەنىڭ ئانىسى بېشى قاتقان ھالدا، باللار ھازىر كىچىك بولغاچقا ئانچە ئىش ئۇقۇپ كەتمەيدۇ، كېيىنمۇ مۇشۇنداق بولىۋەرسە قانداق قىلغۇلۇق؟ قىزىم ئىنىسىغا ئۆچ بولۇپ قالارمۇ؟ دەيدۇ يەنە.

ئاتا ـ ئانىلار بۇ مەسىلىلەرنى ئىككىنچى بالىسىنى تۇغۇشتىن بۇرۇن زادىلا ئويلىمىغان، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەر كۆرۈلۈش بىلەنلا ئاتا ـ ئانىلار بۇ مەسىلىلەرگە توغرا يۈزلىنىش ۋە ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئامال ـ چارىلىرىنى تېپىشقا تىرىشىشى كېرەك، لېكىن بەزى ئاتا ـ ئانىلار: كىچىك چېغىمىزدا بىزمۇ ئاچا ـ سىڭىللىرىمىز، ئاكا ـ ئىنىلىرىمىز بىلەن ئاشۇنداق غىڭ بىلدىشىپ چوڭ بولمىغانمۇ؟ بۇنىڭغا نېمە بولاتتى، بالا دېگەن ئاشۇنداق غىڭ بىلدىشىپ چوڭ بولىدىغۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئائىلىگە بىر ئادەمنىڭ قوشۇلۇشى بىر چوڭ ئىش بولۇپ، بالىلارغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ناۋادا بۇ مەسىلە ئوبدان بىر تەرەپ قىلىنسا، ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىككىنچى بالىنى تۇغۇش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشىدۇ، ئائىلىۋى، قېرىنداشلار ئىناق ياشىسا، بىر ـ بىرىگە يار ـ يۆلەك بولسا، بۇ دۇنيادا يالغۇزلۇق ۋە غېرىبلىق ھېس قىلماستىن بەختلىك ياشايدۇ. ناۋادا ئۇنداق بولمىغاندا بالىلارنىڭ قەلبىدە بىر داغ پەيدا بولۇپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ قەلب ئېتىزلىرىغا ئىناقسىزلىق ئۇرۇقلىرى چېچىلىدۇ.

ھازىرقى باللار كۆپ مەنبەلىك تەرەققىي قىلىۋاتقان جەمئىيەتتە ياشاۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى مۇئەييەن بىلىم ـ سەۋىيەگە ئىگە، ئۇنىۋېرسال ساپاسى ئالدىنقىلارغا قارىغاندا خېلىلا يۇقىرى، ئۇلار ئالغان تەربىيەمۇ ئالدىنقىلار ئالغان تەربىيەگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئاتا ـ

158

ئانىلىرىنىڭكىدىن باي ۋە سەزگۈر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جەمئىيەتنىڭ بۇ بىر ئەۋلاد بالىلارغا بولغان تەلىپىمۇ ناھايىتى يۇقىرىلاپ كەتتى، ئۇلاردىن مۇئەييەن بىلىم - سەۋىيەسى بولۇشنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ساغلام پىسخىكا ۋە مۇكەممەل خاراكتېر ئالاھىدىلىكى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇنداق بولغانلىقى بالىلار كەلگۈسىدىكى جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ، ئۆزىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنى يارىتالايدۇ. شۇڭا ئاتا - ئانىلار بالىلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى سېلىشتۇرماسلىقى، بۇنى كىچىك ئىش دەپ قارىماسلىقى كېرەك.

تۆۋەندە ئىككىنچى بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن تۇنجى بالىدا مەسىلە كۆرۈلگەن بىرنەچچە ئائىلىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ باقايلى:

1) كەيپىياتتا ئاسان مەسىلە كۆرۈلىدۇ.

بۇ ناھايىتى ئومۇملاشقان ۋە دائىم كۆرۈلىدىغان ئەھۋال. ئائىلىۋى، ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى ئىچى تىت - تىت بولۇش، ئاسان ئاچچىقلىنىش ۋە ئىچى تارلىق قىلىش كەيپىياتلىرى. بالىلار بۇ خىل كەيپىياتنىڭ كونتروللۇقىدا ئاتا - ئانىسىنىڭ نەزىرىدە «قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان» قىلىق - ھەرىكەتلەرنى قىلىپ سالىدۇ. بالىلارنىڭ ناچار كەيپىياتى ئۆزلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى تەھدىتكە ئۇچرىغاندا پەيدا بولىدۇ. بالىلار تايىنىدىغان ئادەم ياكى نەرسىنى كىشىلەر ئىگىلىۋالسا، ئىنىسى، سىڭلىسى تۇغۇلغانلىقتىن ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆزىگە بولغان كۆڭۈل بۆلۈشى سۇسلاپ كەتسە، ئىنىسى، سىڭلىسى تۇغۇلۇپلا ئاتا - ئانىسىنى تەنھا ئىگىلىۋالغاندەك تۇيۇلىدۇ، مانا بۇلار چوڭ بالىنىڭ كۆڭلىدە خاتىرجەمسىزلىك پەيدا قىلىشقا باشلايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى كونترول قىلالماسلىق كەيپىياتى پەيدا بولىدۇ.

مېھرىگۈلنىڭ ئانىسىنىڭ مۇنداق بىر غېمى بار: ئۇنىڭ ئىككى بالىسى بولۇپ، ئوغلى يەتتە ياشتا ئىدى، قىزى تۇغۇلغىلى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



بىرنەچچە ئاي بولغانىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «سىڭلىسى ئۇخلىماي يىغلاپ تۇرۇۋالغاچقا، مەن ئاكىسىغا پاراڭ سالماي جىم تۇرغىن دېدىم، لېكىن ئوغلۇم قەستەن ھەر خىل ئاۋازلارنى چىقىرىپ تۇرۇۋالدى، بىر كۈنى مەن سەۋر قىلالماي ئۇنى ئۇردۇم، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سىڭلىسى يېڭى تۇغۇلغان چاغدىكىدەك ئۇنى ئەركىلىتىپ ئويناتمايدىغان ياكى بۇدرۇق قوللىرىنى سىلىمايدىغان بولدى، ئەكسىچە ھە دېگەندىلا ‹يوقال؟› دەپ ۋارقىرايدىغان بولىۋالدى. بەزىدە قىزىمنى قۇچىقىمغا ئالغىنىمچە ئېمىتكەنلىكىمنى، بىرنېمىلەرنى دەپ ئەركىلەتكەنلىكىمنى كۆرسە ھۆركىرەپ يىغلاپ كېتىدۇ، ئاندىن ئىشىكنى جالاقىدە يېپىپ قويۇپ چىقىپ كېتىدۇ. شۇ كۈنى ئۇ ‹سىڭلىم تۇغۇلغاندىن كېيىن مېنىڭ بەختلىك تۇرمۇشۇم يوق بولدى، ھەتتا ئۇنىلۇكرەك گەپمۇ قىلالمايدىغان بولدۇم!› دەيدۇ.

2) ھېسسىيات جەھەتتە قوبۇل قىلالماسلىق، ئىنىسى ياكى سىڭلىسىنى ئۇنچە ياخشى كۆرمەسلىك.

ناۋادا ئىككى بالىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بىر قەدەر چوڭ بولسا، مەسىلەن، ئالتە ـ يەتتە ياش بولسا، چوڭ بالا بۇ ئائىلىگە يېڭى بىر ئەزانىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىغا تازا كۆنەلمەيدۇ. ئۇنىڭ بەزى قىلىق ـ ھەرىكەتلىرىمۇ ئىلگىرىكىگە ئانچە ئوخشىمايدۇ. ئالايلۇق، ئادەتتە ياۋاش، كۆپ يىغلىمايدىغان بالا سەۋەن سىلىپ يىغلايدىغان، يىغىدىن توختاتقىلى بولمايدىغان، ئانىسىغا ھەددىدىن زىيادە ئەركىلەيدىغان، ھەتتا ئانىسىغا قول ياندۇرىدىغان، تارتىدىغان بولۇپ قالىدۇ؛ تېخىمۇ يامىنى ئۆزىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ھەرىكەت ـ قىلىقلارنى قىلىدۇ؛ بەزى بالىلار بىۋاسىتە ھالدا ئىنىسى، سىڭلىسىغا قارىتىپ بەزى بولمىغۇر گەپلەرنى قىلىدۇ، چوڭلار دىققەت قىلمىغان چاغلاردا ئىنىسى، سىڭلىسىنى بوزەك قىلىدۇ.

«ئۆيدە سەل دىققەت قىلمىساق، چوڭ ئوغلۇم كىچىكنى ئۇرىدۇ» دېدى ئالىم ئەپەندى ناھايىتى خاپا بولۇپ، «چوڭى كىچىكى تۇغۇلۇپ ئۈچ يىلغىچە ئىنىسىغا ناھايىتى ئوبدان مۇئامىلە قىلدى.

لېكىن يېقىنقى بىرنەچچە ئايدا بەكلا ئۆزگىرىپ كەتتى، ئۆيدە ئادەم يوق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىنىسىنىڭ ئاغزىدىكى نەرسىنى ئېلىۋالىدىغان ياكى ئىنىسى قىزىقىپ ئويناۋاتقان ئويۇنچۇقنى تارتىۋېلىپ يەرگە ئېتىپ، ئىنىسىنى قورقۇتۇپ يىغلىتىدىغان بولۇۋالدى. ئىنىسى ئاكىسىغا ئامراق، ھەمىشە ئاكىسىغا يېپىشىپ تۇرىدۇ، بىراق ئاكىسى ئىنىسىنىڭ ئۆزىگە ئەگىشىۋېلىشىنى ياقتۇرمايدۇ. ئىككىلا بالىغا مومىسى قارىشىپ بېرىدۇ، يېقىندىن بېرى چوڭى كىچىكىنى بوزەك قىلىدىغان بولۇۋالدى، ئۇنىڭغا مومىسىنىڭمۇ كۆچى يەتمىدى. پەقەت ئامال بولمىغاندا مەن ئۇنى ئۇرالايمەن. ئۇ ئىككىسى قېرىنداش بولغاچقا بىر ـ بىرىگە ناھايىتى ئامراق ـ ئىجىل بولۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن ھازىرقى ئەھۋال مانا مۇشۇنداق، بۇلار چوڭ بولغاندا قانداق قىلغۇلۇق»؟

3) تۇرلۇك ئۇسۇللار بىلەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاش.



ئانىسى كىچىكىنى بېقىۋاتقاندا چوڭ بالىسى ئۆيدە قالايمىقان سەكرەپ، ئانىسىنى ھېچ ئىش قىلدۇرغىلى قويمايدۇ. بارمىقىنى، ھەتتا ھەممە بارمىقىنى ئاغزىغا تىقىۋالىدۇ؛ تاماق يېگىلى ئۇنىمايدۇ؛ ھەمىشە ئۇششۇقلۇق قىلىپ يەردە ئولتۇرۇۋالىدۇ... ئىلگىرى ئۇنداق قىلماي، نېمىشقا ھازىر شۇنداق قىلىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە بۇ چوڭ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ئىنى ـ سىڭلىسىدىن قىزغىنىپ قوللانغان تاكتىكىسىدىن ئىبارەت خالاس، ھەتتا بەزى بالىلار «كىچىك بالا» بولۇۋېلىپ، سىرتلارغا چىققاندا ئانىلىرىنى كۆتەرتكۈزۈش، كېچىسى كۆرپىسىگە سىيىپ قويۇش ئارقىلىق ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىغا ئېرىشمەكچى بولىدۇ.

ئىككىنچى بالىنىڭ تۇغۇلۇشى نېمىشقا بىرىنچى بالىدا شۇنچە نارازىلىق پەيدا قىلىدۇ؟

بۇنى چۈشىنىش ئانچە قىيىن ئەمەس، بالىنىڭ روھىي بىخەتەرلىكى تەھدىتكە ئۇچرىغانلىقى بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىدۇر. ئىككىنچى بالىنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن ئائىلىدىكى ئۈچ ئادەم تۆتكە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



كۆپىيىپ، ئائىلە قۇرۇلمىسىدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ. نۇرغۇن يالغۇز بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دىققىتى ۋە ئېتىبار بېرىشى تۇساتتىن بۆلۈنۈپ كېتىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى، ئىككىنچى بالىمۇ چوڭ بالىغا ئوخشاشلا ئاتا ـ ئانىسى تۇغقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىر. بالا تۇساتتىن ھازىر ئۆزى يالغۇز بەھرىمەن بولۇپ كېلىۋاتقان بارلىق نەرسىگە يەنە بىرىنىڭ شېرىك بولۇشقا باشلىغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئۆزىگە خۇشاللىق ۋە بەختەرلىك تۇيغۇسى ئېلىپ كېلىدىغان ئاتا ـ ئانىسىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشقا باشلىغانلىقىنى بايقىغىنىدا، ئۆزى بىلىدىغان تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ئۆزىنىڭ بىخەتەر ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇنداقتا، ئىككىنچى بالىسىنى تۇغماقچى بولغان ئاتا ـ ئانىلار ئىككى بالىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن قانداق تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىشى كېرەك؟

(1) ئاتا ـ ئانىلار ئىككى بالىسى ئارىسىدىكى ياش پەرقىنىڭ قانچە ياش بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق تونۇشقا ئىگە بولۇشى كېرەك.

پىسخولوگىيە ۋە ئىجتىمائىي پىسخولوگىيە تەتقىقاتلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىككى بالىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بەك چوڭ ياكى بەك كىچىك بولۇپ كەتسە، سالامەتلىك ۋە ئائىلە مۇناسىۋىتىگە ئائىت بەزى ماسلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن، ئىككى بالىنىڭ ياش پەرقى 3 ـ 4 ياش بولسا مەيلى فىزىيولوگىيەلىك جەھەتتىن بولسۇن ياكى پىسخولوگىيە نۇقتىسىدىن بولسۇن نىسبەتەن مۇۋاپىق بولغان بولىدۇ.

دېمەك، بالىلارنىڭ ياش پەرقى مەسىلىسىدە، ئالدى بىلەن ئانىنىڭ ئىككى قېتىم ھامىلىدار بولۇش ئارىلىقىدا ئانا ئۈچۈن جىسمانىي جەھەتتىن ۋە پىسخىكا جەھەتتىن ئەسلىگە كېلىش، شۇنداقلا تەييارلىق كۆرۈش پۇرسىتى بولۇش كېرەك، چۈنكى، ئىككى قېتىم ھامىلىدار بولۇش ئارىلىقى بەك قىسقا بولۇپ قالسا، ئىككىنچى بالىنى تۇغقاندا ئاسانلا ئەگەشمە كېسەللىك پەيدا

بولىدۇ، يەنە كېلىپ بوۋاقنىڭ بالدۇر ۋە يېنىك تۇغۇلۇپ قېلىش ئەھۋاللىرى كېلىپ چىقىش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ. بىز ئىككى بالا ئارىلىقىدىكى پەرقنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىنى تەكىتلىگىنىمىزدە، ئاساسلىقى بالىنىڭ پىسخىك تەرەققىيات ئېھتىياجىنى چىقىش نۇقتا قىلىمىز.

ئىككى بالا ئارىلىقىدىكى ياش پەرقى مۇۋاپىق بولسا، ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى ئاسانلا قويۇق تۇغقاندارچىلىق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئورنىتىلىدۇ. ناۋادا ئىككى بالا ئارىسىدىكى ياش پەرقى كىچىك بولسا، ئانىنىڭ مۇشەققىتى بىراقلا ئاخىرلاشسىمۇ، لېكىن ئانا بۇ مەزگىلدە مۇشەققەتنى يەتكۈچە تارتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىلار چوڭ بولغاندىن كېيىن بىر نەرسىگە بىرلا ۋاقىتتا قىزىقىپ قېلىپ، ئۆز ئارا تالاش ـ تارتىش قىلىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ، ئۆزئارا رىقابەتلىشىش تۇيغۇسىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىنى تالىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاتا ـ ئانا دىققەت قىلماستىنلا ئىككى بالىنى ئۆزئار سېلىشتۇرۇپ، بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتنى كۈچەيتىۋېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىككى بالا ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىشىش پەيدا بولىدۇ. ياش پەرقى بەك چوڭ بولۇپ كەتكەسىمۇ ئىككى بالا ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان تۇغقاندارچىلىق مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى تەسكە توختايدۇ، ئالايلۇق، چوڭ بالا ئون ياشقا كىرگەندە، كىچىكى ئىككى ياشقا كىرسە، ئاتا ـ ئانا دائىم كىچىكىنى چوڭىغا يول قويۇشقا دەۋەت قىلىدۇ، بۇنداق بولغاندا چوڭ بالا ئۆزىدە كىچىكىگە غەمخورلۇق قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىملىقىنى ھېس قىلىدۇ ـ دە، بالىنىڭ قەلبىدە ئاسانلا ئۆچمەنلىك پەيدا بولۇپ، مەن نېمىشقا ئۇكامنى (سىڭلىمنى) باققۇدەكمەن... دېگەن ئويغا كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياش پەرقى بەك چوڭ بولۇپ كەتسە گېپى بىر يەردىن چىقمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىككى بالىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېسسىيات جەھەتتە يىراقلىشىش پەيدا بولىدۇ. شۇڭا بالىلارنىڭ پىسخىك تەرەققىيات

www.uyghurkitap.com



ئۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئىككى بالىنىڭ ياش پەرقى 3 ـ 4 ياش بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. ئەلۋەتتە ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئەھۋالى ئوخشىمىغاچقا، ئىككى بالا ئوتتۇرىسىدىكى ياش پەرقىنىڭ 3 ـ 4 ياش بولۇشىمۇ مۇتلەق ئەمەس.

2. ئىككىنچى بالىنى تۇغۇشتىن بۇرۇن چوڭ بالا بىلەن پىكىرلىشىش كېرەك.

چوڭ بالا ئۆيىنىڭ بىردىنبىر بالىسى بولغاچقا، ئاتا ـ ئانىلار ئۇنىڭغا كىچىككىدىنلا بەك ئامراق بولىدۇ، لېكىن ئىككىنچى بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىلار زېھنىي كۈچىنى ئىككىنچى بالىغا قارىتىپ، چوڭ بالىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە سەل قارايدۇ، بۇنىڭ بىلەن چوڭ بالىدا «ئېتىبارسىز قېلىش» تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن ھېچكىم كۆڭۈل بۆلمىگەن چوڭ بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكىنى ئىنىسى ياكى سىڭلىسىدىن كۆرىدۇ. شۇڭا ئانا ھامىلىدار بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن چوڭ بالىسى بىلەن پىكىرلىشىشى، ئۇنىڭ ئىنىسى ياكى سىڭلىسى بولىدىغانلىقىنى بالا چۈشىنەلەيدىغان ئۇسۇل ـ شەكىلدە ئۇقتۇرۇشى زۆرۈر.

بالىغا ئىنىسى ياكى سىڭلىسى بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇشتا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

ئالدى بىلەن ئانا ئۆزىنىڭ ھامىلىدار بولغانلىقىنى بالىغا ئېيتىشقا ئالدىراپ كەتمەسلىكى كېرەك. توققۇز ئاي بالا ئۈچۈن بىر ئۇزۇن جەريان ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى بالىلاردا تېخى ئېنىق ۋاقىت چۈشەنچىسى يوق بولۇپ، ئۇلار كەلگۈسى تۇرمۇشىدا «بىر بالىنىڭ كۆپىيىپ قالغانلىقى» نىڭ ياخشى ئىش ياكى يامان ئىش ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. ئاتا ـ ئانىلارغا شۇنى تەۋسىيە قىلىمىزكى، بالا قانچە كىچىك بولسا، ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىدىغان ۋاقىت شۇنچە كېيىن بولۇشى كېرەك. لېكىن بۇ باسقۇچتا شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، ئۇنىڭغا ھەقىقىي

ئەھۋالنى ئېيتقاندا يالغان سۆزلىمەسلىك كېرەك، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ ناھايىتى ئامراقلىقىنى، ئۇنىڭ بۇندىن كېيىن يەككە - يېگانە ياشىمايدىغانلىقى، يالغۇزچىلىق تارتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر ئىنى ياكى سىڭىل تۇغۇپ بەرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىش كېرەك. بالىغا «قورسىقىم ئاغرىپ قالدى، شۇڭا تومپىيىپ قالدى»، «سەن گەپ ئاڭلىمىغاچقا قورسىقىم ئاچچىقتىن كۆپۈپ قالدى» دېگەندەك گەپلەرنى قىلماسلىقىمىز كېرەك.

ئېغىرئاياغ ئانىلار بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ بالىمىزدىن ئۆزىمىزنى ئېلىپ قاچماسلىقىمىز، بالىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە يېقىنلىشىشىغا يول قويۇشىمىز لازىم. بالىلار بىلەن بەزى ئىشلارنى قىلىپ، بالىلارنى مەنمۇ ئىش قىلالايمەن دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. ئالايلۇق، بالا بىلەن بىللە سەيلە قىلىشىمىز، ھامىلىگە بىللە گەپ قىلىشىمىز، چۆچەك ئېيتىپ بېرىشىمىز، بالىغا ئانام بىلەن ئىنتايىن مەنىلىك ئىش قىلىۋاتىمەن دېگەن تەسىرنى بېرىپ، ئەكسىچە بالىنى ئانام قورسىقىدىكى بالىسىغىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ دېگەن قاراشقا كەلتۈرۈپ، بالىدا ھەسەتخورلۇق پەيدا قىلىپ قويماسلىقىمىز لازىم. شۇڭا «گەپ ئاڭلىغىن ھە، مەن بەك ھېرىپ كەتتىم، ئاۋۇ ياققا بېرىپ ئوينىغىن، مەن بىردەم ئارام ئېلىۋالاي»، «كېيىن ئىنىڭ (سىڭلىڭ) بولسا، سەن بالىنىڭ چوڭى بولىسەن، شۇ چاغدا ئىنىڭغا (سىڭلىڭغا) يول قوي، ئۇقتۇڭمۇ؟» دېگەندەك گەپلەرنى قىلماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى بۇنداق گەپ - سۆزلەر چوڭ بالىدا تېخى تۇغۇلمىغان ئىنىسى ياكى سىڭلىسىغا نىسبەتەن ئىچى تارلىق پەيدا قىلىدۇ، ھېسسىيات جەھەتتە ئۇلارنى تازا قوبۇل قىلالمايدۇ.

(3) چوڭ بالىغا ئىنىسى ۋە سىڭلىسىنىڭ ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

مەن ئىككىنچى بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئىككىسىگە يېتىشەلمىدىم دەپ چوڭىنى بوۋىسى - موممىسىنىڭكىگە ئاپىرىپ

قويۇشقا قوشۇلمايمەن. چۈنكى بۇنداق قىلىش بالىنىڭ زېھنىي تەرەققىياتىغا يامان تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتكىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىمكانىيەت يار بەرسە، بوۋاي - مومايلارنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىۋېلىپ بىللە تۇرسا بولىدۇ، چوڭ بالىنى ئاتا - ئانىلار ئۆزى ۋە دۇنياغا يېڭى كۆز ئاچقان ئىنى - سىڭىلىسىدىن ئايرىۋەتمەسلىكى كېرەك.

كۆتۈرەلمەسمىكىن ياكى دەسسىۋالارمىكىن دېگەن ئەندىشىلەر بىلەن چوڭ بالىنى ئىنىسى ياكى سىڭلىسىغا يېقىنلىشىشقا يول قويمىساق بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا ياردەملىشىشىگە مەسىلەن، ئانىسىغا لۆڭگىنى، زاكىنى ئېلىپ بېرىدىغان ئىشلارنى قىلدۇرۇشىمىز ۋە ئۇنى ماختاپ، ئاز - تولا ئىش قىلالىغانلىقى ئۈچۈن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىشىمىز كېرەك. كىچىكنىڭ «ئات چېپىي» نى قىلغاندا ياكى «بۆشۈك تويى»نى قىلغاندا چوڭىغا يېڭى كىيىم كىيگۈزۈشىمىز، شۇنداقلا ئۇنىڭغا سوۋغا بېرىپ، ئىنىسى (سىڭلىسى) بولغانلىقى ئۈچۈن مۇبارەكلىشىمىز كېرەك، مانا بۇلار چوڭىنىڭ كىچىككە بولغان يېقىنچىلىقى ۋە مېھىر - مۇھەببىتىنى قوزغايدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇنىڭغا ئىنىسى (سىڭلىسى)نىڭ ئۆزى بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتى بولغاچقا ئۆزىدە بىر خىل خۇشاللىق تۇيغۇسى پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

ئىككىنچى بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئاتا - ئانا ھەرقانچە ئالدىراش بولۇپ كەتسىمۇ، بىر ئاماللارنى قىلىپ پۇرسەت تېپىپ چوڭ بالىسىنى كۆتۈرۈپ ئەركىلىتىپ قويۇشى، چوڭ بالا بىلەن ئايرىم بىللە بولىدىغان ۋاقىتقا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. «چوڭى» نىڭ ئورنىنى «كىچىكى» ئىگىلىۋالسا چوڭى بەك ئۈمىدسىزلىنىدۇ. چوڭىغا بىر ماسلىشىش ۋاقتى بېرىشتىن باشقا، ئۇنىڭغا ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۇنى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشىمىز كېرەك. بۇنىڭ بىر ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى شۇكى،

چوڭى بىلەن ئايرىم تونۇرىدىغان ۋاقىتقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. چۈنكى، ھەرقانداق بالا ئاتا ـ ئانىسى تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان ۋاقىتقا ئېرىشىشنى ئويلايدۇ، بۇ ۋاقىت ھېچ بولمىغاندا بىر سائەت بولىشى بولىدۇ. دىققەت قىلىش زۆرۈر بولغىنى شۇكى، بۇ چاغدا كىچىكنى باشقا يەرگە قويۇپ قويۇشىمىز كېرەك. چوڭى بىلەن بىللە بولۇش ۋاقتىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئۇنى بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلدۇرۇشىمىز، ئۇنى بۇ جەھەتتىكى ئەندىشىدىن خالىي قىلىشىمىز لازىم. ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا چوڭى بىلەن بىرگە ئۆتكۈزگەن كۆڭۈللۈك ۋاقىتلار توغرىسىدا پاراڭلىشىپ، ئۆزىمىزنىڭ كۆپ ۋاقتنى ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزگىمىز بارلىقىنى بىلدۈرۈشىمىز لازىم، مۇشۇنداق قىلغاندا ئائىلىمىز تېخىمۇ ئىجىل ـ ئىناق ئائىلىگە ئايلىنىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار ئانا ئېغىر ئاياغ بولغان ۋاقىتتىن باشلاپ بالىنى پىسخىك جەھەتتە تەييارلىق كۆرۈشكە يېتەكلەپ، بالىدا ئىنىسى (سىڭلىسى)غا قىزىقىش ۋە كۈيۈنۈشنى قوزغىسا، بەلكىم باشتا چوڭ بالىنىڭ ئىنىسى (سىڭلىسى)نى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدەك ئۇنچە قىزىقارلىق ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى بايقىشىڭىز مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋاقىتنى كۆپرەك ئاجرىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بوۋاقنى كۆزەتسىڭىز، ئۇ ئىنىسى (سىڭلىسى)غا بارغانسېرى كۆڭۈل بۆلىدۇ ھەمدە ئۇنى ئۆزۈمنىڭ ئىنىسى (سىڭلىسى) دەپ بىلىدۇ. ئاتا ـ ئانا ئىككى بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بارغانسېرى ئىناقلىشىپ كەتكەنلىكىنى بايقايدۇ. چوڭ بالىنىڭ بارغانسېرى ئىسمى جىسمىغا لايىق ئاكا ياكى ئاچا بولۇپ قالغانلىقىنى سېزىدۇ. ئەلۋەتتە چوڭى مۇشۇ چاغدا 4 ـ 5 ياش بولسا ئاتا ـ ئانىلار ئۆز يۈكىنىڭ يېنىكرەك بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشى مۇمكىن. شۇنى ئېسىڭىزدە تۇتىشىڭىز كېرەككى، كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىڭىز ھەرگىز بىكارغا كەتمەيدۇ، چوڭ بالىڭىز ئاشۇ قىممەتلىك تەجرىبىنىڭ تۈرتكىسىدە تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىدۇ. ۋاھالەنكى،

ئويغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بالىنىڭ كىچىكى ئاكىسى (ئاچىسى)نىڭ ئۆزىگە ئامراق بولغانلىقى سەۋەبىدىن خۇشاللىقتا چۆمىدۇ ھەمدە بۇ خىل كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۆگىنىدۇ. مانا مۇشۇنداق قېرىنداشلىق مېھرى بولغاندىلا بالىلار ئۆزلىرىنى بەختلىك ھېس قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئاتا ـ ئانىلارمۇ پۇتۇنلەي خاتىرجەم بولىدۇ.

## 2. تۇغۇتلۇق دەم ئېلىش توشۇپ ئىشقا چىقىدىغان ۋاقتىڭىز بولدى، بالىڭىز بىلەن قانداق خوشلىشىسىز؟

تۇغۇتلۇق دەم ئېلىش توشقاندىن كېيىن ئانا ئىشقا چىقىشى كېرەك، بۇ چاغدا ئانا بالىسى بىلەن قانداق خوشلىشىشى كېرەك. تۆۋەندىكىسى ئۈچ ئانىنىڭ بالىسى بىلەن ئۈچ خىل خوشلىشىش ئۇسۇلى:

بىرىنچى ئانا: بالىسىنىڭ يۈرەكنى ئەزگۈدەك يىغىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆيگە يېنىپ كىرىپ بالىسىنى بەزلەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىشقا دائىم كېچىكىپ قالىدۇ، بۇنداق بولۇۋەرسە بولمايدۇ.

ئىككىنچى ئانا: كۈندە ئەتىگىنى ئورنۇمدىن قوپۇپلا ئەنسىرىگىلى تۇرىمەن، بالام بىلەن قانداق خوشلىشىپ مېڭىشنى بىلمەيمەن، كۆپ ۋاقىتتا بالام دىققەت قىلمىغان پەيتتە ئاستا چىقىپ كېتىمەن. كېيىن مومىسى ماڭا: سىز كەتكەندىن كېيىن بالا شۇنداق ئۇزاق يىغلاپ كەتتى دەيدۇ. ئىشقىلىپ بالىنىڭ يىغلىغىنىنى مەن ئاڭلىمىغاندىكىن ئۇنچە ئازابلىنىپمۇ كەتمەيدىكەنمەن.

ئۈچىنچى ئانا: ئىشقا ماڭىدىغان چېغىمدا مومىسى بالىغا سۈت بېرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ دىققىتى مەندە بولمايدۇ، شۇ پۇرسەتتە ئىشقا ئاستا كېتىۋالىمەن، مەن كەتكەندىن كېيىن مومىسى بالىنى بەزلەپ قويسىلا بولدى.

يۇقىرىدىكى ئۈچ ئائىلىنىڭ بالىسى بىلەن خوشلاشقان چاغدىكى غېمىنى كۆردۇق، بۇلارنىڭ بالىسى بىلەن يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك خوشلاشقۇسى يوق، ئەمما ئۇلار باشقا ئامال بولمىغاندا شۇنداق قىلغان. ئۇنداقتا بالا بىلەن خوشلىشىشنىڭ مۇۋاپىق ئۇسۇلى زادى قايسى؟

بىز ئاۋۋال بىرىنچى ئانىنىڭ خوشلىشىش ئۇسۇلىغا قاراپ باقايلى، ئۇ بالىسىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ ئۆيگە بىرنەچچە قېتىم قايتىپ كىرىپ، بالىسىغا يىغلىسام ئانام يېنىپ كىرىدىكەن دېگەننى ھېس قىلدۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بالا بارغانسېرى قاتتىق يىغلايدۇ، ئاخىرىدا ئانىسىنىڭ يەنىلا كەتكەنلىكىنى سەزگەندىن كېيىن، ئۈمىدسىزلىكى ۋە ئايرىلىش تەشۋىشى ئانىسى ئۆيدىن بىرىنچى قېتىم چىقىپ كەتكەن چاغدىكىدىنمۇ كۈچلۈك بولغان.



ئىككىنچى ئانىنىڭ قىلغىنى ئېنىقلا قولىقىنى ئېتىۋېلىپ قوڭغۇراق ئوغرىلاشنىڭ ئۆزىدۇر. بالىسى ئانىسىنىڭ يوقلۇقىنى بەربىر بايقايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئانىسىنىڭ قەلبىدە مۇھىم ئورۇن ئىگىلىمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ، ئانامۇ ئىشەنچلىك ئەمەسكەن، چۈنكى ئۇ ئۇخلىغان ۋاقتىمدا يوقاپ كېتىدىكەن دەپ ئويلايدۇ.

ئۈچىنچى ئانىنىڭ بالىسى بىلەن خوشلىشىش ئۇسۇلى بالىغا دۇنيادا ئانىدىنمۇ مۇھىم، ياخشى نەرسە بار، ئانا بولسىمۇ ، بولمىسىمۇ بولىدۇ دېگەننى ھېس قىلدۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئانىسىغا ئاستا - ئاستا ئېتىبارسىز قارايدىغان بولۇپ قېلىپ، بالا بىلەن ئانىنىڭ يېقىنچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر يېتىدۇ.

بالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بالىنىڭ ئانىدىن ئايرىلىشى قاچانلا بولسا دۇچ كېلىدىغان ئىش، شۇغىنىسى ئانىنىڭ تۇغۇتلۇق دەم ئېلىشى قىسقا بولۇپ قالغاچقا، بالا ئانىسىدىن بۇنداق تېز ئايرىلىپ تۇرۇشنى قوبۇل قىلالمايدۇ، بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى بالىنىڭ ئېڭى «ئانا - بالا بىللە ياشاش» باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مۇناسىۋەتلىكتۇر. 0 ـ 4 ياشقىچە بولغان بالىلار ئانام دېگەن مەن ئۆزۈم، ئۆزۈم دېگەن ئانا، ئىككىمىز بىر تەن دەپ قارايدۇ، شۇڭا ئانىسى چىقىپ كەتسە ئۇ مەيلى يىغلىسۇن، قورسىقى ئاچسۇن ئانىسى يېنىدا پەيدا بولمىغاندا، ئىنتايىن خاپا بولىدۇ، ئۈمىدسىزلىنىدۇ، ھەتتا تەشۋىشلىنىدۇ. دەسلەپكى بىخەتەرلىك تۇيغۇسى يېتەرلىك بولمىغان بالا، ھەتتا كۆنبويى يىغلاپ جېدەل قىلىدۇ. شۇڭا بالىغا ئۆزى بىلەن ئانىسىنىڭ ئىككى ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش ھامان دۇچ كېلىدىغان مەسىلە بولۇپ، ئانىلار ئۆزىنى ئەيىبلىمەسلىكى، تېخىمۇ مۇھىمى بېشى قاتماسلىقى، بۇ مەسىلىنى نورمال ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىشى كېرەك.

بىرىنچىدىن، ئانىلار بەزى تەييارلىقلارنى قىلىشى، بالىلار ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنچۇقلارنى ئالايلۇق، قونچاق ئېيىق قاتارلىق ئانىنىڭ ئورنىنى ئانچە ـ مۇنچە ئالالايدىغان ئويۇنچۇقلارنى تېپىپ قويۇشىمىز لازىم.

ئانا ھەر قېتىم بالا بىلەن خوشلىشىدىغان چاغدا ئېيىقنى بالىغا قۇچاقلىتىپ، بالىغا: قوزام، ئاپىڭىزنى سېغىنغاندا ئېيىقنى ئويناڭ، ئۇ سىز بىلەن ئوينايدۇ، دېيىشىمىز شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئېيىقنىڭ ئاۋازىنى دوراپ بالىغا «قوزام، ياخشىمۇسىز، مېنى ياخشى كۆرەمسىز»؟ دەپ، بالىغا ئانىسى بىلەن ئېيىق ئوتتۇرىسىدا مەلۇم باغلىنىش بارلىقىنى بىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

ئىككىنچىدىن، ئانا بىلەن بالىغىلا خاس بىر خىل خوشلىشىش ئادىتىنى تېپىش كېرەك.

ئالايلۇق، تەييارلىقنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، سومكىسىنى ئېلىپ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ، بالىنى كۆتۈرگىنىچە ئۆينى بىر دەم ئايلىنىش، بالىنىڭ پېشانىسى ۋە مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇش قاتارلىقلار. بالىغا بۇ خىل ھەرىكەتلەر ئالاھىدە ئەھۋالدا بولىدۇ دېگەننى ھېس قىلدۇرۇشىمىز، بۇ خىل ھەرىكەتلەر بالىدا شەرتلىك رېفلېكس پەيدا قىلالىشى، بىر ئىشنىڭ ئارقىسىدىن يەنە قانداق

ئىش يۈز بېرىدۇ دېگەننى ئالدىن بىلەلەيدىغان قىلىشى كېرەك. ئالايلۇق، بالا: ھەئە، ئانام يەنە چىرايلىق كىيىم كىيدى، ئەمدى مېنى كۆتۈرىدىغان بولدى، يەنە مېنى سۆيىدۇ، ئاندىن مەن بىلەن خوشلىشىدۇ. دېگەنلەرنى ئويلايدىغان بولۇشى كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، بالىلارغا مۇلايىم تەلەپپۇز، يېقىملىق ئىپادە بىلەن نەگە بارىدىغانلىقىمىزنى، قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىمىزنى ئېيتىشىمىز كېرەك.

ئالايلۇق، «ئومىقىم، ئاپىڭىز ئىشقا بارىدۇ، مېنىڭ بالام بەك گەپ ئاڭلايدۇ، مومىسى بىلەن ئۆيدە ئوينايدۇ، مەن سائەت ئالتىدە قايتىپ كېلىپ سىزگە ھەمراھ بولىمەن، بولامدۇ»؟ دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ خوشلىشىشىمىز كېرەك. نۇرغۇن ئانا بالىلىرىنى كىچىك، بۇنداق گەپلەرنى قىلساقمۇ چۈشەنمەيدۇ دەپ قارىغاچقا بۇنداق گەپلەرنى قىلمايدۇ، ئەمەلىيەتتە بالىلار گېپىڭىزنى چۈشىنىدۇ، ئۇلار گېپىڭىزنى چۈشەنمىگەن تەقدىردىمۇ، سىزنىڭ ئاھاڭىڭىز، تەق ـ تۇرقىڭىزغا قاراپ سىزنىڭ ئىشقا بېرىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىشىڭىزنىڭ ئانچە قورقۇنچلۇق ئىش ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىدۇ، ئۇ سىزنىڭ مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن چوقۇم قايتىپ كېلىدىغانلىقىڭىزنى ئاستا ـ ئاستا بىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بۇ پاكىتنى ئاسانلا قوبۇل قىلىدۇ. بالىڭىز بىلەن خوشلاشقاندا چوقۇم چىراي ئىپادىڭىزگە سەل قارىماڭ، چىراي ئىپادىڭىز قانچە جىددىي بولسا بالىڭىز شۇنچە بىئارام بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ئانامنىڭ چىراي ئىپادىسى ياخشى ئەمەس، قارىغاندا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلايدۇ ـ دە، يىغلاپ جېدەل قىلىدۇ، يىغلاپ جېدەل قىلىش ئارقىلىق يۈز بېرىدىغان يامان ئىشنى توسماقچى بولىدۇ، شۇڭا ئانىنىڭ چىراي ئىپادىسى ناھايىتى مۇھىم.

تۆتىنچىدىن، ئىشقا مېڭىشتىن بۇرۇن بالىنى ئېمىتمەسلىكىمىز كېرەك.

بالىنى ئېمىتىپ يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن

www.uyghurkitap.com



خوشلىنىشىمىز لازىم. ئانىنىڭ بالىنى ئېمىتىشى بالىغا ئانام مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىم دېگەننى ھېس قىلدۇرىدۇ، ناۋادا ئانا بالىنى ئېمىتىپ بولۇپلا ئىشقا كېتىپ قالسا، بالا بۇخىل رىئاللىقنى قوبۇل قىلالماستىن، ئانام مېنى ئېمىتىپ قويۇپلا كېتىپ قالدىغۇ؟ دەپ ھېس قىلىپ قالىدۇ. ئېمىتىش ياخشى ئىش ئەمەسمۇ نېمە، دەپ ئويلاپ قالىدۇ. شۇڭا ئانا چوقۇم ئالدى بىلەن بالىنى ئېمىتىشى، ئاندىن ئۆز ئىشىنى قىلىشى، ئالايلۇق، ناشتا قىلىشى، كىيىم يۆتكەش دېگەندەك ئىشلارنى قىلىشى، ھەممە تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن بالىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىشى، مەيلى ئۇ يىغلىسۇن ياكى يىغلىمىسۇن ئۇنىڭ بىلەن كۈلۈمسىرەپ خوشلىشىشى لازىم. دەسلەپكى بىرنەچچە قېتىمدا بالا چوقۇم يىغلايدۇ، بىرنەچچە قېتىم يىغلىسا ھېچقىسى يوق، ئانا بالىنىڭ يىغىسىغا چىدىماي يېنىپ كىرىپ بالىنى بەزلىمەسلىكى، خوشلاشقان پېتى كېتىۋېرىشى كېرەك. بىر نەچچە كۈن مۇشۇنداق بولغاندىن كېيىن، بالا بۇ رېئاللىقنى قوبۇل قىلىپ، ئانىسى بىلەن ناھايىتى نورمال ھالدا خوشلىشىدىغان بولىدۇ ھەمدە بۇ خىل ئەھۋال بالا چوڭ بولغۇچە ناھايىتى ياخشى داۋاملىشىدۇ.

بۇ خىل خوشلىشىش ئادەتكە ئايلىنىش دەۋامىدا ئانىلار جاپا تارتىدۇ، ئەمما بۇ ئادەتكە ئايلانغاندىن كېيىن ۋاقىت ۋە باشقا جەھەتتىن پايدا ئالىدۇ.

### 3. پائائكچىلىق — ئاتا - ئانىلارنىڭ ياخشى ياردەمچىسى

پائائكچىلىق بوۋاقلار پىسخولوگىيەسى تەرەققىيات ئالاھىدىلىكىگە ئائىت نەزەرىيە بولۇپ، بوۋاقلار 1.5 — 4 ياش باسقۇچىدا ئەتراپىدىكى بارلىق شەيئىلەرنى ئۆزلىرىگە ئوخشاش جېنى بار، ئۆزلىرىگە ئوخشاش تاماق يەيدۇ، ئۇخلايدۇ، ئاغرىقنى سېزىدۇ، يىغلايدۇ، خۇشال بولىدۇ... دەپ بىلىدۇ دەپ قارايدىغان

نەزەرىيەدۇر. بۇ نەزەرىيەنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدىكى ئاساس شۇكى، ئۈچ ياشتىن ئىلگىرىكى بالىلار پەقەت ئۆز تەجرىبىسى بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان بىۋاستە كۆرۈش، ئوبرازلىق ھېسسىي تەجرىبىلەرنىلا قوبۇل قىلالايدۇ. يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ بۇ خىل ئالاھىدىلىك تەدرىجىي يوقاپ، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىگە نىسبەتەن ئوبيېكتىپ تونۇشقا ئىگە بولۇشقا باشلايدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا بۇ خىل ئالاھىدىلىك بوۋاق بىر يېرىم ياشلاردىكى چېغىدا پەيدا بولىدۇ ۋە ئۈچ ياشلارغا كىرگۈچە داۋاملىشىدۇ. ناۋادا ئانا بۇ پىسخىك تەرەققىيات ئالاھىدىلىكتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالىسا، بالىسىنىڭ ياخشى ئادەتلىرىنى يېتىلدۈرۈشىگە ياكى ياخشى بولمىغان بەزىبىر ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرەلەيدۇ.

تۆۋەندە بىر ئانىنىڭ پانئاڭچىلىقىدىن پايدىلىنىپ ئوغلىنىڭ ئاخشىمى ئىمزەك ئېمىدىغان ئادىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆزگەرتكەنلىكىگە ئائىت ۋەقەنى كۆرۈپ باقايلى:



ئوغلۇم شىر ئەلىنى ئەمچەكتىن ئايرىغاندىن كېيىن، ئىمزەككە ناھايىتى ئامراق بولۇپ قالدى. ئۇ ھەر كۈنى كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئىمزىكىنى ئېمىپ تۇرۇۋالىدۇ، ئىمزىكىنى ئەممىسە ئۇخلىغىلى ئۇنىمايدۇ، بۇنىڭدىن مەن بەكلا ئەنسىرەپ قالدىم. ئوغلۇم ئۈچ ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ، ئىمزەك ئېمىش ئادىتىنى ئۆزگەرتەلمىدىم. ئوغلۇم بىر كۈنى كەچتە ئىمزىكىنى شورىغىنىچە چۆچەك ئېيتىپ بەر دەپ تۇرۇۋالدى، مەن ئۇنىڭ يېنىدا يېتىپ «دوغىلاق ئېيىقچان» سۆزلەپ بەردىم، دوغىلاق ئېيىقچان ئوغلۇم كىچىكىدىن ئاڭلاپ كېلىۋاتقان چۆچەكتىكى بىر «پېرسوناژ» ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغلۇم كۆپ چاغلاردا ئۆزىنى دوغىلاق ئېيىقچان دەپ ئاتىۋالاتتى.

دوغىلاق ئېيىقچان ئۈچ ياشقا كىرىپتۇ، چوڭ بولۇپتۇ، كۈندە ئىمزەك شوراپ ئۇخلايدىكەن. بىر كۈنى كەچتە ئۇ ئىمزەك شورىغىنىچە ئۇخلاپ قاپتۇ، بىر ۋاقىتتا يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ. دوغىلاق ئېيىقچان ‹ھوي، يىغلاۋاتقان كىمۇ› دەپ سوراپتۇ. بۇ چاغدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىرى ‹مەن، مەن ئىمزەك بولىمەن، ۋايجان، ۋايجان، ئەجەبمۇ ئاغرىتىۋەتتى! بىرى مېنى چىشلەۋاتىدۇ، بۇ دوغىلاق ئېيىقجانغۇ دەيمەن؟ ھۇ، ھۇ... ئەجەبمۇ ئاغرىپ كەتتى› ! دەپتۇ. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان دوغىلاق ئېيىقجان كۆڭلىدە ئىمزەك سۆزلەۋاتامدۇ نېمە؟ دەپ ئويلاپ، ئاغزىدىن ئىمزەكنى ئېلىپ قاراپ بېقىپتۇ، شۇ ئەسنادا ئىمزەك يىغلىغىنىچە ئۇنىڭغا: ‹دوغىلاق ئېيىقجان، سەن مېنى ئاغرىتىۋەتتىڭ، مېنى شوراۋېرىپ بەك قىيناپ كەتتىڭ، يەنە كېلىپ بەزىدە مېنى چىشلەپ بەك ئازابلاپ كېتىۋاتىسەن، ھۇ، ھۇ...› دەپتۇ. چۆچەكنى ئېيتىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئوغلۇم ئاغزىدىكى ئىمزەكنى ئېلىپ قاراپ باقتى، بۇ چاغدا مەن ئوغلۇمنىڭ ئەھۋالنى چۈشەنگەنلىكىنى بايقىدىم. شۇنىڭ بىلەن: «بولدى، بولدى، ئاغرىمىدى، مېنى شورىمىسىڭىزلا، چىشلىمىسىڭىزلا، ئاغرىمايدۇ. رەھمەت سىزگە، دوغىلاق ئېيىقجان، سىز راستلا ياخشىكەنسىز، سىز مېنىڭ ھەقىقىي يېقىن دوستۇمكەنسىز، مەن سىزگە ئامراق» دېگەندەك گەپلەر بىلەن چۆچەك ئېيتىشنى داۋاملاشتۇردۇم. بۇ چاغدا ئوغلۇم ئىمزەكنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزۇن قاراپ كەتتى ۋە ئىچىدە «سېنى شورىمىسام، نەدە قويىمەن؟» دەپ ئويلىدى بولغاي، مەن ئارقىدىنلا چۆچەكنىڭ داۋامىنى «دوگىلاق ئېيىقجان، سەن مېنىڭ يېقىن دوستۇم، مەن ساڭا ھەمراھ بولۇپ ئۇخلاي، سەن مېنى ياستۇق يېنىغا قويۇپ قوي، بولامدۇ؟» دەپ ئېيتتىم. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئوغلۇم ناھايىتى قايىل بولغان ھالدا ياۋاشلىق بىلەن ئىمزەكنى ياستۇق يېنىغا قويۇپ قويدى ـ دە، خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەتىسى كەچتە ئۇخلايدىغان چاغدا مەن ئىمزەكنىڭ ئاھاڭىدا دوغىلاق ئېيىقجاننى ماختىدىم ۋە ئۇنىڭغا ئۇزۇمنىڭ (ئىمزەكنىڭ) تۈنۈگۈن ناھايىتى ياخشى ئۇخلىغانلىقىمنى، شۇنداقلا رەھمىتىمنى، ئۇنىڭ ياخشى دوستۇم ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم. نەتىجىدە ئوغلۇم ئىمزەكنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېلىپ ياستۇقىنىڭ يېنىدا قويۇپ، ئۇنىڭغا تەپسىلىي زەن سېلىپ

چىققاندىن كېيىن ئۆزىمايلا ئۆيقۇغا كەتتى. مۇشۇ تەرزدە تۆت ـ بەش كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مېنىڭ چۆچەك ئېيتىپ بېرىشىم ئىمزەك ئېمىشىنىڭ ئورنىنى ئالدى، شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئاۋارىچىلىكتىن قۇتۇلدۇم.

نۇرغۇن ئانا بۇ خىل ئۇسۇلنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، بەزىلىرى بالىلاردا ياخشى تۇرمۇش ئادىتىنى، ئالايلۇق، قايناق سۇنى كۆپ ئىچىش، تازىلىققا رىئايە قىلىش قاتارلىقلارنى يېتىلدۇردى؛ بەزىلىرى بالىلىرىنىڭ بەزىبىر يامان ئادەتلىرىنى ئالايلۇق، ئويۇنچۇقلىرىنى ئېتىش، بۇزۇۋېتىش، بارمىقىنى شوراش قاتارلىق يامان ئادەتلىرىنى، تاشلىۋېتىشكە ياردەم بەردى، ئۇنداقتا مۇشۇنداق چاغدا تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا دىققەت قىلىشىمىز لازىم.

بىرىنچىدىن، بالىلارنىڭ غورۇرى كۈچلۈك بولغاچقا، بىۋاستە بالىلارغا قاراتماسلىقىمىز، ئۇنىڭغا ئەڭ تونۇش بولغان ياكى ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كارتون فىلىمدىكى بىرەر پېرسوناژنى ھېكايە ـ چۆچىكىمىزنىڭ باش قەھرىمانى قىلايلى.

ئىككىنچىدىن، ئانا گەپ قىلغاندا ئاھاڭ ـ ئىنتوناتسىيەگە دىققەت قىلىشى، كارتون فىلىمدىكى ئاۋازغا تەقلىد قىلىشى ياكى ئاۋازىنى ئۆزگەرتىشى لازىم. قىسقىسى، ئادەتتە ئۆزى گەپ قىلغان ئاھاڭدا گەپ قىلماسلىقى كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا بالا «ساختا» دەپ ئويلاپ قالىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، بالىڭىزنىڭ بىرەر يامان ئادىتىنى تۈگەتمەكچى بولسىڭىز، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر ئادەتنى دەسسىتىشىڭىز كېرەك. ئالايلۇق، ئىمزەك ئەممىسە، ئۇنى ياستۇقنىڭ يېنىغا قويۇپ قويۇپ چۆچەك ئېيتىپ بېرىشىمىز كېرەك؛ بارمىقىنى شورىشىنى توسماقچى بولساق بالىنىڭ ئاغزىغا بىر نەرسە سېلىپ قويۇشىمىز ياكى بالىنى بارمىقى بىلەن بىرەر ئىش قىلدۇرۇشىمىز لازىم؛ ئويۇنچۇقنى ئاتقۇزماسلىق ئۈچۈن، «بۇرۇن ئاتقان ئويۇنچۇقلار يارىلاندىمۇ ـ يوق؟ يارىلانغان بولسا ئۇنىڭغا ئازراق دورا سۈرتۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قويايلى» دېيىش كېرەك ۋە باشقىلار. باشقىچە ئېيتقاندا، بالىنى بىر ئىشنى قىلغۇزماسلىق ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئورنىغا قىلىدىغان باشقا بىر ئىشنى تېپىپ بېرىشىمىز كېرەك.

تۆتىنچىدىن، بىر يامان ئادەتنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئاتا ـ ئانا سەۋرچان بولۇشى ۋە چىڭ تۇرۇشى كېرەك. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن مىسالدىكى شىرئەلى دەسلەپكى بىرنەچچە كۈندە بەزىدە يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ كېتىپ ئىمزەك دەپ تۇرۇۋالىدۇ، بۇنداق چاغدا ئانا جىممىدە كۆزىتىشى، ئۇندىمەسلىكى كېرەك، چۈنكى بالا بەلكىم جۆيلۈگەن بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا بىرنەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن جىمىپ قالىدۇ؛ ناۋادا ئۇ ئويغىنىپ كېتىپ شۇنداق دەۋاتقان بولسا ئاززاق بەزلەپ قويغاچ: «قوزام سەن ئۇخلىغاندىن كېيىن، ئىمزەكمۇ ئۇخلاپ قالدى. قوزام يىغلىماڭ، مەن ئىمزەكنى ئەتە ئەكېلىپ بېرەي، بولامدۇ؟» دېيىشىمىز كېرەك. ئادەتتە مۇشۇنداق دەپ بولغاندىن كېيىن بالا ئاستا ـ ئاستا تىنچلىنىپ يەنە ئۇيقۇغا كېتىدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانا بالىغا ئىچ ئاغرىتىپ ياكى مۇشۇنداق قىلسام ئارامىمغا تەسىر يېتەمدىكىن دېگەن ۋەجىدىن بالىغا ئىمزەكنى تۇتقۇزۇپ قويساق، ئىلگىرىكى ئەجرىمىز سۇغا چىلىشىدۇ. ئاتا ـ ئانا بۇ جەھەتتە سەۋرچانلىق بىلەن بىر نەچچە كۈن داۋاملاشتۇرسا، بالىسىدا بۇنداق ئەھۋالنىڭ قايتا كۆرۈلمىگەنلىكىنى بايقايدۇ.

پائالىچىلىقتىن ئۇنۇملۇك پايدىلانساق، ئۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ياخشى ياردەمچىسى بولالايدۇ، بالىلىرىمىزنىڭ خۇشال ھالدا چۈشىنىش ۋە قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، يامان ئادەتلەرنى تۈگىتىش، ياخشى ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىپ، نامۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن بالىغا زىيانكەشلىك قىلىشتىن ئۈنۈملۈك ساقلانغىلى بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بۇ نۇقتىنىڭ مەزمۇنى ۋە مۇھىم نۇقتىلىرىنى چۈشىنىپ يەتكەندىن كېيىن، ئۇنى ئۆلۈك قوللانماسلىقى، بالىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن مۇۋاپىق ئۇسۇلنى تاللىشى كېرەك.

## 4. خاتالىقنى سىناپ بېقىش تەلىماتى ــ باللارنى خاتالىق ئۆتكۈزۈشكە يول قويمىغانلىق باللارنى خۇشال بولۇشقا يول قويمىغانلىقتۇر

پسىخولوگلار ناھايىتى تىپىك بىر تەجرىبە ــ «خاتالىقنى سىناپ بېقىش» تەجرىبىسى ئېلىپ بارغان. بۇ تەجرىبىنى ئامېرىكىلىق پسىخولوگ ساندىك ئىشلىگەن بولۇپ، بۇ تەجرىبە «ئاچ مۈشۈكنىڭ ئېزىتقۇ قەپەستىكى تەجرىبىسى» دەپمۇ ئاتالغان، ئۇنىڭ جەريانى مۇنداق: ئاچ قالغان بىر مۈشۈكنى ئالاھىدە ياسالغان ئېزىتقۇ قەپەسكە سولاپ قويۇپ، ئوزۇقلۇقنى قەپەسنىڭ سىرتىغا مۈشۈك كۆرگۈدەك ئەمما ئالالمىغۇدەك قىلىپ تاشلاپ قويىدۇ، بۇ چاغدا مۈشۈك قەپەسنىڭ ئىچىدە قاتتىق مىياڭلىغىنىچە قەپەستىن چىقماقچى بولىدۇ، مۈشۈك قايتا ـ قايتا ئۇرۇنغاندىن كېيىن، ئىشىكنىڭ ۋىكلىيۇچاتېلىنى باسىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىشىك ئېچىلىدۇ ـ دە، مۈشۈك ئوزۇقلۇقنى يېيەلەيدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال كۆپ قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، مۈشۈك قەپەسكە كىرىش بىلەنلا ئۇدۇل ۋىكلىيۇچاتېلىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنى بېسىپ ئىشىكنى ئاچىدۇ ـ دە، ئوزۇقلۇققا ئېرىشىدۇ.

ساندىك ھايۋانلارنى نۇرغۇن كۆزىتىش ۋە تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق مۇنداق خۇلاسە چىقارغان: ئىنسانلار ئۆگىنىشىنىڭ ماھىيىتىمۇ بىر «قارىغۇلارچە سىناپ بېقىش ــ خاتالىقلارنى تەدرىجىي ئازايتىش ــ قايتا سىناپ بېقىش» نىڭ تەكرارلىنىش جەريانىدىن ئىبارەت. بۇ بىر خىل تەدرىجىي ئىلگىرىلەش بىلەن خاتالىقنى تۈزىتىش جەريانى ھېسابلىنىدۇ. خاتا ھەرىكەتلەرنىڭ پەيدىنپەي ئازىيىشى ۋە يوقىلىشى بىلەن توغرا ھەرىكەت بارلىققا كېلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مەسىلىلەر ھەل قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ساندىك خاتالىقلارنى داۋاملىق سىناپ بېقىش ئىنسانلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆگىنىشىنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى ياكى يولى، بولۇپمۇ بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئەتراپىدىكى ناتونۇش مۇھىت بىلەن ئۇچرىشىدۇ، ئۆزىنىڭ كۆزىتىشى ۋە قايتا ـ قايتا سىناق ھەرىكىتى ئارقىلىق توغرا ھەرىكەت ئۇسۇلىغا ئېرىشىدۇ دەپ قارايدۇ . بالىلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، قايتا ـ قايتا سىناق ھەرىكىتى چوڭلارنىڭ نەزىرىدە خاتا، ھاماقەتلىك بولسىمۇ، لېكىن بۇ جەرياندا ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى شەيئىلەرگە كۆرسەتكەن تەسىر كۈچىنى ھېس قىلالايدۇ، ئۇلار قايتا ـ قايتا سىناق ھەرىكىتى قىلىش داۋامىدا ھەرىكەتنىڭ خۇشاللىقىنى ھېس قىلىپ، ئاخىرىدا نەتىجە قازىنىش تۇيغۇسىغا چۆمىدۇ، شۇنداقلا بۇ خىل توغرا ھەرىكەتنى ئۆزىنىڭ كالللىسىغا ھەقىقىي سىڭدۈرۈپ، ئۆز ھاياتىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

ئانىلار، سىلەر تۆۋەندىكىدەك ئەھۋالنى كۆرگەنمۇ؟

سىز ئون ئايلىق بولغان بىر بالىغا بىر چىنە تاماق ۋە بىر قوشۇق بەرسىڭىز، بالا قوشۇقنى چىنىغا قايتا ـ قايتا سېلىپ، تاماقنى يېمەكچى بولىدۇ. لېكىن ياكى چېچىۋېتىدۇ ياكى ئاغزىغا سالالماي يۈز ـ كۆزلىرىگە چاپلاشتۇرۇۋالىدۇ، شىرەمۇ پۈتۈنلەي چېچىلغان ئاش بىلەن تولىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالا گەرچە ئاشنى ئاغزىغا سالالمىسىمۇ، لېكىن نىيىتىدىن ئاسان ۋاز كەچمىگەنلىكىنى، يەنە كېلىپ شۇ ھەرىكەتنى نەچچە قېتىم تەكرارلىغانلىقىنى، بالا ئاخىرى ئازراق ئاشنى ئاغزىغا سالغاندا، چىرايىدا مەمنۇنىيەت، پەخىرلىنىش، قانائەتلىنىش ئىپادىسى ئەكس ئەتكەنلىكىنى بايقىيالامدۇ ـ يوق؟ لېكىن نۇرغۇن بالا بۇ خىل ھەرىكەتنى ئۆزى قىلىشنىڭ خۇشاللىقىنى ھېس قىلالمايدۇ. چۈنكى ئاتا ـ ئانىلىرى «تاماق يېگەندە ئوينىماڭ»، «تاماق چېچىلىپ كېتىدۇ، ئىسراپ قىلماڭ» دەيدۇ ۋە شۇ سەۋەبتىن ئاشنى بالىلىرىغا ئۆزلىرى يېگۈزۈپ قويىدۇ، بالىلارنىڭ ئۆزلىرى سىناپ بېقىشتىن ئىبارەت «خاتالىق جەريانى»نى تېتىپ بېقىشىغا يول قويمايدۇ.

بۇ ئىش ماڭا كىچىك چېغىمدىكى قېرىنداشلىرىمنىڭ ئاپامغا

چۆچۈرە تۈگۈتۈپ بەرگەنلىكىنى ئېسىمگە سالىدۇ، ئۇ چاغلاردا چۆچۈرىنى پەقەت ئالاھىدە كۈنلەردىلا يېيەلەيتتۇق، ئانام بىزگە بىر ۋاخ چۆچۈرە ئېتىپ بېرىش ئۈچۈن يېرىم كۈن چۆچۈرە تۈگۈشكە توغرا كېلەتتى، شۇڭا بىز بىرنەچچە بالا ئانامغا تۈگۈشۈپ بېرەتتۇق. ئانام بىلەن ئاچام تۈگەتتى، مەن ئىنىلىرىم بىلەن جىلتە ئاچاتتۇق. باشتا ئانچە بىلمىگەچكە، جىلتىنى قىڭغىر ـ سىڭغىر، چوڭ ـ كىچىك ئاچاتتۇق، ئەمما ئانام بىزنى پەقەت ئەيىبلىمەيتتى، جىلتە قانداق بولسا شۇ بويىچە «كۆرۈمسىز» چۆچۈرىلەرنى تۈگۈپ، بىزنى كۆلدۈرۈۋېتەتتى. كېيىن بىز چۆچۈرە تۈگىمىز دەپ تۇرۇۋالدۇق، ئانام ماقۇل بولدى، بىز تۈگكەن چۆچۈرلەر بىر قايناش بىلەنلا چۇۋۇلۇپ كېتەتتى، ئانام بىزنى ئەيىبلىمەستىن «ھەركىم ئۆزى تۈگكەن چۆچۈرىنى يېسۇن» دەيتتى. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ بىز چۆچۈرە تۈگۈشكە بارغانسېرى ئۇستا بولۇپ كەتتۇق، بولۇپمۇ ئىنىلىرىم جىلتا ئېچىش، چۆچۈرە تۈگۈشتە ئاياللاردىن قېلىشمايدىغان بولۇپ كەتتى، ئەڭ مۇھىمى ئاشۇ بالا چاغلىرىمىزدىكى ئىشلارنى ھازىر ئەسلىسەك، شۇ چاغلار بىزگە شۇنداق گۈزەل تۇيۇلىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىمىزنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلىمىز. ئۆتكەن يىلى يازدا ئاچامنىڭ ئۆيىدە چۆچۈرە تۈگۈپ يېدۇق، چۆچۈرە تۈگكىنىمىزدە ئاچام قىزىنى ئىش قىلالمايدۇ دەپ قارىشىپ بەرگىلى قويمىدى. مەن «قىزىڭنى قارىشىپ بەرگىن دەپ چاقىرساڭ بولمامدۇ»؟ دېدىم. ئاچام «ئۇ چۆچۈرە تۈگەلەمدۇ؟ ئۇ چۆچۈرە تۈگسە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ مەن جىلە بولۇپ كېتىدىكەنمەن! بولدىلا» دېدى. مەن ئاچام كىچىكىمىزدە ئۆيدىكىلەر ئولاش ـ چولاش چۆچۈرە تۈگۈپ يېگىنىمىزنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ، ناۋادا بالىلىرىمىزغا چۆچۈرە تۈگۈش پۇرسىتىمۇ بەرمىسەك، بالىلىرىمىزنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشى بولمىسا، ئۇلار توغرا ئۇسۇلنى قانداق تاپالايدۇ؟ بەلكىم ئاچام كىچىك چېغىدا ئۆزىنىڭ چۆچۈرە تۈگۈشنى قانداق ئۆگەنگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com



ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىمىزدىن سوراپ باقايلى، بىز بالىلىرىمىزغا خاتالىق ئۆتكۈزۈش پۇرسىتى بەردۇقمۇ؟ ئۇلارنىڭ كىيىمىنى پاكىز يۇيالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ كىر يۇغىلى قويمايمىز؛ بىر يېرىنى كۆيدۈرۈۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ قورۇما قورۇغىلى قويمايمىز؛ تاپشۇرۇق ئىشلىشىگە تەسىر يېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆي ئىشىغا سالمايمىز؛ نازارەت قىلالمىساق ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىماسلىقىدىن ئەنسىرەپ مۇستەقىل، يالغۇز ئۆگىنىش قىلغىلى قويمايمىز؛ يامان ئادەملەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەپ تاشقى دۇنيا بىلەن ئۇچراشتۇرمايمىز... بالىلىرىمىزغا دائىم «بولمايدۇ»، «ياق» دەپ ئۇلارنى بىر ئىشنى قىلغىلى قويمايمىز، ئۇلارغا غوجايىنلىق قىلىمىز، مانا بۇلار ئاتا ـ ئانىلار ئۆتكۈزگەن ئەڭ زور خاتالىقتۇر.

بالىلار قايتا ـ قايتا خاتالىق ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق تەدرىجىي توغرا ئۇسۇلنى تاپىدۇ. نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار تازا سەۋرچان ئەمەس. بالىمىز خاتا يېزىپ قويسا ئۇنىڭغا يەنە بىر چۈشەندۈرۈپ قويۇپلا، بالىمىزنىڭ بىر قېتىم چۈشەندۈرۈپ قويغانلىرىمىزنى ئۆگىنىۋېلىپ مەڭگۈ خاتالاشماسلىقىنى؛ بالىمىز خاتالىق ئۆتكۈزسە بىرەر قېتىم ئۇلگە كۆرسىتىپ بېرىپلا ئۇنى كاللىسىغا ئورنىتىۋېلىپ، مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمىز. بالىلىرىمىزنى بىرلا دەپ بەرسەك چىڭ تۇتۇۋالىدىغان، بىرلا قىلىپ كۆرسىتىپ قويساق توغرا قىلالايدىغان كومپيۇتېر قىلىۋەتكۈمىز كېلىدۇ. بىزنىڭ بۇ قارىشىمىز ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

مەن ناھايىتى ئىقتىدارلىق بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنى تونۇيمەن، ئۇ 35 يېشىدا ئىككىنچى بالىسى پەرىزاتنى تۇغقان. ئۇ پەرىزاتنى ئۆزى بىر قوللۇق بېقىپ چوڭ قىلغان. ئۇ قىزىنى قاتتىق باشقۇرغان، ئۇ قىزىغا مەن بىر قېتىم ئۆگىتىپ قويغان گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتنى توپتوغرا ئىگىلىشىڭ كېرەك دېگەن تەلەپنى قويغان، ناۋادا قىزى يېگىلىشىپ

قالسا ئۇنى قولىغا ئۇرۇش، ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن جازالىغان. ئېسىمدە قېلىشىچە، قىزى مېڭىشقا باشلىغان چاغدا، باشقا بالىلارغا ئوخشاش يەردىكى ياغاچ، شېغىل، پارچە ـ پۇرات قەغەز دېگەندەك نەرسىلەرنى تېرىشكە ئامراق ئىدى، ئانىسى ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا قاتتىق كايىغان، ناۋادا كايىشلىرى كار كەلمىسە قىزىنىڭ قوللىرىغا ئۇرغان، «ئاشۇنداق مەينەت نەرسىلەرنى يەنە تېرەمسەن ـ يوق» دەپ قورقۇتقان. قىز باشتا تازا يىغلىغان، كېيىن يىغلىمىغان، ئاپىسى ئۆزىگە ئاشۇنداق مۇئامىلە قىلغاندا، ئۇ ئالدى بىلەن ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە قارىغان، ئاندىن يىغلىمىغان ھەم ئۆزىنىمۇ قاچۇرمىغان. ئەمما ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشتىن قىزارغان بولۇپ، چىرايىدىن چارىسىزلىك ۋە ئاغرىنىشقا بەرداشلىق بېرىش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. بەزىدە دوستۇمنىڭ قىلىقلىرى كۆزۈمگە سىغمىغاچقا ئۇنىڭغا: «ئۇنداق قىلما، بالا دېگەن قىزىققاق بولىدۇ، كۆپرەك نەرسىنى بىلىشكە قىزىقىدۇ، ئۇلارنى ئاغزىغا سالمىسىلا بولمىدىمۇ، باشقا بالىلارمۇ ھېچنېمە بولماي ئويناپ يۈرۈپتىغۇ» دېۋىدىم، دوستۇم ماڭا سەل خاپا بولۇپ: «ئۇ نەرسىلەر شۇنداق مەينەت تۇرسا، ئۇرماي قانداق قىلىمەن، ئۇرمىسام گېپىمنى ئاڭلىمىسا!» دەيدۇ. پەرىزات ناھايىتى ئەقىللىك ئىدى، كىچىككىدىنلا يالغۇز ئۇخلايتتى، تاماقنى ئۆزى يەيتتى، ئۆزى مۇستەقىل ئوينايتتى، ئانىسىغا يېپىشىۋالمايتتى، تېخى يەنە كىچىك چېغىدىلا ئۆزى تەرەتكە چىقالايتتى. باشقا ئانىلار دوستۇمدىن تەجرىبىسىنى سورىغاندا، ئۇ: «ناھايىتى ئاددىي، ناۋادا ئۇ ئىشتىنىغا سىيىپ قويسا، ھۆل ئىشتىنى بىلەن ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويىمەن، مۇشۇنداق قىلسام ئۇ تازا ئازابلىنىدۇ ـ دە، ئىككىنچىلەپ ئۇنداق قىلمايدۇ» دەيدۇ.

كېيىن باردى ـ كەلدى قىلىش داۋامىدا پەرىزاتنىڭ ئانىسى ماڭا قىزىمنى ئاشۇنداق قاتتىق باشقۇرۇشۇمدا سەۋەب بار: ئاتا ـ ئانام چوڭنى ياخشى باشقۇرمىدىڭ دەپ مېنىڭدىن ئاغرىنىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ مېنىڭدىن بۇنداق ئاغرىنىشى سەل ئوغامنى قايناتتى،

چوڭىنى تۇغقاندا ياش بولغانلىقىم ئۈچۈن ئانچە تەجرىبەم يوق ئىدى، ھەممە ئىشىمنى چوڭلار قىلىپ بېرەتتى، ئەمدى كىچىكىنى — پەرىزاتنى ئوبدان تەربىيەلەپ، ئاتا ـ ئانام ۋە مېنى بىر نېمىلەر دېگەنلەرگە ئۆزۈمنىڭ ئىقتىدارلىق ئىكەنلىكىمنى كۆرسىتىپ قويماقچىمەن.

پەرىزاتنىڭ ئانىسى شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك، ئادەم بىر نەرسىنى دوراش ۋە ئىختىيارسىز خاتالىق ئۆتكۈزۈش، ئىختىيارسىز سىناپ بېقىش ئارقىلىق ئۆگىنىۋالىدۇ. بىر بالا داۋاملىق سىناپ بېقىش داۋامىدا ھەرىكەت خۇشاللىقى ھاسىل قىلالايدۇ، روھىي ئەركىنلىك ھېس قىلالايدۇ، يۈرەكلىك ھالدا سىناپ بېقىپ، ئۆز ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ياخشى ئاتا ـ ئانا مۇلايىمغىنا پىسخىك ھالەت بىلەن بالىسىنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈشىگە يول قويىدۇ، بالىغا بىخەتەر كەيپىيات يارىتىپ بېرىدۇ ۋە ئۇنى قوللايدۇ. چۈنكى خاتالىق ئۆتكۈزۈشنىڭ ئۆزى سىناپ بېقىشتىن دېرەك بېرىدۇ، پەقەت داۋاملىق سىناپ باققاندىن كېيىنلا تەجرىبە ۋە توغرا نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار بۇ جەرياندا خىلمۇخىل مول ھېسسىياتقا ئىگە بولىدۇ، ئاخىرىدا ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىش، ئۆزىگە ئىشىنىش خۇشاللىقىغا نائىل بولىدۇ. ھالبۇكى، قاتتىق باشقۇرىدىغان، خاتالىق ئۆتكۈزۈشكە يول قويمايدىغان مۇھىتتا چوڭ بولغان بالا پەقەت ئوڭۇشسىزلىق، ئۆزىنى ئىنكار قىلىش ۋە يامان كۆرۈنۈشنىلا ھېس قىلىدۇ. بۇلار بالىنىڭ كەلگۈسى بەختىيار تۇرمۇشى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىنتايىن زور ئاپەت ھېسابلىنىدۇ.

بىيولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، زىيادە قاتتىق قول ئاتا ـ ئانىلار بالىنى روھىي جەھەتتىن بەك جىددىيلەشتۈرۈۋېتىدۇ ۋە قورقۇتۇۋېتىدۇ، ھالبۇكى، بۇ خىل قورقۇش چوڭ مېڭە ئاجرالمىسىدا بىر خىل كورترول دەيدىغان زىيانلىق ماددا پەيدا قىلىدۇ، يۇقىرى قويۇقلۇقتىكى كورترول ئادەم بەدىنىگە ئىنتايىن زىيانلىق. مەسىلەن، كورتىزول سەقەنقۇر تەنچىسىنى

زەخىملەندۈرىدۇ، ھالبۇكى، سەقەتقۇر تەنچىسى ئىنسانلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە ئەستە تۇتۇشىنىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يۇقىرى مىقداردىكى كورتىزول ئادەم تېنىدىكى دوپامىنىنىڭ ئاجرىلىشىنى ئازايتىۋېتىدۇ، ۋاھالەنكى، دوپامىن ئادەمدە خۇشاللىق سېزىمى پەيدا قىلىدىغان بىيولوگىيەلىك ئاساسىدۇر. ئاشۇ كىچىككىدىن باشلاپلا قاتتىق تەربىيە ئاستىدا يېتىلگەن ئاشۇ بالىلار ھەمىشە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ «تەلىپى» بويىچە ئىش قىلغاچقا، خاتالىق ئۆتكۈزۈش ئەركىنلىكى بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن تەدرىجىي خۇشاللىقنى يوقىتىپ، خۇشال بولالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

قەدىرلىك ئاتا ـ ئانىلار، بالىلار سىناپ كۆرمىسە قانداق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ، ناۋادا بىز ئۇلارغا پۇرسەت بەرمىسەك ئۇلار قانداقمۇ سىناپ كۆرىدۇ؟ بالىلارغا خاتالىق ئۆتكۈزۈش پۇرسىتى بېرەيلى، موشۇنداق قىلساق بالىلارنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتقا بولغان ئەڭ دەسلەپكى، ئەڭ قىممەتلىك قىزىقىشقا كاپالەتلىك قىلالايمىز. بالىلارنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈشىدىن قورقمايلى، چۈنكى بالىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، خاتالىقنىڭ نەتىجىسى مۇھىم ئەمەس، ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى سىناپ كۆرۈش ۋە ئىزدىنىش روھىدىن ئىبارەت. بالىلىرىمىزنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈشىنى سىناپ بېقىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئېرىشمەكچى بولغان تۇرمۇشىغا ئېرىشكىلى قويايلى.

## 5. ھېكايە ـ چۆچەك ئېيتىپ بېرىش ئارقىلىق بالىلارنى ئەقىللىك ۋە بەختلىك قىلغىلى بولىدۇ

مەن ئالدى بىلەن ئاتا ـ ئانىلارغا ئىككى ھېكايە سۆزلەپ بېرەي:

بىرىنچى ھېكايە: رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمكى ھىندىستان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىلەن جۇڭگو ئارىلىقىدا ساسانىيلار دېگەن بىر خانلىق بولۇپ، پادىشاھىنىڭ ئىسمى شەھرىيار ئىكەن. خانىش ئالا كۆڭۈل بولغاچقا پادىشاھ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، شۇندىن كېيىن ئۇ كۈندە بىر قىزنى ئەمرىگە ئالىدىكەن، ئەتىسى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن، مۇشۇ تەرىقىدە ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ، پادىشاھ توپتوغرا مىڭ قىزنى ئەمرىگە ئېلىپ ئۆلتۈرۈپ بولۇپتۇ. باش ۋەزىرنىڭ قىزى شەھرىزات بىگۇناھ قىزلارنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز ئىختىيارى بويىچە پادىشاھىنىڭ ئەمرىگە ئۆتۈپتۇ. شەھرىزات ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن ھەر كۈنى ئاخشىمى پادىشاھقا بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرىپتۇ. ھېكايە تازا مۇھىم يېرىگە كەلگەندە تاڭ يورۇيدىكەن، پادىشاھ ھېكايىنى تولۇق ئاڭلاش ئۈچۈن شەھرىزاتنى ئۆلتۈرمەي، ئەتىسى كەچتە يەنە ھېكايە سۆزلىتىدىكەن، ئۇنىڭ ھېكايىسىنىڭ بىردىن بىرى قىزىق ئىكەن، شەھرىزات ھېكايىسىنى مىڭ بىر كېچە ئېيتىپ پادىشاھنى تەسىرلەندۈرۈپتۇ. پادىشاھ: «خۇدانىڭ ھەققىدە قەسەم قىلىمەنكى، مەن سېنى ئۆلتۈرمەيمەن، ھېكايەڭ مېنى تەسىرلەندۈردى، مەن بۇ ھېكايىلەرنى خاتىرىلىۋېلىپ، مەڭگۈ ساقلايمەن» دەپتۇ شەھرىزاتقا. شۇنىڭ بىلەن «مىڭ بىر كېچە» دېگەن كىتاب دۇنياغا كەلگەنىكەن.

ئىككىنچى ھېكايە: بىر ئانا توققۇز ياشقا كىرگەن پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارلىق ئوغلىنى ئېينىشتېيننىڭ يېنىغا باشلاپ بېرىپ، پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلغان بۇ كەشپىياتچىدىن قانداق قىلغاندا ئوغلىنىڭ ماتېماتىكا نەتىجىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى، كەلگۈسىدە ئېينىشتېينغا ئوخشاش كاتتا ئالىم قىلىپ چىققىلى بولىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. ئېينىشتېين: «بالىڭىزنى ئەقىللىق قىلماقچى بولسىڭىز، ئۇنىڭغا ھېكايە - چۆچەك ئېيتىپ بېرىڭ؛ ناۋادا سىز ئۇنى ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە قىلماقچى بولسىڭىز، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ ھېكايە - چۆچەك ئېيتىپ بېرىڭ» دەپتۇ.

يۇقىرىدىكى ئىككى ھېكايە بىزگە ھېكايە - چۆچەكنىڭ

قانچىلىك سېھرىي كۈچى بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ: ھالقىلىق پەيتتە جاننى قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ، يەنە تېخى بىر ئادەمنى تېخىمۇ ئەقىللىق قىلالايدۇ. مېنىڭ بۇ ئىككى مىسالنى كەلتۈرۈشۈمدىكى مەقسىتىم، ھېكايە ـ چۆچەك ئېيتىشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت، لېكىن «مىڭ بىر كېچە» دەك ھېكايىلەرنى بالىلارغا ئېيتىپ بەرگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

«سىز بالىڭىزغا ھېكايە ـ چۆچەك ئېيتىپ بېرەمسىز؟» مەن ئەتراپىمدىكى ئانىلاردىن شۇنداق دەپ سورىغاندا، كۆپ قىسىم ئانىلار ئېيتىپ بەرمەيدىغانلىقىنى، پەقەت بەزىدە ۋاقتى چىقىپ قالسا ھېكايە ـ چۆچەك كىتاب ئوقۇپ بېرىدىغانلىقىنى يەنە «كۈندە بەكلا ھېرىپ كېتىمىز ھەم ئىشقا بارىمىز، ھەم بالىغا قارايمىز، ھېكايە ئېيتىدىغانغا نەدە چولىمىز» دېيىشتى. ئەمما بەزى ئانىلار: «ھېكايە ـ چۆچەك ئېيتىش؟ ھېكايە ـ چۆچەك ئېيتىش شۇنچە تەس ئىشمۇ؟ خىيالىغا كەلگەن بىرنېمىلەرنى دېيىش، ئۇچار قانات، ھايۋانلار توغرىسىدا يالغان ـ ياۋىداق بىرنېمىلەرنى توقۇش ئاسان گەپقۇ» دېيىشتى.



مەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ سەمىگە چىن كۆڭلۈمدىن شۇنى سالماقچىمەن: بالىلىرىمىزغا ھېكايە ـ چۆچەك سۆزلەپ بېرەيلى، بالىلىرىمىز قانچە كىچىك بولۇپ، ئاڭلىغان ھېكايە ـ چۆچىكى شۇنچە كۆپ بولسا، ئۇلارنىڭ چوڭ مېڭىسى ۋە روھىي جەھەتتىن يېتىلىشىگە شۇنچە كۆپ پايدىسى بولىدۇ.

ھېكايە ـ چۆچەكلەرگە ئىنسانلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى مۇجەسسەملەنگەن، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ رىۋايەت ـ چۆچەكلىرى، نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى، ھېسام قاتارلىق چاقچاقچىلارنىڭ چاقچاقلىرى؛ دۇنياغا داڭلىق گرىم، ئاندېرسون چۆچەكلىرى، يۇنان ئەپسانىلىرى قاتارلىقلار ئىنسانلار ئاڭ تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي خاتىرىسىدۇر. نۇرغۇن ھېكايە ـ چۆچەكلەر ئالايلۇق، داستان، ئەپسانە، ئېپوس قاتارلىقلار يېزىق پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن ئاغزاكى تارقالغان، شۇڭا «ھېكايە ـ چۆچەك ئېيتىش» تارىخى ساقلاپ

www.uyghurkitap.com

قىلىش ۋە تەجرىبىلەرنى يەتكۈزۈشنىڭ بىرخىل ئۇسۇلىدۇر. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا «ھېكايە ـ چۆچەك ئېيتىپ بېرىش» جەريانىدا بالىلارغا تەجرىبە يەتكۈزۈپ، بالىلار ئەقىل ـ پاراسەتنى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ھېكايە ـ چۆچەك ئاڭلاش داۋامىدا ئىھاملىنىدۇ، زېھنى ئېچىلىدۇ.

بالىلار جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام چوڭ بولۇش ئۈچۈن مۇۋاپىق روھىي ئوزۇقلۇققا ئېھتىياجلىق بولغىنىغا ئوخشاش، روھىي جەھەتتىن ساغلام چوڭ بولۇش ئۈچۈنمۇ مۇۋاپىق ئوزۇقلۇققا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. ھېكايە ـ چۆچەكلەردىكى مەيلى ئادەم ياكى ھايۋانلار ۋە ياكى ئۆسۈملۈكلەر بولسۇن جانلىق ـ تىرىك نەرسىلەردۇر؛ ھېكايە ـ چۆچەك سۆزلەيدىغانلارمۇ ھايات، ھېسسىياتلىق ئادەملەر بولۇپ، ھېكايە ـ چۆچەكلەر خۇددى ئانا سۈتىدەك بالىلارنىڭ جىسمى ۋە روھىغا سىڭىپ كىرىدۇ، ئانىلارنىڭ ھارارىتىدەك ئۇلارنىڭ جىسمى ۋە روھىنى ئىللىتىدۇ، ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھېكايە ـ چۆچەكلەر بالىلارنىڭ «ئىچكى دۇنياسى»نى بېيىتىدۇ، ئىنسانلارنىڭ ھېكايە ـ چۆچەكلەردە ئىپادىلەنگەن ئەقىل ـ پاراسىتى بالىلارنىڭ گۆدەك قەلبىنى ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن سۇغۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە ئەقىل ـ پاراسەت قوشۇپلا قالماستىن، بەلكى بالىلاردا تۇرمۇشقا بولغان كۈچلۈك غايە ۋە ئۈمىد پەيدا قىلىدۇ؛ تېخىمۇ مۇھىمى بالىلارنى بىز ئاپىرىدە بولغان بۇ دۇنيادا بىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان نۇرغۇن سىناق ـ ئىزدىنىش جەريانلىرى ساقلىنىماقتا دېگەن تونۇشقا ئىگە قىلىدۇ.

بىز تۆت قېرىنداش ھەر يىلى ئۆيگە جەم بولغىنىمىزدا، كىچىكىمىزدىكى كۆڭۈللۈك ئىشلار توغرىسىدا پاراڭلىشىمىز، ئەمما ھەر بىرىمىزنىڭ ئېسىگە كەلگەن ئىشلار ئوخشىمايتتى، لېكىن بوۋىمىزنىڭ بىزگە تارىخىي ۋەقەلەر، قىزىقارلىق ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئىشقا بولغان ھېسسىياتىمىز ئوخشاش ئىدى، شۇنداقلا بۇ ئىشنى ئەڭ بەختلىك ۋە خۇشاللىق

ئىش دەپ قارايتتۇق. ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىز بۇۋامنى خۇشال قىلىشقا تىرىشاتتۇق، بۇۋام بىزگە «ئەلى بابا ۋە قىرىق قاراقچى»، «ئالائىددىن بىلەن سېرلىق چىراغ»، «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى» قاتارلىقلارنى ئېيتىپ بېرەتتى. بۇلارنى كۆندە بىر قېتىم ئاڭلاپ، شۇنداق خۇشال بولاتتۇق. بۇ ھېكايە ـ لەتىپىلەر ئاجايىپ سېھىرىي كۆچكە ئىگە بولۇپ، بىزنى جەلپ قىلىۋالاتتى، بىز بىزنىڭمۇ ئاشۇنداق كەچۈرمىشلىرىمىز بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلاتتۇق، ئۆزىمىزنىڭمۇ «سېرلىق چىراغ»ى بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلاتتۇق. ئاڭلاپ قانائەتلەنمىگەندە بۇ ھېكايە ـ لەتىپىلەرنى ئۆزىمىز باشقىچە ئاخىرلاشتۇراتتۇق. بۇ ھېكايە ـ لەتىپىلەر ھەقىقەتەن بالىلارنىڭ ئۆزگىچە تەسەۋۋۇرىنى قوزغايتتى، كېيىن تەسەۋۋۇرۇمنىڭ بۇۋام ئېيتىپ بەرگەن ئاشۇ ھېكايە ـ لەتىپىلەردىن كەلگەنلىكىنى پەملىدىم.

ھېكايە ئېيتىش يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئىنتايىن ئىناق بولغان ئاتا ـ بالىلىق مۇناسىۋەت يېتىلدۈرىدۇ. بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىمىزغا ھېكايە ـ چۆچەك ئېيتىپ بېرىدىغانغا ۋاقتىمىز بولمىغاچقا ئۇلارغا ھېكايە ـ چۆچەك لېنتىسى ياكى دىسكىسى ئېلىپ بەرسەك ياكى تېلېۋىزوردىن قونچاق فىلىملارنى كۆرسە بولمامدىمۇ؟ دېيىشىدۇ. بۇ جەھەتتە مەن ئۇلارغا «بۇ ئانا بالا ئىمىتكەن بىلەن ئوخشاش ئاددىي. دۇنيادىكى ھەرقانداق ئوزۇقلۇق، شۇنداقلا ئەڭ ئېسىل سۈت پاراشوكىمۇ ئانا سۈتىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئاتا ـ ئانا ئاۋازىنىڭ ئورنىنى ھەرقانداق ئاۋاز باسالمايدۇ. بالا دېگەن جانلىق نەرسە، شۇڭا ئۇ ئۆزىگە جانلىق نەرسىنىڭ ھەمراھ بولۇشىغا موھتاج. ئاتا ـ ئانا ۋاقىت چىقىرىپ بالىسىغا ھېكايە ـ چۆچەك ئېيتىپ بەرسە، بالا ئۇلاردىكى ھارارەتنى ھېس قىلالايدۇ، ئۇلارنىڭ تېنىدىن چىقىۋاتقان پۇراقنى پۇرىيالايدۇ، ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالايدۇ، بۇ چاغدىكى بالا يالغۇز ھېكايە ـ چۆچەك ئاڭلاپلا قالماستىن، بەلكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ھېس قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئۆزىگە ئامراق ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ ئانىسى بىلەن چوڭ بولغانسېرى يېقىنلىشىدۇ، بارغانسېرى گەپ ئاڭلايدىغان بولىدۇ.

پىسخولوگلار تور ئارقىلىق «كىچىككىمىزدىكى ئەسلىمىلىرىمىز ئىچىدە، نېمە ئەڭ بەختلىك تۇيۇلغان» دېگەن تېمىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، بۇ تەكشۈرۈشكە قاتناشقان 3400 دىن ئارتۇق كىشى ئىچىدە 74.6 % كىشى «كىچىككىمدە دادام ياكى ئانامنىڭ تىزىدا ئولتۇرۇپ دادام ياكى ئانام ئېيتىپ بەرگەن ھېكايە ـ چۆچەك ئاڭلىغان ۋاقتىمنى ئەڭ بەختلىق ۋاقتىم دەپ قارايمەن» دېگەن تۇرنى تاللىغان. بۇ تاللاش نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىنى ھەيران قالدۇرغان. ئۇلار بالىمىز چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنى بەختلىك سىزىدىغان ئامىل ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۇلارغا ئەتراپلىق كۆڭۈل بۆلۈش ـ بۆلمەسلىكىگە، ئۇلارنىڭ تۇرلۇك تەلەپلىرىنى ئىمكانقەدەر قاندۇرغان ـ قاندۇرمىغانلىقىغا، ئۇلارغا ياخشى ماددىي مۇھىت يارىتىپ بەرگەن ـ بەرمىگەنلىكىگە باغلىق دەپ قاراشقان، تاللاش نەتىجىسىنىڭ مۇشۇنداق بىر كونكرېت كىچىك ئىش بولۇپ چىقىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈشمىگەن.

«بايلىق» ژۇرنىلىمۇ بۇ جەھەتتە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، ئۇلار كىشىلەر قەلبىدە «مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەرباب»لارنى تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلغان. تەكشۈرۈش نەتىجىسى بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ـ قازىنالماسلىقى ئۇنىڭ كىچىكىدە قانچىلىك ئويۇنچۇقى بارلىقى، قانچىلىك چىرايلىق كىيىم كىيگەنلىكى، قانداق ئېسىل نازۇنېمەتلەرنى يېگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا ھەر كۈنى بىرەيلەن ھەمراھ بولۇپ، ھېكايە ـ چۆچەك ئېيتىپ بېرىپ ئۇخلىتىپ قويغىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان.

ئەينى چاغدا ئەتراپىمدىكى ئانىلارنىڭ بۇ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، بۇنىڭغا تازا قايىل بولمىغانلىقى ئېنىق ئىدى، ھەتتا بەزىلىرى: «سىلەرنىڭ بۇنداق تەربىيەلەش ئۇسۇلۇڭلار ئىنچىكە

بولۇپ كەتتىمۇ نېمە، بالا دېگەنگىچۇ ئۆنچە ئىنچىكە بولۇپ كەتمىگۈلۈك، ئۆنچە ئىنچىكە بولۇپ كەتكەننىڭ نېمە پايدىسى؟ بالىسىنى ئاشۇنداق ئىنچىكە تەربىيىلىگەنلەرنىڭ بالىلىرىنىڭ ئالىم بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرمىدۇقمۇ! ئەكسىچە ئىنچىكە تەربىيىلىگەن بالىلارنىڭچۇ نېرۋىسىدا مەسىلە كۆپ بولىدۇ. بىزنىڭ بالىلىرىمىزغا قاراپ بېقىڭلارچۇ، نېرۋىسىدا ھېچقانداق مەسىلە يوق، بىر ئوبدان يۈرمەمدۇ!» دېيىشتى. مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم ۋە ناھايىتى ئازابلاندىم. ئۇلارنى قايىل قىلالمىدىم، لېكىن مەن ئۇلارنى بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن نېمىنىڭ ئەڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا چامامنىڭ يېتىشىچە قايىل قىلىشقا تىرىشتىم. ئەۋلادلىرىمىز مەيلى كېيىن جەھەتتە بولسۇن ياكى كېيىنكى شەرت - شارائىت جەھەتتە بولسۇن كەلگۈسىدە تېخىمۇ ياخشى قىلىشى مۇمكىن، بىز ئاتا - ئانا تۇرۇقلۇق بالىمىزنى نېمىشقا تېخىمۇ ياخشى تەربىيىلىمەيمىز، بالىلىرىمىزنى تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلدۇرمايمىز؟ بىز قەدىمىي ھەم مول مىللىي مەدەنىيەت ۋە ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە مىللەت، بىز نېمىشقا بۇ ئارقىلىق بالىلىرىمىزنى يارامىلىق قىلىپ تەربىيىلەپ، ئۇلارنى تېخىمۇ كۆپ ساغلام ئوزۇقلۇققا ئىگە قىلمايمىز؟ مىللىي مەدەنىيەت تىندۇرمىمىز ۋە ئەنئەنىمىز، بالىلىرىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت جەھەتتە تەربىيىلىنىشىدە يالغۇز مەكتەپكىلا تايىنىشقا بولمايدۇ، بۇ جەھەتتە تېخىمۇ مۇھىمى ئاتا - ئانىغا تايىنىشىمىز، ئاتا - ئانىلارغا تايىنىش بالىلارغا كىچىكىدىنلا ئائىلە تەربىيەسى بېرىش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بالىلارنىڭ پەرقى بالىلارنىڭ قانداق ئەقىل - ئىدراككا ئىگە بولۇش جەھەتتە ئىپادىلەنمەستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ قانداق ئاتا - ئانىسى بارلىقى جەھەتتە، ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى قانداق ئىدىيە بىلەن تەربىيىلىشى ۋە يېتەكلىشى جەھەتتە پەرقلىنىدۇ.

بىر ئۆلىما: «ئىقتىساد بىر دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزالايدۇ، ھەربىي بىر دۆلەتنى كۈچەيتەلەيدۇ، پەقەت مەدەنىيەتلا بىر دۆلەتنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com



ئۇلۇغ قىلالايدۇ» دەيدۇ. مىللەتنى ئۆزگەرتىشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئىش. «پەقەت مىللىي مائارىپ، مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغاندىلا، كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزغا تېخىمۇ تەرەققىي قىلىش بوشلۇقى ياراتقىلى بولىدۇ، يەنى ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرغاندىلا دۆلەتنىڭ مەدەنىيىتىگە شان ـ شەرەپ كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىمىزغا ھېكايە ـ چۆچەك ئېيتىپ بېرەيلى، بىز بالىلىرىمىزغا كۆڭۈل قويۇپ ھېكايە ـ چۆچەك ئېيتىپ بەرگىنىمىزدە، بالىمىزنىڭ بىلىمگە تەشنالىقىنى، ئەقىل ـ پاراسەتلىك كۆزلىرىنىڭ چاقناپ تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز.

## 6. يەسلى ــ بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى



ئەتراپىڭىزدىكى بالىلار ئۈچ يېشىدا يەسلىگە بارامدۇ؟ مەن ئالدىنقى ئىككى يىلدا شىنجاڭغا بارغىنىمدا، نۇرغۇن بالىلارنىڭ يەسلىگە بارمايدىغانلىقىنى كۆردۇم. بۇنىڭ سەۋەبى ــ بالىغا بوۋىسى بىلەن مومىسى قارىماقچى بولغانلىقى، بەزى ئائىلىلەردە ئىككى بالا بولغاچقا ئۇلار بىر ـ بىرىگە ھەمراھ بولۇپ ئوينىسا بولىدۇ، يەسلىگە بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارىغانلىقى، يەنە بەزى جايلاردا مۇۋاپىق يەسلىنىڭ بولمىغانلىقىدىن ئىبارەت.

بالىلار تىنچ ـ ئامان تۇغۇلۇپ، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلسىلا ئاتا ـ ئانا بۇنىڭدىن تولىمۇ رازى بولۇپ، ئاتا ـ ئانىلىق بۇرچۇمنى چامىمنىڭ يېتىشىچە ئادا قىلدىم دەپ قارايدۇ. لېكىن بالىنىڭ مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇنقى تەربىيەسىگە سەل قارايدۇ. بالىغا بولغان ئالتە ياشتىن بۇرۇنقى تەربىيەنى ئاتا ـ ئانىسى ياكى بوۋىسى ـ مومىسى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ، ھەتتا نۇرغۇن پېشقەدەملەرنىڭ نەزىرىدە بالىنى يەسلىگە بېرىش ئۇلارغا بولغان مەسئۇلىيەتسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بالىلىرىمىزنىڭ مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇنقى تەربىيەسى «تەبىئىي ھالەت»تە ئېلىپ بېرىلماقتا. مائارىپ قانۇنىيىتىنى، شۇنداقلا بالىلارغا قانداق ئىلمىي ئائىلە تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلىنى بىلىدىغان ئاتا ـ ئانا كۆپ بولمىغاچقا، بالىلار يەسلىگە كىرىشتىن بۇرۇن كۆپ ساندىكى ئائىلىلەر بالىلارغا بولغان «دەسلەپكى تەربىيە» بالىلارغا ئەتراپلىق كۆڭۈل بۆلۈش، بالىلار بىلەن ئەدەتتىكىدەك پاراڭلىشىش ياكى بالىلارنى پۇخادىن چىققۇچە ئوينىغىلى قويۇش بىلەنلا كۇپايىلەنمەكتە. بۇنداق قىلىش خاتا بولمىسىمۇ، لېكىن بالىلار جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى ۋە پىشىپ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ، تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ مول، تېخىمۇ رەڭدار بوشلۇقنى ھېس قىلىشقا، ئۆگىنىشكە، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ۋە يۈكسەلدۈرۈشكە موھتاج بولىدۇ.

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن باشلاپ شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلۇش، ئىشسىز قېلىش قاتارلىق تۈرلۈك ئىجتىمائىي بېسىمغا دۇچ كەلدى، بۇنىڭدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەبى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ۋە ئىشسىز قالغانلارنىڭ ئالىي مائارىپ تەربىيەسى كۆرمىگەنلىكى، ئۆز ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە سەل قارىغانلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، بىر قىسىم ئائىلىلەر بالىلىرىنى باشلامچى بولۇپ يەسلىگە ئاپىرىپ بېرىپ، بالىلىرىنى دەسلەپكى مائارىپ تەربىيەسىگە ئىگە قىلدى. ئۈچ يىل دەسلەپكى مائارىپ تەربىيەسى كۆرمىگەن بالىلارنىڭ ھەر خىل يوشۇرۇن ئىقتىدارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېڭى شەيئىلەرنى پەرقلەندۈرۈش ۋە قوبۇل قىلىش، شۇنداقلا ھەمراھلىرى بىلەن ھەمكارلىشىش قاتارلىق جەھەتلەردە نىسپىي ئاجىز بولىدىغانلىقىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى. ئۈچ يىل دەسلەپكى مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەن بالىلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتى، يېڭى شەيئىلەرنى قوبۇل قىلىش جەھەتتىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولىدىكەن.

ئۇنداقتا بىز يەسلى تەربىيەسىنىڭ بالىلارنىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى تەرەققىياتىدا زادى قانداق رول ئوينايدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، بىز دەۋاتقان دەسلەپكى تەربىيە يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلىق مەزگىلى (0 — 3 ئايغىچە)، بوۋاقنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى (3 — 12 ئايغىچە)، گۆدەكلىك مەزگىلى (1 — 3 ياشقىچە) ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن مەزگىلدىن (3 — 6 ياشقىچە) ئىبارەت تۆت باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. ئوخشىمىغان مەزگىلدە بالىلارنىڭ جىسمانىي، ئەقلىي، پىسخىك تەرەققىياتى ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىك ۋە قانۇنىيەتكە ئىگە بولىدۇ. دەسلەپكى تەربىيەدە ھەربىر باسقۇچتىكى ئالاھىدىلىك ۋە قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىشىمىز، بالىلارنى ئەڭ مۇۋاپىق يېتەكلىشىمىز ۋە يۇكسەلدۈرۈشىمىز لازىم.

بالىلار ئۈچۈن دەسلەپكى تەربىيە ئىنتايىن مۇھىم، ئىلمىي تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئادەمنىڭ 0 — 3 ياشقىچە بولغان مەزگىلدە ئەڭ تېز تەرەققىي قىلىدىغان ئەزاسى چوڭ مېڭىسىدۇر، يېڭى تۇغۇلغان بالىنىڭ چوڭ مېڭە ھەجمى چوڭ ئادەم مېڭە ھەجمىنىڭ % 50 تىگە توغرا كېلىدۇ، ئەتراپىدىكى سىرتقى ئامىلنىڭ غىدىقلىشىنىڭ ئۈزۈكسىز ئېشىشىغا ئەگىشىپ، بالىلار چوڭ مېڭىسىنىڭ ئېغىرلىقى ۋە ھەجمى ئىنتايىن تېز ئاشىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نېرۋا سىستېمىسى يېتىلىش ئاساسىدا، بىر ئادەمنىڭ ئۆگىنىش ئىقتىدارىنىڭ % 50 ى 0 — 6 ياشقىچە بولغان مەزگىلدە تەرەققىي قىلغان بولىدۇ. ئالايلۇق، 0 — 1ياشقىچە بولغان ۋاقىت بالىلارنىڭ ئاۋازنى پەرقلەندۈرۈشىنىڭ ھالقىلىق مەزگىلى، 0— 2 ياشقىچە بولغان ۋاقىت ھەرىكەتنى تەرەققىي قىلىدىغان ھالقىلىق مەزگىلى، 1— 3 ياشقىچە بولغان مەزگىل تىل ۋە مۇزىكا ئىقتىدارى تەرەققىي قىلىدىغان ھالقىلىق مەزگىلى، 2 — 4 ياشقىچە بولغان مەزگىل ھېسابلاش ئىقتىدارى تەرەققىي قىلىدىغان ھالقىلىق مەزگىلى، 4— 6 ياشقىچە بولغان مەزگىل ياخشى ئادەت يېتىلدۈرىدىغان، مەدەنىيەت تەربىيەسى قوبۇل

قىلىدىغان ھالقىلىق مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ. بالا ھاياتىنىڭ ئالدىنقى ئالتە يىلىدا پۈتۈن ھاياتىدا ئېرىشكەن % 60 ئەتراپىدىكى ئەقلىي ئىقتىدارغا ئېرىشىدۇ، شۇڭا ناۋادا بۇ مەزگىلدە بالىغا مۇۋاپىق ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە تەربىيەلىنىش مۇھىتى يارىتىپ بېرىشىمىز زۆرۈر، بۇ مۇھىت ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى ئىقتىدارى، ئەقلىي قابىلىيىتى، ئەخلاق ـ پەزىلىتى، مىجەزى قاتارلىقلارنىڭ تەرەققىياتىغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ.

شۇڭا ئۈچ ياشلىق بالا ئۈچۈن يەسلى ئۇلارنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىنىڭ ئەڭ مۇھىم سورۇنى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، تاشقى شارائىتتىن ئېيتقاندا: يەسلىنىڭ راھەت ـ يېقىملىق مۇھىتى، مەزمۇنلۇق ۋە قىزىقارلىق ئوقۇتۇشى، شۇنداقلا ئويۇنلىرى، بىللە ئوينايدىغان دوستلىرى، مېھرىبان ـ كۆيۈمچان ئوقۇتقۇچىلىرى، خۇددى چوڭ ئائىلىنىڭكىدەك ئىللىق مۇھىتى بالىلارغا كەڭ قورساق بولۇش، ئەدەپ ـ قائىدە، تەڭ بەھرىمەن بولۇش قاتارلىقلارنى ئۆگىتىدۇ.

يەسلى 3 ـــ 6 ياشقىچە بولغان بالىلارنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ ئېچىلغان. بالىلارنى ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي ۋە گۈزەللىك جەھەتتىن ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش مائارىپى بالىلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا، شۇنداقلا باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىشكە ئاساس سېلىشقا پايدىلىقتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەش جەھەتتىكى يۈكىنى يېنىكلىتىپ، ئۇلارغا خاتىرجەم ھالدا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش، خىزمەت قىلىش، ئۆگىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدۇ، يەنە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەسلىنىڭ ئىلمىي، سىستېمىلاشقان ۋە پىلانلىق تەربىيە نىشانى بولۇپ، بالىلارغا تۇرمۇش، تازىلىق ئادىتى، تەنتەربىيە ھەرىكىتى، ئىدىيەۋى ئەخلاق، تىل، باشلانغۇچ ساۋات، ھېساب، مۇزىكا ۋە گۈزەل سەنئەت قاتارلىق بىرنەچچە جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق سەھنە ھازىرلاپ بېرىدۇ. ئەڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



مۇھىمى، بالىلارنى يەسلىگە بېرىش ئۇلارنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىدىن كوللېكتىپ تۇرمۇشقا قاراپ باسقان بىرىنچى قەدىمى، شۇنداقلا بالىلارنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىششتىكى ھالقىلىق بىرىنچى قەدىمى، تېخىمۇ مۇھىمى، كىشىلىك تۇرمۇشتا چوقۇم بېسىپ ئۆتىدىغان بىرىنچى قەدەم ھېسابلىنىدۇ. بۈگۈنكى جەمئىيەتتە ئىقتىساسلىقلار ئارىسىدا ئەقلىي ئىقتىدار رىقابىتىدىن باشقا، تېخىمۇ مۇھىمى ھېسسىيات بۆلۈنمىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىدە. خۇش مىجەز كىشىلەر تۇغما تەبىئىي ئەۋزەللىككە ئىگە. لېكىن ئېغىر - بېسىق، كەم سۆز كىشىلەرمۇ مەغلۇپ بولۇشى ناتايىن. مىجەز تۇغما بولىدۇ، لېكىن ئىقتىدار كېيىن يېتىلىدۇ. ھالبۇكى، يەسلى دەل بالىلارنىڭ دەسلەپكى ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم باغچا ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يەردە ئاتا - ئانىلارنىڭ سەمىگە شۇنى سېلىپ قويماقچىمەنكى، بالا يەسلىگە كىرگەندە، ئۇلار ئۆز تەلەپ - ئارزۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئىقتىدارنى ھازىرلىشى ئىنتايىن زۆرۈر. بۇ ئىقتىدارنى ئاتا - ئانىلار بالا يەسلىگە كىرىشتىن بۇرۇن يېتىلدۈرۈشى كېرەك.

نۇرغۇن ئاتا - ئانا بالىلار يەسلىدىكى مەزگىلدە تاماقنى ئۆزى يېيىش، ھاجەتخانىغا بېرىش، كىيىملىرىنى كىيىش قاتارلىق ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈشكە موھتاج دەپ قارايدۇ. لېكىن مېنىڭچە، ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلارنىڭ باشقىلارغا، ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئۆز تەلىپىنى ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشى ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاشۇ ياشتىكى بالىلار تاماقنى ئۆزى يېيىش، ئۆزى تەرەت قىلىش ئىقتىدارى جەھەتتە بەزى مەسىلىلەر مەۋجۇت، مېنىڭچە بۇ بەك چوڭ مەسىلە ئەمەس. چۈنكى يەسلى ياكى بالىلار باغچىسى سىنىپلىرىدىكى نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلاردا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەر مەۋجۇت، لېكىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بۇنىڭغا تولۇق ئىدىيەۋى تەييارلىقى بولغاچقا، بالىلارنىڭ بۇ خىل ئىشلىرىغا ياردەم بېرىدۇ. ھالبۇكى بۇ ياشتىكى بالىلارنىڭ دوراش

ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك. ئۆگىنىش خۇشياقىسىلا تېز ئۆگىنەلەيدۇ. شۇڭا بۇ باسقۇچتا بالىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئۆز تەلىپىنى ئىپادىلەش ئىقتىدارى ناھايىتى مۇھىمدۇر. ئائىلىۋىق، ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئۇنلۇك، ئېنىق ھالدا چاي ئىچىمەن، سىيىمەن، تويمىدىم دېگەنلەرنى دېيىشى كېرەك. ئومۇمەن، ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئۆز تەلىپىنى ئىپادىلىيەلىگەن بالىلار يەسلىگە ناھايىتى قىسقا ۋاقىتتىلا كۆنەلەيدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا تىل چىققاندىن كېيىن، ئۆيدە ئۇلارنىڭ «ئۆز تەلىپىنى ئىپادىلەش» ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە دىققەت قىلىشى، بالامنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنىمەن دەپ «ھىم» دەپ قويۇپلا گەپ قىلماي تۇرۇۋالماسلىقى، بالىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشى، ئۇنىڭ ئۆز تەلىپىنى ئىپادىلەش پۇرسىتىنى تارتىۋالماسلىقى لازىم. بۇنداق قىلىش بالىنىڭ يەسلى مۇھىتىغا كۆنۈشىگە مەلۇم توسالغۇلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. بالىلارنىڭ يەسلىگە كىرىش يېشى توشسا، ئوبيېكتىپ شارائىت يار بەرسە بالىلارنى يەسلىگە بېرىش كېرەك. بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى، بالىلارمۇ ئاتا ـ ئانىلىرىغا تېگىشلىك جاۋاب قايتۇرىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى، مۇشۇنداق شارائىت يارىتىپ بەرسەك، ئەۋلادلىرىمىز جەمئىيەتتە تېخىمۇ ئوبدان مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ.

195

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## سەككىزىنچى باب

# ئائىلە ــ بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى بۆشۈك

*مەزمۇنى:*

*1. مۇكەممەل ئائىلە بالىلارنى مۇكەممەل ھاياتقا ئېرىشتۈرەلەيدۇ*

*2. ئاتا مېھرىگە ئېرىشكەن بالىلاردا «كالتسىي» كەم بولمايدۇ*

*3. پاراڭلىشىش ـــ ئىناق ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسى*

*4. ئەۋلاد ھالقىغان تەلىم ـ تەربىيەنىڭ پايدا ـ زىيىنى*

*5. ئاجراشقاندا زەخمىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرەيلى*



## 1. مۇكەممەل ئائىلە بالىلارنى مۇكەممەل ھاياتقا ئېرىشتۈرەلەيدۇ

ئۆتكەن يىلى مەلۇم بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ بىر ئوغۇل بالىنى پىسخىك مەسلىھەت بېرىش مەركىزىمىزگە ئېلىپ كەلگىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە. بۇ بالا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋېدىكەن، ھەر كۈنى سىنىپىدىكى ئوغۇل ساۋاقداشلىرى بىلەن ئۇرۇشىدىكەن، ھەمىشە ئۆزىدىن چوڭ ساۋاقداشلىرىنى بېسىۋېلىپ ئۇرىدىكەن. ساۋاقداشلىرىمۇ ئۇنى ئاجرىتالمايدىكەن، مۇئەللىملا ئۇنى ئاجرىتالايدىكەن، بۇ بالا تولىمۇ جاھىل بولۇپ، ئۆزى ئۇرغان بالىدىن كەچۈرۈم سوراشقا قەتئىي ئۇنىمايدىكەن. مۇئەللىملەر بۇ بالىنىڭ خاپا بولۇپ

قىلىشىدىن قورقىدىكەن، ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلسە چىرايلىرى كۆكىرىپ كېتىدىكەن، ئەلپازىدىن ئادەمنىڭ ئىنتايىن قورققۇسى كېلىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، ھەرقايسى سىنىپلاردىكى بالىلار بۇ بالا بىلەن ئارىلىشىشنى خالىماس بولۇپ قاپتۇ، ئەمما مەكتەپ بۇ ئوقۇغۇچىنى مەكتەپتىن چېكىندۇرۇشكە قوشۇلمايدىكەن، شۇڭا مۇئەللىمى ئۇنى ئامالسىز پىسخىك تەربىيەلەش مەركىزىمىزگە ئېلىپ كەلگەنىكەن، مۇئەللىمىنىڭ بۇ بالىنىڭ ئائىلە مۇھىتى توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم تولىمۇ غەش بولدى، چۈنكى بۇ «تاشلىۋېتىلگەن» بالىلاردا دائىم كۆرۈلىدىغان ئەھۋاللار ئىدى. بۇ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئاجرىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ ئاپىسى بىلەن بىللە تۇرىدىكەن، لېكىن ئاپىسى يەنە ياتلىق بولغاندىن كېيىن، «ئۆگەي دادىسى» بۇ بالىنى ياقتۇرمايدىكەن، ئانىسىمۇ ئېرىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويماي دەپ، بالىنى يېزىدىكى مومىسىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويغانىكەن، ياشىنىپ قالغان مومىسى بالىغا قانداقمۇ ياخشى قارىيالىسۇن، مومىسى پەقەت ئۇنى ئۇرۇش ـ تىللاشنىلا بىلىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن بالا ھازىرقىدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان، ئاپىسىنىڭ بالىسى بىلەن كارى بولماسلىقى بالىنى «مەن تاشلىۋېتىلگەن بالىكەنمەن» دېگەن ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويغان، ئاپىسىنىڭ بۇنداق قىلىشى بالىسىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر جاراھەت پەيدا قىلغان. بۇنداق بالىلارغا بىزنىڭ ياردىمىمىز بىۋاسىتە رول ئوينىمايدۇ، ئەڭ مۇھىمى بىز ئاتا ـ ئانىلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ ماسلىششىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز، شۇنداقلا ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ بالىنىڭ پىسخىكىسى ۋە ھەرىكىتىنى تەڭشىشىمىز كېرەك، بىر بالا ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەرقانداق ئادەم بالىنىڭ قەلبىدىكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ .

بالىلار تەربىيەسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئائىلە تەربىيەسى تەلىم ـ تەربىيەنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇن ئاتا ـ ئانا مۇشۇ مۇھىم نۇقتىغا سەل قارىغانلىقتىن، بالىلاردا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەسىلە كۆرۈلسە ياكى نەتىجىسى تۆۋەنلەپ كەتسە، دىققەت ـ نەزىرىنى مەكتەپكە قارىتىپ، بۇنى مەكتەپنىڭ ياكى مۇئەللىمنىڭ مەسئۇلىيىتى دەپ قاراپ، ئائىلە تەربىيەسى كۈچىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك تەربىيە ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشىدۇ. ئەگەر بالىلارنى بىر مۇسابىقە ماشىنىسىغا ئوخشاتساق، ئۇنداقتا ئاتا ـ ئانىسى تەل بالىلارنى بۇ ماشىنىنىڭ تۆت پاي چاقىنىڭ تولۇق ئىكەنلىكىگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ، پەقەت تۆت پاي چاقى تەل بولغان ماشىنىلا ماڭالايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشىغان ئاتا ـ ئانىسى تولۇق بولغان، شۇنداقلا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى ئىناق ـ ئىجىل بولغان ئائىلىلەردىكى بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى تېز ھەم كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ، چۈنكى بۇ خىل ئائىلىنىڭ ــــ ماشىنىسىنىڭ تۆت پاي چاقى تەل بولغاندىن باشقا ئۇلارنىڭ ماسلىشىشمۇ ئىنتايىن ياخشى بولۇپ، ماشىنىنىڭ تېز مېڭىشىغا يول ھازىرلاپ بەرگەن. لېكىن ۋەيران بولغان بىر ئائىلىدىكى، بىر بويتاقنىڭ ئائىلىسىدىكى «تاشلاندۇق بالا» چاقى يوق مۇسابىقە ماشىنىسىغا ئوخشايدۇ، بۇ ماشىنا تېز مېڭىشتىن تۇگۇل، ھەتتا ئورنىدىن قوزغىلالمايدۇ.

ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان بىر ئوقۇغۇچۇمنىڭ دېيىشىچە، بىر بالا ئادەتتىكى ئەھۋالدا دەرستە بىراقلا چېكىنىپ كەتسە، تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلار بۇنىڭ ئۈچ خىل سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن. بىرىنچى سەۋەب، بالىنىڭ ئائىلىسىدە بىرەر مەسىلە چىققاچقا بالىغا دەرس خۇشياقماس بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن؛ ئىككىنچى سەۋەب، بالا مەكتەپتە بوزەك قىلىنىپلا قالماستىن، بوزەك قىلىنىش داۋاملىشىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن؛ ئۈچىنچى سەۋەب، ئوقۇغۇچىنىڭ سالامەتلىكىدە مەسىلە كۆرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. ئوقۇغۇچۇمنىڭ ئېيتىشىچە، مەكتەپلەردە ئادەتتە ئاشۇنداق «ئەسكى بالا» دەپ قارالغانلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىدىن، بالىغا قارايدىغان ئادەم بولمىغانلىقىدىن، بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى

ئاجرىشىپ كېتىپ، بالىنىڭ مۇكەممەل ئائىلىسى بولمىغانلىقتىن «ئەسكى بالا» دەپ قارىلىدىكەن.

بالىلارنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىگە نىسبەتەن ئائىلىنىڭ رولىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. پسىخولوگىيەدە، ئائىلە كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەر سىستېمىسىغا ئوخشاش كىچىك بىر سىستېما دەپ قارىلىدۇ. بۇ سىستېمىدا ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئېنېرگىيەسى بولىدۇ، ئەگەر ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى بولسا، بۇ ئائىلىنىڭ ئېنېرگىيەسى ئوڭ يۆنىلىشكە، پايدىلىق تەرەپكە قاراپ ھەرىكەتلىنىدۇ، بالا بۇنىڭدىن بىر خىل ھۇزۇر، ماسلىشىش ئېنېرگىيەسى سېزىدۇ، بۇ خىل پايدىلىق ئېنېرگىيە ۋە كەيپىياتنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆز قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، بارغانسېرى ساغلاملىشىدۇ ۋە ئىلگىرىلەيدۇ. ناۋادا ئەر ـ خوتۇن مۇناسىۋىتى ياخشى بولمىسا، بىر قاتار مۇناسىۋەت مەسىلىسى كېلىپ چىقىپ، بۇ ئائىلىدىكى ئېنېرگىيە توسالغۇغا ئۇچرايدۇ، ھەرىكەتلىنەلمەي توختاپ قالىدۇ. دېمەك، بالا مۇشۇنداق «سىستېمىسى بۇزۇلغان» ئائىلىدە ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرالمايلا قالماستىن، بەلكى ئائىلىسىنىڭ يامان تەسىرىدە بىر قاتار ساغلاملىق مەسىلىلىرىگە، ئىش ـ ھەرىكەت مەسىلىلىرىگە ياكى ئۆگىنىش مەسىلىلىرىگە دۇچ كېلىدۇ.

مەيلى ئۇلۇغ ئەربابلار، داھىيلار بولسۇن ياكى تالانتلىق ئالىملار بولسۇن، ھەممىسى ئائىلىسىنىڭ تەسىرى بىلەن شۇنداق بولالىغان، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بوۋاق ۋاقتىدىن باشلاپلا ئاتا ـ ئانىسى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان، چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۆز قابىلىيىتىنى شۇ دەرىجىدە جارى قىلدۇرغانىكى، ئەتراپىدىكى مۇھىت ۋە دۇنياغا تەسىر كۆچىنى كۆرسىتىپ، خۇشال ـ خۇرام، ساغلام، كۆڭۈللۈك تۇرمۇش كەچۈرگەن. بالا قانداق ئائىلىدە ياشىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئاتا ـ ئانىسى مۇناسىۋىتىنىڭ ماسلىشىشى ۋە ئۇنىڭغا قانداق كۆيۈنگەنلىكىگە باغلىق بولىدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار، سىلەرنىڭ باللىرىڭلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بېرىدىغان ئەڭ ياخشى، ئەڭ مۇۋاپىق ۋە ئەڭ قىممەتلىك سوۋغىتىڭلار. ئەمەلىيەتتە، ئۆزئارا ياخشى كۆرۈش، مېھرىبان بولۇش ۋە بىر - بىرىڭلارغا ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت.

مېنىڭ مۇنداق بىر خەۋەرنى ئوقۇغانلىقىم ھېلىمۇ ئېسىمدە، بۇ خەۋەردە مەملىكىتىمىزدىكى بىر مەشھۇر كارخانىچىنىڭ 60 ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزگەنلىكى يېزىلغان، مۇخبىر ئۇنىڭدىن:

— يەنە قانداق ئارزۇلىرىڭىز بار ؟ — دەپ سورىغان. كارخانىچى ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— بالىلىق چېغىمدا ئاتا مېھرىگە قانمىغانىدىم، ئەگەر بالىلىقىمغا قايتقىلى بولسا، ئاتا مېھرىگە قېنىۋېلىشنى ئويلايمەن — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ خەۋەرنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بۇزۇلدى، ئاتا مېھرى ھەر بىر بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئوڭايلا ئېرىشكىلى بولىدىغان نەرسە، دەرۋەقە، كەسپتە مۇشۇنداق مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەر، بۇ دۇنيادا 60 يىل ياشىغاندىن كېيىنمۇ، يەنىلا ئاتا مېھرىنى ئۇنتۇپ قالماي ئۇنى سېغىنىدۇ، بۇ نېمىدېگەن چوڭقۇر ئەپسۇسلىنىش - ھە ! بالىلارغا نىسبەتەن ئاتا - ئانىنىڭ مەسئۇلىيىتى كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكنى تەل قىلىپ بېرىشلا بولماستىن، ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىش، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇلارنى قانداق قىلىپ ئىللىق ئائىلىگە ئىگە قىلىپ، ئارماندا قالدۇرماسلىق ئۇلارنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ھېسابلىنىدۇ. ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلارغا بېرىدىغان ئەڭ ياخشى سوۋغىتى ئەر - خوتۇنلار بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈش، بىر ئىللىق ئائىلىنى ئورتاق بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت، شۇنداق بولغاندىلا بالىلار بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشەلەيدۇ، بالىلار مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىلا، ئاتا - ئانا ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ھېسابلىنىدۇ .

ئاتا - ئانا بىر ئائىلىنىڭ لايىھەلىگۈچىسى ۋە قۇرغۇچىسى، ئۇلار بالىلار ياشاۋاتقان ماكان بەختەرمۇ - يوق، كۆڭۈللۈكمۇ - يوق، ماددىي شارائىتى ياخشى بولغىنى بىلەن، ئائىلە ئەزالىرى

ئوتتۇرىسىدا مېھىر - مۇھەببەت بارمۇ - يوق، بالىلارغا ئېھتىياجلىق «ئوزۇقلۇق» بېرىلدىمۇ - يوق دېگەنلەرگە ئىگە بولۇشى لازىم . بىلىش كېرەككى، ماددىي باياشاتلىق بىلەن مەنىۋى غۇربەتچىلىكنى مەڭگۈ تولۇقلاپ كەتكىلى بولمايدۇ. بالىلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى قۇرغاقلىق، ئۇلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىدىكى ئەڭ زور ھەسرىتى ھېسابلىنىدۇ .

ئامېرىكا 1994 - يىلى كىشىلەرنى لەرزىگە سالىدىغان بىر پارچە تەتقىقات دوكلاتى تەييارلىغان، پۈتۈن مەملىكەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن 2130 نى تاللاپ سەۋىيە سىناش ئىمتىھانى ئالغان. نەتىجىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بارلىق سوئاللارغا توغرا جاۋاب بەرگەن 90% تىن يۇقىرى بالىنىڭ ئىچىدە ئاتا - ئانىسى بارلارنىڭ نىسبىتى 53% نى، بويتاق ئائىلىلەردىكى بالىلارنىڭ نىسبىتى 41% نى ئىگىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاتا - ئانىلىرى تەل ۋە ئائىلىسى بەختلىك بولۇپ، بالىلار ئۆزىگە ئىشىنىدىغان بولىسا، بۇلارنىڭ نىسبىتى دەرھال 83% گە يېتىدىكەن. مەيلى قانداقلا ئىرقتىكى بالا بولسۇن (قارا تەنلىك ، ئاق تەنلىك ، ئاسىيا پۇشتى قاتارلىقلار)، ئائىلىسىنىڭ بەختلىك بولغانلىقى ئۇلارنىڭ ئىپادىسىنىڭ ياخشى بولغانلىقىنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبى ئىكەن.

ئۇنداقتا، ئاتا - ئانىسى تەل، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى بولغان، تۇرمۇشى ئەركىن - ئازادە ئۆتكەن، مېھىر مۇھەببەت بىلەن تولغان مۇھىتتا چوڭ بولغان بالىلاردا قانداق ئىپادىلەر كۆرۈلىدۇ؟ بۇنداق بالىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ھازىرلانغان ئۆزىنىڭ ياش قۇرامىغا ماس كېلىدىغان ئالاھىدىلىك ۋە ھاياتىي كۈچىنى، باشقىلارغا سەمىمىي ھەم تولۇپ تاشقان مېھىر - مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى، ئاتا - ئانىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغاندا كۆڭلىدىكىنى ئەركىن - ئازادە ئىزھار قىلالايدىغانلىقى ۋە كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدىغانلىقى، غەزەپلەنگەندىمۇ، تەشۋىشلەنگەندىمۇ ۋە ئازابلانغاندىمۇ مەقسەت - مۇددىئاسىنى مۇۋاپىق ئىپادىلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىر ـ بىرىدىن ئايرىلماس زىچ مۇناسىۋەتتە تۇرىدىغان ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئۆز ئارا تەسىرى ۋە ئۆزئارا ئاكتىپ ياكى پاسسىپ تەسىرلىرىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. شۇڭا، ئائىلىدىكى ئەر ـ ئايال بىرلىكىنىڭ ئىناقلىقى ۋە ئۇلارنىڭ

بىر ـ بىرىدىن ئايرىلماسلىقى ھەم بىرلەشمەكچى بولغان دىققەت ـ ئېتىبارغا ئېرىشەلەيدىغانلىقى جەھەتلەردىن بايقايسىز. چۈنكى بۇنداق ئائىلە مۇھىتىدىكى ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدا ئەركىن ـ ئازادە ھالدا مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە كۆيۈنۈش ئەركىن ـ ئازادە ھالدا ئىپادىلىنىدۇ، زورۇر تېپىلغاندا ئۇلار خۇددى سىرداش دوستلاردەك بەھۇزۇر پاراڭلىشىدۇ. ئائىلىدىكىلەر تېنى ساغلام، ئىپادىسى ئوچۇق ـ مۇلايىم، ئۆزئارا بابباراۋەر، سەمىمىي ـ راستچىل بولىدۇ، مۇھىمى، بۇ ئائىلىدە مەيلى كىم بولسۇن بىرەر مەسىلىگە يولۇقسا ، ئەڭ مۇۋاپىق ھالدا ھەل قىلىنىدۇ.

ئادەم مەيلى قەيەردە ياشىسۇن مەنىۋى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھەممىمىز ئۆيگە قايتىدىغان يولدا، مەيلى بىز تۇغۇلغان ئائىلە بولسۇن، بۇ يولدا كېتىۋاتقاندا بىر كۈنى شۇنى تۇيۇقسىز ھېس قىلىمىزكى، ئۆزىمىزدىن ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ تەسىرىنى ئېنىق بايقايمىز. دەل مۇشۇنداق كۆرگىلى ۋە تۇتقىلى بولمايدىغان نەرسىلەر بالىلارنى ئاتا ـ ئانىلار بىلەن مەڭگۈ بىرگە تۇرغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ. بۇ خىل تۇيغۇ بالىلارنىڭ مەڭگۈلۈك بەختى دەپ ئويلايمەن ھەم بالىلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق بەختكە ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەيلى جاھاننىڭ ئۇ چېتىدە ياشىسىڭىزمۇ، ئېچىڭىزدىن شۇنداق دېگۈڭىز كېلىدۇ: بىز ئۆيىمىزگە قايتىش يولىدا كېتىۋاتىمىز، بىزگە ئاتا ـ ئانىمىزدىن ئۆيىمىز قالغان، بىز قۇرامىمىزغا يەتكەندىن كېيىن ئۆزىمىزنىڭ ئۆيى بولىدۇ. بۇ يولدا كېتىۋاتقىنىمىزدا، ھامان بىر كۈنى ۋۇجۇدىمىزدا ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ ئۇدۇم ـ تەسىرىنىڭ بارلىقىنى بارغانسېرى ئېنىق بايقايمىز ! دەل بۇلار بىزگە بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك تەسىر قىلىپ، بىزنى ئاتا ـ ئانىمىز بىلەن مەڭگۈ بىرگە تۇرۇۋاتقاندەك، ئەزەلدىن ئايرىلمايدىغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ. مېنىڭچە، بۇ خىل تۇيغۇ بالىلارنى مەڭگۈ بەختلىك قىلىدۇ. بالىلىرىمىز مۇشۇنداق بەختكە ئېرىشىشنى ئىزدەيدۇ.

## 2. ئاتا مېھرىگە ئېرىشكەن باللاردا «كالتسىي» كەمچىل بولمايدۇ

دەم ئېلىش مەزگىلىدە ئىنىمنىڭ ئۆيىدە بىر مەزگىل تۇردۇم، بىر كۈنى ئاخشىمى كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ، كۆپچىلىك بىرلىكتە پاراڭلاشقاچ، ئىككى ياشتىن ئاشقان قۇتلۇقنىڭ كۆڭۈللۈك ئويناۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدۇق، ئىنىم ماڭا چاقچاق ئارىلاش: «مۇتەخەسسىس، قۇتلۇقنىڭ ئويۇنىدىن نېمىنى بايقىدىڭىز، دەپ بېقىڭا؟» دەپ سورىدى.

بالا بىر دەم ئوينىغاندىن كېيىن، ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ چوڭلارنىڭ ئاياغلىرىنى بىر - بىرلەپ كىيىپ مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سۆرەپ كېلىدۇ - دە، ئاياغلارنى سېلىپ گىلەمگە، بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئاتىدۇ، ئۇ بۇخىل ھەرىكەتنى ناھايىتى خۇشال ھالدا زېرىكمەستىن نۇرغۇن قېتىم تەكرارلىدى، بالىسىنىڭ بۇ قىلىقىغا سەۋر قىلالمىغان ئانىسى: «قوزام، ئاتما، ئۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ، ئۆيدە مېھمان تۇرسا» دەيدۇ. قۇتلۇق خۇشال بولغىنىچە ئاياغلارنى ئېتىۋېرىدۇ. ئانىسى قۇتلۇققا يەنە گەپ قىلىدۇ، قۇتلۇق يەنىلا خۇشال ھالدا قىلىقىنى داۋاملاشتۇرىۋېرىدۇ، ئانىسى قۇتلۇققا يەنە گەپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇ توختاپ قالمايدۇ، قۇتلۇققا بەش - ئالتە قېتىم گەپ قىلغاندىن كېيىن ئوغىسى قايىنغان ئانا ماڭا قاراپ: «دەپ بېقىڭچۇ، ئەمدى مەن قانداق قىلىشىم كېرەك»؟ دەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي كۈلۈپلا قويدۇم.

ئارىدىن ئالاھازەل يېرىم سائەت ئۆتتى، پاراڭ ئارىلىقىدا مەن: «شۇ تاپ ئوغلۇڭلاردا قائىدە - ئادەت ئېڭى يېتىلدۈرىدىغان مەزگىل، بۇ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەڭلار. بالىغا شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى، جۈملىدىن ئاددىي قائىدىلەرنى، ئالايلۇق، نېمىنى قىلىش كېرەك، نېمىنى قىلماسلىق كېرەك دېگەنلەرنى بىلدۈرۈڭلار. ئەمما بۇنىڭدا بىر مۇھىم ئالدىنقى شەرت، يەنى سىلەر

ئاۋۋال ئىشلارنى كۆڭلۈڭلەردە پىرىنسىپلىق ۋە پىرىنسىپسىز دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىۋېلىشىڭلار كېرەك. مەسىلەن، بىخەتەرلىك ۋە ساغلاملىققا مۇناسىۋەتلىك بولسا، بۇلار پىرىنسىپلىق بولىدۇ، يەنى توك ئويناش، پاسكىنا، خام نەرسىلەرنى يېيىش قاتارلىقلار، بۇنداق ئىشلاردا بالىلارنى قەتئىي توسۇشىڭىز كېرەك. بۇ ياشتىكى بالىلار بەزى ئىشلاردا ئىچكى دۇنياسىنى تەرەققىي قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ، بالا گەرچە ئوينىغاندەك قىلغان بىلەن ئەمەلىيەتتە مۇلاھىزە قىلىدۇ. شۇڭا بۇنداق ئىشلاردا بىز ئۇلارنى باشقۇرۇپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ، مۇمكىنقەدەر بالىغا مۇلاھىزە قىلىدىغان، قىزىقىدىغان شارائىت يارىتىپ بېرىشىڭىز كېرەك . مەسىلەن بايا بالا توختىماي چوڭلارنىڭ ئايىغىنى كىيدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىزدەندى. لېكىن ئاپىسى بالىنىڭ ئاياغنى ئېتىۋېرىشىنى بىزنىڭ ئالدىمىزدا قىلغان ئەدەپسىزلىك دەپ قارىغاچقا، بالىنىڭ بۇنداق قىلىۋېرىشىنى خالىمىدى. ئەمەلىيەتتە، بالا ئاياغ كىيىمنى بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئېتىۋېرىشى، ئۇنىڭ كۆپچىلىك پاراڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ ماڭا دىققەت قىلمايۋاتىدۇ، دەپ قاراپ قىلغان قىلىقىدىن ئىبارەت، شۇڭا ئۇنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلى چوڭلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ، بۇ ۋاقىتتا بالىنىڭ ئاپىسى توختىماي بالىغا «بۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ، ئۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ» دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە بالا قىلىۋاتقان ئىشنى ئەسكى ئىش دەپ ھېس قىلمىغاچقا، بۇ ئىشنى قىلماي قويمايدۇ، شۇنداقلا «ئاپام ئاخىرى ماڭا دىققەت قىلدى ، ياخشى بولدى، دەپ چۈشىنىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بالا بارغانسېرى خۇشال بولىدۇ، بۇ ئىشنىڭ بالىنىڭ گەپ ئاڭلاش ـ ئاڭلىماسلىقى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. ئەگەر بالىنى داۋاملىق ئاشۇنداق ئوينىغىلى قويساق، ھېچقانداق ئادەم ئۇنىڭغا بىر نېمە دېمىسە، دىققەت قىلمىسىلا مەسىلە ھەل بولىدۇ، بالا بىردەم ئويناپ بېقىپ ھېچكىمنىڭ بىرنېمە دېمىگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆزلۈكىدىن توختاپ قالىدۇ. لېكىن ئەڭ ياخشى چارە بولسا، بالىغا ئوينايدىغان ئورۇن ـ جاي ياكى بىرەر قەغەز ساندۇق تېپىپ بېرىپ، بالىنى ئاياغ

كېيىمنى شۇ ساندۇققا سېلىپ ئوينىغىلى قويساق بولىدۇ، دېمەك، بالا ئۆزى تېخىمۇ قىزىقىدىغان ئىش بىلەن ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇراش كېرەك».

سۆزلەپ مۇشۇ جايغا كەلگەندە ئىنىم ئايالىغا قاراپ:

«بالىنى مېنىڭ ‹بەك توسۇپمۇ كەتمەڭ› دېگىنىم توغرىكەنغۇ» ! دەپ كۈلۈپ قويدى. جىممىدە ئولتۇرغان كېلىن سىڭلىم بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىنتايىن تېرىككىنىچە: «كۆرگەنسىز، ئۇ مانا مۇشۇنداق! سىزنىڭ ئۇسۇلىڭىز توغرا بولسا، ئەمىسە بالىنى شۇ ئۇسۇل بىلەن تەربىيەلەيلى، بىراق سىز بالا بىلەن بىللە بولمىسىڭىز، ئۇنىڭ بىلەن ئانچە كارىڭىز بولمىسا، ئەمدى بولغاندا سىزنىڭ ئۇسۇلىڭىز توغرا بولۇپ كېتىپتۇ ـ دە !» دېدى.

مەن بۇ مىسالنى كۆپچىلىكنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى ئەقىللىك دادىلارنى مەيدانغا چىقىرىش ئۈچۈن ئالدىم.

ياخشى دادىلار، نېمە ئۈچۈن ئانىنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈنۇۋالىسىلەر؟ ھازىر ئائىلىلەردە بۇنداق «ئەقىللىك»، «زېرەك»دادىلار ناھايىتى كۆپ، لېكىن بالا تەربىيەلەشتە بۇلارنىڭ سېيماسىنى ئۇچرىتالمايمىز. مەن نۇرغۇن ئانىلاردىن بالىلارنى نېمىشقا ئانىسىلا تەربىيەلەيدۇ؟ دەپ سورىغانىدىم، ئۇلار: «نېمە ئامال ، ئەرلىرىمىز بەك ئالدىراش تۇرسا !» دېگەن بىر خىللا جاۋابنى بەرگەندىن كېيىن، نۇرغۇن دادىلارنىڭ ئالدىراشلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۇردى. ئالدىنقى قېتىمدا «ھازىرقى ئائىلىلەردە ياخشى ئانىلار كۆپمۇ ياكى ياخشى دادىلار كۆپمۇ» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە بىر تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانىدۇق، نۇرغۇن كىشى ھازىرقى جەمئىيەتتە ياخشى دادىلار ئاز دەپ قارايدىكەن. كۆپ ساندىكى ئاياللار نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قارايدۇ؟ دادىلار بالىلىرىنى ياخشى كۆرمەمدۇ؟ ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىدۇ، ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ، بۇ جەھەتتە ئانىلاردىن قىلچە قېلىشمايدۇ. پەقەت نۇرغۇن دادىلار بالىلىرىمىزنى ياخشى كۆرۈشىمىزنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىمىز ئوخشىمايدۇ دەپ قارايدۇ. راست شۇنداقمىدۇ؟ مەن بۇنداق

www.uyghurkitap.com



قارىمايمەن، مەن بەزى دادىلارنىڭ «بالىنى كىچىك ۋاقتىدا تەربىيەلەش ئانىنىڭ ئىشى»، «ئەر سىرتنىڭ ئىشىنى قىلىدۇ، ئائىلىنىڭ ئىشىنى، جۈملىدىن بالىنى ئانىسى باشقۇرۇشى كېرەك» دېگەنگە ئوخشاش قاراشلىرىغا قوشۇلمايمەن.

بىر مۇنەۋۋەر بالا چوقۇم ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئورتاق تەسىرى ۋە تەربىيەسىدىن بارلىققا كېلىدۇ دەپ قارايمەن. بالا قانچە كىچىك بولسا، ئاتا ـ ئانىنىڭ تەسىرى شۇنچە چوڭ بولىدۇ، دېمەك، بالا قانچە كىچىك بولسا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەربىيە تەسىر كۈچى شۇنچە چوڭ بولىدۇ دېگەن گەپ. شۇڭا بولۇپمۇ دادا بۇ پۇرسەتنى قەدىرلەپ ۋە چىڭ تۇتۇپلا قالماستىن، بەلكى بالىنى تەربىيەلەشنىڭ ياخشى پەيتىنى خىزمىتىنى دەپ ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكى كېرەك. شۇڭا مەن بىر ئايال ۋە بىر ئانا بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىنى دادىلارنىڭ سەمىگە سېلىپ ئۆتمەكچىمەن :

ياخشى دادا چوقۇم بالىسىنىڭ نەزىرىدە بىر تاغ بولۇشى كېرەك.

بالا ئۈچۈن ئاتا ـ ئانا مۇھەببىتى ماھىيەت جەھەتتە ئوخشاش بولىدۇ. بۇ بالىلارغا شەرتسىز ھالدا سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ۋە ئۆسۈپ يېتىلىش ئەركىنلىكى بېرىش، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش دېگەنلىكتۇر. مەن بۇ جەھەتتە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارغا بولغان تەربىيەسىنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىدە پەرق بولۇشى، ياخشى دادا تاغ بولۇشى كېرەك دەپ قارايمەن. تاغ نېمىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ ؟ تاغ كۈچ ـ قۇۋۋەتكە، جاسارەتكە، باتۇرلۇققا ۋەكىللىك قىلىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، بىر ئائىلىدە قائىدە ـ پرىنسىپلار ئاتىنىڭ ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملەنگەن بولىدۇ، بالىنىڭ ھايات قارىشى، قىممەت قارىشى، جەمئىيەت قارىشىنىڭ زور بىر قىسمى تاغنىڭ — دادىنىڭ تەسىرى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن بولىدۇ. بالا دادىسىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاشۇلارنى ئۆگىنىشكە موھتاج بولغاندا بىر قېتىم ـ بىر قېتىمدىن مۇسابىقە ئېلان قىلىدۇ، ئۇزۇكسىز دەككە يەيدۇ، سىناپ باقىدۇ ۋە ئۆزگەرتىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا ھەقىقىي قوبۇل

قىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ نەرسىسىگە ئايلاندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاتا مېھرى بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كېرەك «كالتسىي» غا ئوخشايدۇ، دادىسىنىڭ مېھرىگە كۆپ ئېرىشكەن بالىلاردا كالتسىي كەم بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ پۇتۇن ۋۇجۇدىدىن قۇياش نۇرى تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ، كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ؛ ئەمما كىچىكىدىن دادا مېھرىگە ئېرىشەلمىگەن بالىلار خۇددى پارنىكتىكى گۈلگە ئوخشايدۇ، گەرچە ئۇلار ئانىسىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىگە ۋە غەمخورلۇقىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاجىزلىقى بىلىنىپلا تۇرىدۇ، خۇددى «كالتسىي كەم» ئۇستىخانلار بېجىرىم تەرەققىي قىلالمىغانغا ئوخشايدۇ، ئەتراپىدىكىلەرگە بۇ بالا جېنى بوش ئادەم بولۇپ قالغۇدەك دېگەن تەسىراتنى بېرىدۇ، بولۇپمۇ ئوغۇل بالىلار كىشىلەرگە ھەقىقىي ئوغۇل بالىغا ئوخشىمايدىكەن دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇلارنى دادىنىڭ بەك ئالدىراشلىقى، دادا مېھرىنىڭ كەملىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

207

ياخشى دادا ئالدى بىلەن بىر ياخشى ئەر بولۇشى كېرەك.

مېھىر ـ مۇھەببەتكە ئېرىشىش ھەر بىر ئادەمنىڭ ياشاش ئارزۇسى، مېھىر ـ مۇھەببەت مۇھىمى بىر خىل تەسىرلىنىش بولۇپ، ئۇ تۇرمۇشتىكى بارلىق ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلاردا ئىپادىلىنىدۇ. پىسخولوگلارنىڭ بىر تۈرلۈك تەكشۈرۈشىدە مەلۇم بولۇشىچە، ئەر ـ خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ئەڭ ئېھتىياجلىق 10 خىل پەزىلەت بار ئىكەن ، ئەرلەرنىڭ بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىغىنى ئايالىنىڭ «ئىشەنچلىك» بولۇشى، ئاياللارنىڭ بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىغىنى ئېرىنىڭ «كۆڭۈل بۆلۈشى» ئىكەن. شۇڭا ئايالىغا كۆڭۈل بۆلۈش ياخشى ئەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۆلچىمى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداقتا بۇ خىل كۆيۈنۈشنى قانداق ئىپادىلەش كېرەك، بۇنى ئايالىنىڭ قانداق كۆيۈنۈش ـ كۆڭۈل بۆلۈشكە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكى بەلگىلەيدۇ. ئالايلۇق، بەزى ئاياللار ئەرلىرىنىڭ ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملەشكەنلىكىنى ئۆزىگە بولغان

كۆيۈنۈش دەپ قارايدۇ، بەزى ئاياللار ئەرلىرىنىڭ كۆندە كەچتە ئۆيدە بىرگە تاماق يېيىشىنى ئۆزىگە بولغان كۆيۈنۈش دەپ قارايدۇ، بەزى ئايالالار ئەرلىرىنىڭ بالىلىرىنى سىرتلارغا ئېلىپ چىقىپ ئويناتقىنىنى، بالىلىرىنى بېقىشىپ بەرگىنىنى ئۆزىگە بولغان كۆيۈنۈش دەپ قارايدۇ. ئوخشىمىغان ئايالالارنىڭ تەلىپىمۇ ئوخشىمايدۇ، شۇڭا ئەقىللىك ئەرلەر چوقۇم ئاۋۋال ئاياللىرىنىڭ ئېھتىياج تەلەپلىرىنى چۈشىنىشى، ئاندىن شۇلارنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئىش كۆرۈشى كېرەك.

بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئانا پۈتۈن قەلبىنى بالىغا بېغىشلىغان بولىدۇ. ئۇنداقتا دادىنىڭ قەلبىچۇ ؟ ئەگەر دادا بالىسىغا مېھىر ـ مۇھەببەت بېغىشلىماقچى بولسا، ئاۋۋال ئايالىنى ياخشى كۆرۈشى كېرەك. چۈنكى بالا ھاياتلىقىنىڭ باشلىنىشى بولغانلىقتىن، ئانا بالىنىڭ بارلىقى، بالىنىڭ كۆڭلىدە پەقەت ئانىسىلا بار، يەنە كېلىپ ئۇ ئۆزىنى ئانىسى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەندەك سېزىدۇ، ئانىسى خۇش بولسا بالىمۇ خۇش بولىدۇ. شۇڭا دادا ئاۋۋال ئايالىنى، يەنى بالىنىڭ ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشى، ئايالىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بالىسىنىڭ سەمىگە سېلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق بالىسىغا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا ئامراقلىقىنى ھېس قىلدۇرۇشى كېرەك. شۇڭا بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن دادىلار بالىلىرىغا ئامراقلىقىنى ئايالىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ئارقىلىق ئىپادىلىشى ۋە ئىسپاتلىشى كېرەك.

ئەڭ مۇھىمى، ئايالىنى ياخشى كۆرگەن دادا بالىلىرىغا مېھىر ـ مۇھەببەت، ئىناق ئائىلە مۇھىتى ئاتا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى بالىلىرىنى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قائىدە يوللىرىنى چۈشىنەلەيدىغان، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ھېس قىلالايدىغان، كەلگۈسىدىكى ئىناق مۇناسىۋەتكە نىسبەتەن ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە تولغان قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىدۇ، نەتىجىدە بالىلىرىغا بەختلىك

ياشاش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرىدۇ.

ياخشى دادا ئايالىنى «جىن ـ ئالۋاستى» غا ئايلاندۇرۇپ قويمايدۇ.

مەن داۋالىغان بىر بالا ئۆزىنىڭ ئاپىسىنى مۇنداق سۈپەتلەپ بەرگەنلىكى ئېسىمدە: «ھەدە، ئاپام ئىككى ئادەمگە ئۆزگىرەلەيدۇ، بەزى ۋاقىتتا پەرىشتىگە ئوخشايدۇ؛ لېكىن ئاچچىقى كەلگەندە جىن ـ ئالۋاستىغا ئوخشاپ قالىدۇ!» بالىنىڭ بۇ ئوخشىتىشى ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلدى، نۇرغۇن ئائىلىلەردە دادىسى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بالا تەربىيەلەشتە «پەردە ئارقىسى» غا ئۆتۈۋالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئانىلار ھەم بالا بېقىش، ھەم بالا تەربىيەلەشتىن ئىبارەت قوش ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئانىلار قاتتىق چارچايدۇ، بالىلارغا بولغان سەۋرچانلىقى سۇسلاپ، ئاسانلا چېچىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. كەيپىياتى ياخشى چاغلاردا مۇلايىم پەرىشتىگە ئوخشاپ قالىدۇ، بۇنداق چاغلاردا ئادەم بالىنى ئەركىلىتىپ يامان ئۆگىتىپ قويامدىكىن دەپ ئەنسىرەيدۇ، ئارقىدىن يەنە بالىغا قاتتىق قوللۇق قىلىدۇ، ھەتتا كەيپىياتى ناچار چاغلاردا بالىنى ئۇرۇپ تىللاپ، بالىنىڭ نەزىرىدە جىن ـ ئالۋاستىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. نەتىجىدە ئانا بالىنى قاتتىق باشقۇرغاندا، بىر بولسا ئانىسىنىڭ قاتتىق باشقۇرۇشىغا پىسەنت قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇ شۇنىڭغا كۆنۈپ قالغان؛ بىر بولسا بالا توخۇ يۈرەك بولۇپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل قارىشى يوق ئادەم بولۇپ قالىدۇ، ھەممە ئىشتا ئاپىسىنىڭ چىرايىغا قاراپ ئىش قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، چۈنكى بالا ئاپىسىنىڭ قانداق چاغدا «جىن ـ ئالۋاستى» غا ئۆزگىرىپ ئۆزىنى تىللىشىنى بىلمەيدۇ.

پىسخولوگلارنىڭ تەبىرىدە، ھەقىقىي مۇكەممەل ئىنسانىي پەزىلەت ئوغۇل بالىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا چوقۇم يېتەكچى ئورۇندا تۇرغاندىن باشقا، ئاياللىق خاراكتېرمۇ بولۇشى كېرەك؛ ئوخشاشلا قىزلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاياللىق خاراكتېر يېتەكچى ئورۇندا تۇرغاندىن باشقا ئەرلىك خاراكتېرمۇ بولۇشى كېرەك. بالىلار ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئېيتقاندا، بۇ ئىككى خىل خاراكتېر قەيەردىن كېلىدۇ؟ ئۇ تەبىئىي هالدا ئوخشىمىغان جىنىستىكى ئاتا ــ ئانىلارنىڭ تەسىرى ئارقىلىق كېلىدۇ. شۇڭا بالىلارنىڭ ساغلام ئىنسانىي پەزىلىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاتا ــ ئانىنىڭ مېھىر ــ مۇھەببىتى ماھىيەتتە ئوخشاش بولىدۇ، لېكىن بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى تەربىيەدە ئاتا ــ ئانا تەربىيەسىنىڭ مەزمۇنى مەلۇم دەرىجىدە ئوخشىمايدۇ، شۇڭا ئۇلارغا ئىش تەقسىملەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئانىلار تۇرمۇشتا بەك ئىقتىدارلىق ئايال بولۇپ كەتمەسلىكى ۋە بەك قابىلىيەتلىك بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك. چۈنكى ئائىلىدە ئەگەر بىر ئادەم بەك قابىلىيەتلىك بولۇپ، يەنە بىر ئادەم ئۆزىنى قابىلىيەتسىز ھېس قىلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېچقانداق ئىش قىلمايدۇ، بۇ ئۇستا چامباشچىنىڭ نائۇستا چامباشچىنى نابۇت قىلغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش بولۇپ، نائۇستا چامباشچى كېيىن ھېچقانداق ئىشنى قىلغۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئەر ــ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ئىش تەقسىم قىلىۋېلىشى دەل مۇشۇنداق ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ناھايىتى ياخشى ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ. ناۋادا بىر ئائىلىدە دادا بەزى ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالالىسا، بالىنى باشقۇرۇش ــ تەربىيەلەش جەھەتتە ئايالىغا ھەمدەم بولۇپ، بالىنى ئانىسى بىلەن پەرقلىق باشقۇرسا، بالىنى تەربىيەلەش ۋەزىپىسىنى ئەر ــ ئايال ئورتاق ئۈستىگە ئالسا، ھەممە ئىش يالغۇز ئانىغىلا يۈكلىنىپ قالمايدۇ، باشقا مەسىلىلەرمۇ كۆرۈلمەيدۇ.

قەدىرلىك دادىلار، سىلەر ئانىلارنى بالىنى ئوبدان تەربىيەلىمىدىڭ دېيىشتىن بۇرۇن، بالىدا مەسىلە چىققاندىن كېيىن بالىنى تىللىماقچى بولغاندىن بۇرۇن مەن بۇ ئائىلە ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ پۇل تاپقاندىن باشقا، بالىلىرىم ئۈچۈن زادى نېمىش قىلىپ بەردىم دېگەننى ئوبدان ئويلاپ بېقىشىڭلار كېرەك.

بارلىق بالىلارنىڭ ئاتا ــ ئانىسىنىڭ «چىن مۇھەببىتى» گە ئېرىشىشىنى چىن دىلىمدىن ئارزۇ قىلىمەن، بالىلارنىڭ بارغانسىرى كۈچ ــ قۇۋۋەتكە تولۇشىنى، بەختلىك ئائىلىدە ساغلام چوڭ بولۇشىنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

## 3. پاراڭلىشىش ــ ئىناق ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسى

بىر ئائىلىدە بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە مۇۋاپىق بولغان ساغلام ئائىلە مۇھىتى يارىتىشنىڭ يادروسى بىلەن ئەڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئەر ـ خوتۇنلار مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. ھالبۇكى، ئەر ـ خوتۇنلار مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ، بۇ دەل ئەر ـ خوتۇنلار ئۆزئارا ئوبدان پاراڭلىشىشى ياكى پاراڭلىشالماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

«سۈكۈت ــ ئالتۇن دېمەكتۇر» دېگەن سۆزنى ھەممىمىز بىلىمىز، نۇرغۇن ئادەملەر، ھەتتا بۇ ئەقلىيە سۆزنى ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىشنىڭ پىرىنسىپى قىلىدۇ. لېكىن ئەر ـ خوتۇنلار مۇناسىۋىتىدە بۇ سۆزنى دەستۇر قىلىۋالساق ھەقىقەتەن «چوڭ» زىيان تارتىمىز. ئەمەلىي تۇرمۇشىمىزدا پاراڭلىشالايدىغان ئەر ـ خوتۇنلار ھەل قىلالمايدىغان زىددىيەت بولمايدۇ. لېكىن پەقەت مەسىلە كۆرۈلگەن ئەر ـ خوتۇنلار ئورتاق بىر ئالاھىدىلىككە ئىگە: ئۇلار پاراڭلىشىشنى خالىمايدۇ ياكى پاراڭلىشالمايدۇ، ئەلۋەتتە بۇمۇ شەخسنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ياكى بىرى گەپكە ئۇستا ئەمەس، ياكى بىرى «سۈكۈت ــ ئالتۇن دېمەكتۇر» دەپ ئويلايدۇ، كەڭ قورساق بولىدۇ ۋە سەۋرچانلىق بىلەن يول قويىدۇ.

ھەممە ئادەم توي قىلىپ جورىسى بىلەن ياشايدۇ، ئۇلار بىر ئائىلىدە ياشىغانىكەن مۇقەررەر ھالدا پاراڭلىشىدۇ. پاراڭلىشىشتىن مەقسەت ئۇچۇر يەتكۈزۈش ئۇچۇندۇر. سىز گەپ قىلمىسىڭىز خەق سىزنىڭ نېمە ئويلاۋاتقىنىڭىزنى نەدىن بىلىدۇ ياكى سىزنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭىزنى بىلمەيدۇ، نۇرغۇن كىشى ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن شۇنچە يىل تۇرمۇش كەچۈردۇق، قارشى تەرەپ ئوي ـ

خىيالىمنى چۈشەنسىكەن، دەپ ئولتۇرمىساممۇ دىمەكچى بولغىنىمنى، ئوي - خىيالىمنى چۈشىنىشى كېرەك دەپ قارايدۇ، لېكىن ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بۇنداق بولۇشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. مەن بەزى ئەر - خوتۇنلارنىڭ دائىم بىر - بىرىگە: «شۇنچە يىل بىللە ئۆتتۇق، سەن مېنى تېخىچىلا چۈشەنمەمسەن؟ سەن مېنىڭ ئوي - خىيالىمنى نىمە دەپ چۈشەنمەيدىغانسەن !» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ تۇرىمەن.

پىسخولوگلار بۇ خىل ئەھۋالغا قارىتا تەجرىبە ئىشلىگەن، يەنى كىشىلەرنىڭ باشقىلارغا تارقاتقان تىلسىز ئۇچۇرىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك دېگەن مەسىلىنى تەتقىق قىلغان. تەجرىبىگە قاتناشتۇرۇلغانلار ئىچىدىكى بىر گۇرۇپپا ئەر - خوتۇنلار گۇرۇپپىسى بولۇپ، ئەر - خوتۇنلار ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن، بىر تەرەپ دىمەكچى بولغانلىرىنى تىل بىلەن ئەمەس، بەلكى كۆز ئىشارىسى، چىراي ئىپادىسى ۋە ئاددىي ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. يەنە بىر تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ دىمەكچى بولغىنىنى تىل ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. جەمئىي سەككىز جۈپ ئەر - خوتۇننىڭ ھەر بىر جۈپى 10 ئىشنى ئىپادىلىگەن، بۇنىڭ ئىچىدىكى پەقەت ئىككى جۈپ ئەر - خوتۇن ئىپادىلىگەنىنىڭ توغرىلىق نىسبىتى 50% تىن ئاشقان. پىسخولوگلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، مۇشۇنداق تۆۋەن نىسبەتتىكى «ئۆز ئىچىدە بىلىش» نىسبىتى، ئادەملەرنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇش جەريانىدىكى بىر خىل ھادىسىنى، يەنى باشقىلار تارقاتقان ئۇچۇرنى چۈشىنىشتە بىز ئۇنى ئۇچۇر تارقاتقۇچىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىدە تۇرۇپ ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە ياكى تەجرىبىلىرىمىزگە باغلاپ تەھلىل قىلىدىغانلىقىمىزنى ۋە چۈشىنىدىغانلىقىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا بىز ناۋادا پەقەت ئۆزىمىزنىڭ چۈشەنگىنىنى بويىچە ھەرىكەت قىلساق، قارشى تەرەپ قايىل بولمايدۇ، چۈنكى قارشى تەرەپ ئۇنداق ئويلىمىغان. توغرا پەرەز قىلىنغان ئىشقا كەلسەك، تەتقىقاتچىلار : توغرا پەرەز

قىلىنغان ئىشلار ئىككى تەرەپنىڭ تۇرمۇشىدا مۇقىملىشىپ كەتكەن ئادەت جەھەتتىكى ئىشلار دەپ قارىغان.

تۆۋەندىكىسى ئەر - خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما تـوغرىدىن - تـوغرا دېيىشمىگەن، ئوبدان پاراڭلاشمىغان مىسالدۇر:

بىر جۈمە كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىشتىن چۈشۈشتىن بۇرۇن، خوتۇنى ئېرىگە تېلېفون بېرىپ:

— ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن نېمىش قىلىسىز ؟

— ئىشىم يوق، سىز ئورۇنلاشتۇرۇڭ.

— نېمىنى ئورۇنلاشتۇرىمەن.

— ئىش ئورۇنلاشتۇرماي مەندىن نېمىش قىلىسىز دەپ سورىغىنىڭىز نېمىسى؟

— مەن نېمىشقا چوقۇم ئورۇنلاشتۇرغۇدەكمەن، ئىشىم بولمىسا سىزگە تېلېفون بەرسەم بولمامدىكەن!

شۇنىڭ بىلەن ئوغىسى قايىنىغان خوتۇنى تېلېفوننى قويۇۋېتىدۇ، ئەرمۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالىدۇ.

ئەمەلىيەتتە خوتۇنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بار ئىدى، ئۇ ئېرىنىڭ خىيالىنى بىلىپ باققاندىن كېيىن، ئېرى بىلەن بىللە تاماق يېمەكچى ئىكەنلىكىنى، چۈنكى چۈشتە خىزمەتداشلىرىدىن يېقىن ئەتراپتا يېڭىدىن بىر كۆكتات شورپىسى ئاشخانىسى ئېچىلغانلىقىنى ئاڭلىغانلىقىنى، تەمىنىڭ ئۆزگىچە ئىكەنلىكىنى دېمەكچى ئىدى، ئاقىۋەتتە بولسا كۆكتات شورپىسى ئىچىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىگە قورساق كۆپۈكى تېپىۋالىدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر بۇ دىيالوگنى كۆرۈپ، خوتۇنى مەقسىتىنى ئوچۇق دېسىلا ئىش پۈتمەمدۇ، دەپ ئويلىشى مۇمكىن. لېكىن ئەمەلىي تۇرمۇشتا نۇرغۇن ئائىلىلەر مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن پاراڭلىشىدۇ. ئىككىلا ئادەم پاراڭلاشقاندا بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانسا چوڭ مەسىلە چىقماسلىقى مۇمكىن، چۈنكى ئىككى ئادەم ئۆزلىرىنىڭ ئۇسۇللىرىغا ئادەتلەنگەچكە ياكى ئۆزىنى چەتكە

ئالغاچقا، ئىككىيلەننىڭ مۇناسىۋىتىگە ئېغىر تەسىر يەتمەيدۇ. لېكىن بالىلىق بولغاندىن كېيىن ئىككىيلەن بەزى ئىشلارغا دۇچ كېلىدۇ، ئۇلار پاراڭلاشقاندا نۇرغۇن زىددىيەتلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا ئامالسىز قالىدۇ. بۇ چاغدا ئەگەر خىزمەت بېسىمى ئېغىرلاشسا، بالىغا قاراۋاتقان ئادەم ھەم چارچىسا، ھەم غەم يېسە، يەنە روھىي ھالىتى تەڭپۇڭ بولمىسا ناھايىتى ئاسانلا توقۇنۇش - سۈركىلىش كېلىپ چىقىدۇ .

ئەمەلىيەتتە پاراڭلىشىش ئىنسانلارنىڭ تۇغما قابىلىيىتى ، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان بەزى پاراڭلىشىش ئۇسۇلى ۋە ماھارىتى بولىدۇ، لېكىن قارشى تەرەپ بىلەن ياخشى پاراڭلىشىش ئۇنۇمىگە ئېرىشىمىز دەيدىكەنمىز، تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەرەپكە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك:

بىرىنچى، ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ خاراكتېرىنى تولۇق چۈشىنىشى، بۇ ئارقىلىق مۇۋاپىق پاراڭلىشىش شەكلىنى تېپىپ چىقىشى كېرەك.

بىز دائىم «ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىلگەن جەڭدە مەغلۇپ بولمايدۇ» دەيمىز، ئۆز ھەمراھىنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى چۈشەنگەندىلا «ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا غېجەك چېلىپتۇ» دېگەندەك ئىش يۈز بەرمەيدۇ. سىز گەپ قىلىشنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغان ئېرىڭىزدىن ئېرىم بىر كۈنلەردە باشقىلارنىڭ سۆزمەن ئەرلىرىگە ئوخشاش مەن بىلەن كىچىچە سىرداشسىكەن ياكى ئۆمۈر بويى ئېسىمدىن چىقمايدىغان مۇھەببەت سۆزلىرىنى قىلىشسىكەن دېگەن ئۈمىدنى كۈتمەسلىكىڭىز كېرەك. بەزى ئائىلىلەردىكى بىر قىسىم خوتۇنلار تولىمۇ گەپدان بولغاچقا، ھەر قېتىم ئېرى بىلەن زاكونلاشقاندا ئېرى سۆزمەن بولمىغاچقا يېڭىلىپ قالىدۇ، ئايال ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. بىراق زىددىيەت كېلىپ چىققاندا، خوتۇنى كۆڭلىدىكىنى تازا ئىپادىلىيەلمەيدىغان ئەرنى ئۆزىنى قايىل قىلالايدىغان سەۋەبنى دېيىشكە قىستايدۇ، بۇنىڭ بىلەن زىددىيەت كەسكىنلىشىپ كېتىدۇ. بۇ خىلدىكى ئاياللار شۇنداق بىر نەرسىنى

ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدۇكى، ئادەتتىمۇ كۆڭلىدىكىنى تازا ئىپادىلىيەلمەيدىغان ئەرنى بۇنداق چاغدا سىز ئۇنىڭغا گەپنى ئېنىق قىلغىن دەپ تۇرۇۋالسىڭىز، سىزنىڭچە بۇنىڭ ئۈنۈمى بولامدۇ؟ شۇنىڭغا ئوخشاش ئېرىمۇ قانداقلا گېپى بولسا ئۆز ۋاقتىدا، توغرىدىن - توغرا دەيدىغان ئايالدىن زىددىيەت كۆرۈنگەندە گەپ قىلماي جىم تۇرسا بولمامدىغاندۇ دېگەن ئۈمىدنى كۈتمەسلىكى كېرەك. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ خاسلىقىنى، قارشى تەرەپنىڭ ئادەتتىكى چاغلاردىكى پاراڭلىشىش ئۇسۇلىنى چۈشىنىشى، ئاندىن ھەر ئىككىيلەنگە ماس كېلىدىغان پاراڭلىشىش ئۇسۇلىنى تېپىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئەر - خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى يولىنى تاپالايدۇ. ھازىرقى جەمئىيەتتە پاراڭلىشىش يوللىرى تەرەققىي قىلىپ، ئىنتېرنېت، ئۈچۈر، پوچتا يوللانمىسى، خەت، ئۈندىدار قاتارلىقلار بارلىققا كەلدى، پەقەت ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننىڭ پاراڭلاشقۇسى بولسىلا ئۆزلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان پاراڭلىشىش ئۇسۇلىنى تاپالايدۇ.

ئىككىنچى، ئەر - خوتۇنلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پاراڭلىشىش ئۇسۇلى — ئۆزئارا سەمىمىي - راستچىل بولۇش، ئۆزئارا ھۆرمەتلەش، گەپ يورغىلاتماسلىق.

ئۇزۇن يىللىق خىزمەت تەجرىبەمدىن شۇنى بىلدىمكى، مەلۇم بىر ئادەمگە دېمەكچى بولغان ئۆي - پىكرىڭىزنى گەپ يورغىلىتىپ دېگەندىن كۆرە، بىۋاستە دېگىنىڭىزنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. گەرچە سىز بەزى گەپلەرنى بىۋاستە دېسەم ئانچە ياخشى بولمايدۇ دەپ قارىشىڭىز مۇمكىن، لېكىن مۇناسىۋەتچىلەرنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، ئوي - پىكرىڭىزنى بىۋاستە، سەمىمىيلىك بىلەن دېيىشىڭىز زۆرۈردۇر. مەن بىر ئايالنى تونۇيمەن، ئۇ قېيىنئاتا، قېيىنئانىلىرىنىڭ نەزىرىدە ياخشى كېلىن، ئېرى ۋە بالىلىرىنىڭ نەزىرىدە ياخشى خوتۇن ۋە ياخشى ئانا، بىراق ئۇ دائىم ھەرقانداق گېپىنى، كۆڭۈل ئاغرىقىنى ئىچىگە سىلىپ ئۆتكەچكە، 48 ياشقا كىرە - كىرمەيلا ساقايماس كېسەلگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



گىرىپتار بولۇپ قېلىپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ، ئالەمدىن ئۆتۈشتىن ئىلگىرىكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە 4 ـ 5 قېتىم چوڭ ئوپېراتسىيە قىلىنىدۇ، ھەر خىل ئاستا خاراكتېرلىك كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ ئاخىر بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ. بۇ ھەممىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرگەنلىكتىن كېلىپ چىققان روھىي بېسىم بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

بىزنىڭ تەتقىقاتىمىزدا، ناۋادا ئەر ـ خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇلمىسا، مەسىلىلەر دائىم سوغۇق كەيپىياتتا ھەل قىلىنسا، بۇ ئائىلىدىكى بالىلاردا ئېغىر پىسخىك مەسىلە كۆرۈلىدىكەن. بىز بۇ مەزمۇننى ئالدىنقى بابلاردا سۆزلىگەنىدۇق، ئەر ـ خوتۇنلار بىر ـ بىرىگە سەمىمىي ـ سادىق بولمىسا، ئائىلىدىكى ئېنېرگىيە ھەرىكەتلىنەلمەيدۇ، ئەڭ ئاخىرى بۇ «مەيدان» دىكى ئېنېرگىيەسى ئاجىز بالىدا ئەڭ ئاۋۋال مەسىلە كۆرۈلىدۇ.

ئەلۋەتتە، قارشى تەرەپكە مەسلىھەت بەرگەندە ياكى قارشى تەرەپنىڭ يېتەرسىزلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە تەكەللۇپ قىلساقمۇ بولىدۇ، بۇ جەھەتتە سىز ھەمراھىڭىزنىڭ خاسلىقىنى چۈشەنگەن ئاساستا، ئۇنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا ماس كېلىدىغان بىر خىل ئۇسۇلنى تاللىسىڭىز تامامەن بولىدۇ.

ئۈچىنچى، «ئاۋۋال كەيپىياتقا قاراش، ئاندىن مەسىلىنى تىلغا ئېلىش» نى ئېسىمىزدە ساقلاش ـــ پاراڭلىشىشنىڭ تۈپ پىرىنسىپى.

بۇ پىرىنسىپنى بالاغەتكە يېتىش مەزگىلىدىكى بالىلارنىڭ پاراڭلىشىشى دېگەن مەزمۇنلاردا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدىم. ھازىرقى ئەر ـ خوتۇنلار مۇناسىۋىتىدىمۇ بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىشقا بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىككىيلەن پاراڭلاشقاندا ئەگەر تاكاللىشىش ئەھۋالى كۆرۈلسە پاراڭنى جەزمەن توختىتىش كېرەك، پاراڭنى داۋاملاشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئىككىيلەندە قارشىلىشىش كەيپىياتى

كۆرۈلگەندە ھەرگىز مەسىلىنى مۇشۇ چاغدا ھەل قىلىمىز دەپ جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالماسلىق كېرەك. چۈنكى ئارازلىشىش كۆرۈلگەندە ئادەمنىڭ ئىدراك مېخىسى خىزمەتتىن توختايدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، ئەكسىچە ناھايىتى ئوڭايلا ئەسلىي مەقسەتكە خىلاپ ئىشلارنى قىلىپ سالىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ، ھەتتا قارشى تەرەپكە ئازار بېرىپ قويۇشىمىز مۇمكىن.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئەر - خوتۇنلار ئۆزئارا ھۆرمەتلەش مەسىلىسىگىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك. قارشى تەرەپنىڭ كەيپىياتى ياخشى بولمىغاندا، ئەقىللىك ئاياللار ياكى ئەرلەر ئۆز ئەھۋالىنى دەڭسەپ بېقىشى كېرەك، ئەگەر قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىنى ياساشنى خالىسا، ئاۋۋال كوڭلىنى ياسىشى، ناۋادا قارشى تەرەپتە قارشىلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلمىسە، ئاندىن مەسىلىنى تىلغا ئالسا بولىدۇ؛ ئەگەر قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىنى ياساشقا رايى بولمىسا، قارشى تەرەپكە: «ئىككىلىمىزنىڭ كەيپىياتى ياخشى ئەمەس، ھازىر بۇلارنى تەگەشمەيلى، كۆڭلىمىز ئارامىغا چۈشكەندىن كېيىن دېيىشەيلى» دەپ «نەق مەيدان» دىن ئايرىلىشى كېرەك. بۇنداق قىلغاندا قارشى تەرەپكە ئۆزىنىڭ بىردەم سىرتلارنى ئايلىنىپ كېلىدىغانلىقىنى دېيىشى كېرەك، بۇ قارشى تەرەپنى ھۆرمەتلىگەنلىكنىڭ ئىپادىسى، ئەكسىچە قارشى تەرەپكە ھېچنېمە دېمەي ئىشىكنى جالاقىدە يېپىپ قويۇپ چىقىپ كەتسەك، قارشى تەرەپنى تېخىمۇ خاپا قىلىپ قويىمىز، ھەتتا جېدەلنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋېتىمىز.

تۆۋەندىكى مىسالغا قاراپ باقايلى:

ئېرى شەنبە كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ ئەمدىلا ئۆيىگە كىرىشىگە ئايالى ئۇنىڭغا:

— تېز بولۇڭ، تېز تەييارلىق قىلىڭ، ئاپامنىڭكىگە بېرىپ تاماق يەيمىز، بۇگۈن شۇ يەردە قونۇپ قالىمىز، چۈنكى ئاپام ئەتە ساۋاقداشلىرىنى چاقىرىدىكەن، بېرىپ ياردەملەشمىسەك

بولمىغۇدەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپام بىزنى ئەڭ ياخشى مېھماندارچىلىققا سىلەرمۇ قاتنىشىڭلار دەۋاتىدۇ. شۇڭا ھازىرلا ماڭايلى، تېزرەك بولۇڭە، — دەيدۇ.

— مەن بارمايمەن، — دەيدۇ ئېرى ئايالىغا بېشىنىمۇ كۆتۈرمەستىن:

— نېمە دېدىڭىز؟ — دەيدۇ ئايالى قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ سەل خاپا بولغىنىچە.

— مەن بارالمايمەن، بۈگۈن بىر كۈن ئىشلىدىم، بەك ھېرىپ كەتتىم، ئارام ئېلىۋالاي دېگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتە ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلەيمەن، — دەيدۇ ئېرى مۇلايىملىق بىلەن.

— نېمىشقا بۇنداق قىلىسىز، ئانامىلارنىڭكىگە بارىمىز دېسەم ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلەيمەن دەيسىزغۇ! — دەيدۇ ئايالى.

— قايسى بىر ئىشنى سىز ئورۇنلاشتۇرمىغانتىڭىز، ئىشقىلىپ، مەن بارمايمەن، — دەيدۇ ئېرى.

— ئانامىلارنىڭكىگە بارمىغىنىڭىزغا خېلى بولدىغۇ، بۇ قېتىممۇ بارمىسىڭىز ئانام خاپا بولۇپ قالامدۇ؟ — دەيدۇ
ئايالى تېخىمۇ ئاچچىقلاپ.

— بارمىغىلى خېلى بولدى دېگىنىڭىز نېمىسى، تېخى يېقىندىلا بارمىدىمغۇ؟ ئانىڭىز نېمە دېسە دەۋەرسۇن، ئىشقىلىپ مېنىڭ ۋاقتىم يوق، — دەيدۇ ئېرى.

— ياخشىغۇ، راستىلا بارمايسىز ھە ؟ — ئايالى شۇنداق دېگىنىچە تېرىكىپ قىلىۋاتقان ئىشنى تاشلاپ قويىدۇ.

— بارمايمەن، — دەيدۇ ئېرى ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى يېپىۋېتىپ.

— بولىدۇ، سەن نوچى بولغاندىكىن مەڭگۈ بارمىغىن! — دەيدۇ ئايالى دەرغەزەپ بولغان ھالدا نەرسە - كېرەكلىرىنى ئالغاندىن كېيىن ئىشىكنى جالاقىدە يايقىنىچە چىقىپ كېتىدۇ.

ئايالنىڭ دەسلەپتىلا ئېرىنىڭ كەيپىياتىغا دىققەت قىلمىغانلىقتىن بۇ پاراڭنىڭ كۆڭۈلسىز ئاخىرلاشقانلىقىنى

بايقايمىز. ئەگەر ئايالى ئېرىنىڭ ئىشىكتىن كىرگەن چاغدىكى هارغىن هالىتىگە دىققەت قىلغان بولسا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئېرىنىڭ دەسلەپكى «بارمايمەن» دېگەن جاۋابىدىن كەيپىياتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى بىلگەن بولسا، ئايال ئاۋۋال ئېرىگە كۆڭۈل بۆلەتتى ۋە چۈشىنەتتى، ئاندىن ئېرىگە ياخشى گەپ قىلىپ، ئۇنىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرگەن بولاتتى، نەتىجىدە ئىككىيلەننىڭ پارىڭى بۇنداق كۆڭۈلسىز ئاخىرلاشمىغان، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىشىش ئۇنچىۋالا كۈچىيىپ كەتمىگەن بولاتتى.

بۇ يەردە يەنە بىر مۇھىم مەسىلە، يەنى مەن تەكىتلىگەن «ئاۋۋال كەيپىياتقا قاراش، ئاندىن مەسىلىنى تىلغا ئېلىش» پىرىنسىپى قوزغامىغا يەتكەنلەرنىڭ ئۆزىنى قوغداش ئېڭى ئىككەنلىكىنى كۆپچىلىكنىڭ سەمىگە سېلىش كېرەك. يېتىلگەن بىر ئادەم ئاۋۋال ئۆزىنى قوغداشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. چۈنكى ئادەم ئاچچىقى كەلگەندە ئۆز هەرىكىتىنى كونترول قىلىش ناهايىتى تەسكە توختايدۇ، بولۇپمۇ تاكاللىشىپ قالغاندىكى ئاچچىق «كۈچلۈك» «غەزەپ» هالىتىگە ئۆرلىگەندە، دەرهال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش كېرەك، مانا بۇ ئۆزىنى قوغداش هېسابلىنىدۇ. هەرگىز «ياق، بۈگۈن چوقۇم ئېنىق دېيىشىڭىز كېرەك!»، «مەن چوقۇم دەيمەن، بولمىسا ئۇ مېنى مەندىن قورقتى دەپ قالىدۇ،» دېگەندەك ساددا خىياللاردا بولماسلىقىمىز كېرەك. ناۋادا سىز قارشى تەرەپكە بۇدۇشقاقتەك چاپلىشىۋالسىڭىز، ئاچچىقىنىڭ كەينىگە كىرسىڭىز، ئاچچىقىنىڭ «قولى» غا ئايلىنىپ قالسىز، ئاخىرقى هېسابتا «كۆڭۈل ئاغرىقى» پەيدا قىلىسىز. نۇرغۇن ئائىلە زوراۋانلىقى دەل مۇشۇنداق ئاچچىقنىڭ كەينىگە كىرىش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. تۇرمۇشتا ئەر - خوتۇنلار، مۇھەببەتلىشىۋاتقانلار ۋە دوستلار ئارىسىدىكى جېدەل - ماجىرالاردا ئۆزىنىڭ ئاچچىقىنى كونترول قىلالماسلىق سەۋەبىدىن نۇرغۇن تىراگېدىيەلەر يۈز بېرىدۇ. يېتىلگەن بىر ئادەم چوقۇم ئۆزىنى قوغداشنى ئۆگىنىۋېلىشى، ئۆزى ياكى قارشى تەرەپنىڭ ئاچچىقى كەلگەندە مەسىلىنى هەل قىلىشقا

ئالدىرىماسلىقى كېرەك.

يۇقىرىدىكى ئۈچ نۇقتا ئارقىلىق ئەر ـ خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى پاراڭلىشىشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ ۋە دەڭسەپ بېقىپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئۆزگەرتىپ، ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدىكى پاراڭلىشىشنى راۋانلاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بالىلارغا راۋان ۋە مۇۋاپىق مۇناسىۋەت بوشلۇقى ھازىرلاپ بېرىشىمىز لازىم.

تىل ــ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇن كەشىپ قىلغان مۆۋەپپەقىيەتلىرىدىن بىرى، ھالبۇكى، نۇتۇق ئادەملەرنىڭ تۇغۇلغاندىن كېيىن ئەڭ بۇرۇن ئۆگىنىدىغان بىر خىل ماھارىتى. پەن ـ تېخنىكا كۆزلىرىمىزنى ئالچەكمەن قىلىۋەتكەن بۈگۈنكى كۈندە، پاراڭلىشىشتىن ئىبارەت بۇ ئەڭ ئاددىي، ئەڭ بىۋاستە قوللىنىدىغان مۇناسىۋەت قورالىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك.



## 4. ئەۋلاد ھالقىغان تەلىم ـ تەربىيەنىڭ پايدىسى ۋە زىيىنى

بوۋاي ـ مومايلارنىڭ بالا بېقىشى تىلغا ئېلىنسا، نۇرغۇن ئانىلارنىڭ بېشى ئاغرىيدىغانلىقى ئېنىسمىگە كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ماڭا بەكرەك چوڭقۇر تەسىر قىلغىنى بىر ياش ئانا ــ ئايقىز.

ئايقىز بۇيىل 28 ياشتا بولۇپ، بالىسى ئۈچ ياشتىن ئاشقانىدى. ئۇ يېڭى توي قىلغان چاغدا چوڭلار بىلەن ناھايىتى چىقىشىپ ئۆتەتتى، ھېچقانداق سۈركىلىشلەر بولمىغانىدى، بىراق بالىلىق بولۇپ چوڭلار بالىسىنى بېقىشىپ بەرگەندىن كېيىن بەزىبىر زىددىيەتلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئاساسلىقى چوڭلارنىڭ بالىسىنى بېقىش كۆزقارىشى ۋە ئۇسۇلى ئايقىزغا ياقمايتتى. بەزىدە ئۇ تاقەت قىلالماي چوڭلارغا بەزى بىر تەلەپلەرنى قوياتتى. چوڭلار

ھەر قېتىم ماقۇل بولاتتى، بىراق بالىنى يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە باقاتتى، بالا ھازىر ئۈچ يېرىم ياشقا كىرەي دەپ قالغان بولسىمۇ، ئايغىزنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايتتى.

«بالامنىڭ بوۋىسى بىلەن مومىسى ئوغلۇم نېمە ئويىنسا، نېمە يېسە ئىختىيارىغا قوياتتى ياكى ئوغلۇم قەستەن يىغلايمەن دەپ ئاغزىنى ئۇمچەيتسە ئۇلار شۇ ھامان ئۇنىڭغا يالۋۇراتتى، بەزىدە مەنمۇ ئارىلىشىپ باقتىم، مەسىلەن، ئۇششاق ـ چۈششەك يېمەكلىكلەرنى سۇقۇپ قويۇپ، بالام ھەرقانچە يىغلىسىمۇ بەرمىدىم، ئەمما بالام يەردە دومىلاپ يېتىۋېلىشقا باشلىغاندا مومىسى ھەي! شۇ بىر تال كەمپۈتنى دەپ بالىنىڭ كۆڭلىنى شۇنچە ئاغرىتقان بارمۇ؟ دەيدۇ، بوۋىسىمۇ مومايغا بولۇشۇپ ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بالىنى باشقۇرۇشقا ئامالسىز قالىمەن.

شەنبە كۈنى ئوغلۇمنى ئويناتقىلى قورۇغا ئېلىپ چىقسام، نۇرغۇن ئانىلار ماڭا ئەرز قىلىپ: ئوغلىڭىز كىچىك بالىلارنى ئۇرىدىكەن، بالىلارنىڭ ئويۇنچۇقلىرىنى تارتىۋالىدىكەن، بوۋىسى بىلەن مومىسى بالىغا ئەزەلدىن بۇ توغرىسىدا تەربىيە بەرمەيدىكەن، ئوغلۇمنىڭ بۇ قىلىقلىرىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالىدىكەن، نۇرغۇن ئاتا ـ ئانا بالامنىڭ قىلىقىغا خاپا بولغاچقا، بالىلىرىنى بالام بىلەن ئوينىغىلى قويمايدىكەن. ھازىر ئوغلۇممۇ بوۋىسى ـ مومىسىنىڭ ئۆزىگە «ياخشى قارايدۇ» غانلىقىنى بىلىۋالدى. شەنبە كۈنى ئۇنى ئۆيىمىزگە ئېلىپ كېتەيلى دېسەك ئۇ ھەرگىز ئۇنىمايدۇ. بوۋىسى بىلەن مومىسى بىزنىڭ بالىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى قىلچە نەزەردە تۇتمايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن قىلچىلىك ئەندىشىمۇ قىلمايدۇ، ئەكسىچە بالىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ: ‹ھەقىقەتەن ئىنسابلىق بالا بولدى، ئۇنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماڭ، كىمنىڭ ئۆزىگە ياخشى كۆيۈنىدىغانلىقىنى كۆڭلىدە بىلىدۇ› دەيدۇ. ھازىر ئائىلىدىكى ئەڭ چوڭ تالاش ـ تارتىش بالىنى بالىلار يەسلىسىگە بېرىش ـ بەرمەسلىك بولۇپ قالدى. مەن بالامنى

www.uyghurkitap.com



يەسلىگە بەرمەكچى، لېكىن بوۋا ــ مومىلىرى قوشۇلمايدۇ ۋە مۇشتۇمدەك بالىغا نېمە يەسلى، بۇ بالا نېمىدېگەن بىچارە ــ ھە؟ ‹ئوغلۇممۇ كىچىكىدە يەسلى ــ پەسلى دېگەننىڭ قارىسىنى كۆرمىگەنغۇ، قارىغە، ئۇ ھازىر قانداق كاتتا ئادەم بولۇپ كەتتى!› دېگەندەك سەۋەبلەرنى كۆرسىتىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا قېيىنئاپام، ھەتتا يىغلىغىنىچە مېنىڭ ئوغلۇمنى ئۆزلىرىنىڭ تەربىيەلىشىگە رازى ئەمەسلىكىمدىن، ئۆزلىرى شۇنچە جاپا تارتسىمۇ بىزنىڭ ئۇلارنى ياخشى دەپ ئۇلاردىن مىننەتدار بولمىغانلىقىمىزدىن قاقشاپ، ئېرىم بىلەن ئىككىمىزنى جېدەلگە قويىدۇ» دەيدۇ.

.......

بوۋاي ــ مومايلارنىڭ بالىنى بېقىشى بىزدەك ئۇرۇق ــ تۇغقانلىق مېھرىگە ئېتىبار بېرىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا تامامەن مۇۋاپىق ئىش. تەكشۈرۈشىمىزگە ئاساسلانغاندا، ئەتراپىمىزدىكى %40 ــ %50 گىچە بولغان ياشانغانلارنىڭ نەۋرە ــ چەۋرىلىرىنى تەربىيەلەش تەجرىبىسى بارلىقى مەلۇم بولغان. بۇ سانلىق مەلۇماتلار ئىچكىرىدىكى ياشانغانلارنىڭكىدىن % 15 يۇقىرى چىققان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، شىنجاڭدا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن چوڭلارنىڭ نەۋرىلىرىنى بېقىشى ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال بولۇپ قالغان، بىراق بالىلارنىڭ چوڭ بولۇشىغا، شۇنداقلا ھەر خىل مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇن تەلىم ــ تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرى ئورتاق ھالدا ئەۋلاد ھالقىغان تەلىم ــ تەربىيەنىڭ نۇرغۇن زىيانلىق تەرەپلىرى بار دەپ قارايدىكەن ۋە بارلىق ئاتا ــ ئانىلارغا بالىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ تەربىيەلىشىنى مۇراجىئەت قىلىدىكەن، شۇنداقلا ئاتا ــ ئانىلارلا پەرزەنت تەربىيەلەشتىكى ئەڭ مۇۋاپىق كىشىلەر دەپ قارايدىكەن.

بىراق مېنىڭ قارىشىمچە، ھەرقانداق ئىشنىڭ ئىككى تەرىپى بولىدۇ. نۇرغۇن ئاتا ــ ئانا خىزمەت قىلىدىغان بولغاچقا، بولۇپمۇ ئانىلار بالىلىق بولغاندىن كېيىن، بالىسىنى بېقىش ــ

تەربىيەلەشنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىپ بولالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتا - ئانىسىمۇ ياشقا بەك چوڭىيىپ كەتمىگەچكە نەۋرىلىرىنى بېقىشىپ بېرىشكە قۇربى يېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، چوڭلارغا كىچىك بالىلارمۇ ھەمراھ بولىدۇ، شۇڭا كۆپ ساندىكى ياش ئاتا - ئانىلار بالىلىرىغا ئاتا - ئانىسىنىڭ قاراپ بېرىشىنى خالايدۇ. لېكىن يۇقىرىدا ئايقىز يولۇققان زىددىيەتلەرمۇ ئوبيېكتىپ مەۋجۇت. ياش ئاتا - ئانىلار قانداق قىلغاندا ئەۋلاد ھالقىغان تەربىيەنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى تۈگىتىپ، ئەۋزەللىكلەرنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر ئىككى تەرەپنى بالىنى ياخشى تەربىيەلەپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشايلى دېگەن ئورتاق تونۇشقا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ ؟ بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن مەن ئالدى بىلەن ئاتا - ئانىلارغا، چوڭلارنىڭ بالا تەربىيەلەشتە قانداق ئارتۇقچىلىقى بارلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ بالىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن قانداق پايدىلىق تەرەپلىرىنىڭ بارلىقىنى سۆزلەپ ئۆتمەكچىمەن.

ئىككى يىل ئىلگىرى رۇسىيە پەن - تېخنىكا ئىنستىتۇتى پىسخىك تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ تەتقىقاتچىسى تاتيانا تىخومىلوۋانىڭ بىر تەتقىقاتى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرى تەربىيىلىگەن بالىلارغا قارىغاندا بوۋاي - موماىلار تەربىيىلىگەن بالىلارنىڭ ئىجادچانلىقى 40% يۇقىرى بولغان! تەتقىقاتتا ئىسپاتلىنىشىچە : بوۋاي - مومايلار بالىنىڭ ئاتا - ئانىلىرىغا قارىغاندا بالىلارنى تەقدىرلەشكە تېخىمۇ خۇشتار، ئۇلار بالىلارغا تېخىمۇ تولۇق ئەركىنلىك ۋە تالاش ئىمكانىيىتى بېرىدىكەن. بالىلاردا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئىجادىي ئوي - پىكىردىن ئىنتايىن مەمنۇن بولىدىكەن. بۇنداق «ھەرقانداق تەلەپنى قانائەتلەندۈرۈش» تەك ئۇسۇل بالىلارنىڭ ئىجادچانلىقىنىڭ مىسلىسىز تەرەققىي قىلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدىكەن. بۇنداق بالىلار بەلكىم مەكتەپتە ئۆگىنىشى ئادەتتىكىچە بولۇشى، ئاتا - ئانىسىنىڭ قاتتىق تەلەپ ۋە تەربىيەسىدە چوڭ بولغان بالىلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



يەتمەسلىكى مۇمكىن. بىراق ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىق ۋە ئىجادچانلىق تەرەپلىرى ئاشۇ بالىلارنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدىكەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇنداق بالىلارنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى ئوخشاش ياشتىكى بالىلاردىن تېخىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە بىردەمدىلا ئۆزگىچە ھەل قىلىش ئۇسۇللىرىنى تاپىدىكەن، ناھايىتى ئاسانلا يېڭىچە ھەل قىلىش يوللىرىنى ئويلاپ تاپىدىكەن. مانا بۇلار دەل تالانتلىقلاردا بولىدىغان ئالاھىدىلىكلەردۇر.

بىز بۇ خۇلاسىنىڭ قانچىلىك ئىلمىيلىككە ۋە راستلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋاقتىنچە ئىسپاتلىيالمىز دەپ ئولتۇرمايلى، بۇ خۇلاسە بىزنى مەسىلىلەرنى يېڭى بىر نۇقتىئىنەزەر بىلەن مۇلاھىزە قىلىشقا رىغبەتلەندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز بوۋاي - مومايلارنىڭ بالا بېقىشنىڭ زادى قانداق ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكى بار؟ قانداق قىلغاندا يېتەرسىزلىكنى تۈگىتىپ، ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرالايمىز، چوڭلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى مۇۋاپىقلاشتۇرالايمىز، شۇنداقلا بالىنىڭ ھەر تەرەپلىمە قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ياردەم بېرەلەيمىز؟ دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە باش قاتۇرىمىز.

بىز ئاۋۋال بوۋاي - موماilar باققان بالىلارنىڭ قانداق ئارتۇقچىلىقى بارلىقىغا قاراپ باقايلى:

**ئەۋلاد ھالقىغان تەربىيەنىڭ بىرىنچى ئالاھىدىلىكى: ئازادە مۇھىت.**

چوڭلار بالىلارغا ئاتا - ئانىلىرىغا ئوخشاش ئۇنداق بېسىم قىلمايدۇ. شۇڭا ئۇلار بالىلارنى زىيادە چەكلىمەيدۇ ۋە باشقۇرۇپ كەتمەيدۇ. شۇڭا بالا ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئاتا - ئانىسىغا قارىغاندا بوۋىسى بىلەن مومىسى خېلىلا يېقىندەك بىلىنىدۇ، شۇنداقلا ئاز ساندىكى بالىلار بوۋىسى بىلەن مومىسىدىن قورقىدۇ. بالىلار دەل مۇشۇنداق بىخەتەرلىكى ھېچقانداق ئەيىبلەش ۋە چەكلىمىلەرگە

ئۇچرىمايدىغان مۇھىتتا نۇرغۇن ئويۇنلارنى ئوينايدۇ، ئالايلۇق، خالىغانچە يۇگۇرۇپ ئويناش، لاي ئويناش قاتارلىقلار. ئۇلار تۇرلۇك ھەرىكەت ۋە ئويۇنلار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سەزگۈسى ۋە تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى تولۇق تەرەققىي قىلىدۇ. بالىلارنىڭ بۇ قابىلىيەت ـ ئىقتىدارى ئۇلارنىڭ كېيىنكى يېڭىلىق يارىتىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۇرۇشكە ئاساس بولىدۇ.

**ئەۋلاد ھالقىغان تەربىيەنىڭ ئىككىنچى ئەۋزەللىكى: يېتەرلىك ۋە شەرتسىز مۇھەببەت.**

بالىلار كىچىكىدە چەكسىز «مېھىر ـ مۇھەببەت» كە تەشنا بولىدۇ، مېھىر ـ مۇھەببەتكە قانچە كۆپ ئېرىشكەن بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن پسىخىكىسىمۇ شۇنچە ساغلام، شۇنچە مۇستەقىل بولىدۇ. ئالدى بىلەن بوۋاي ـ مومايلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلارغا قارىغاندا، يېتەرلىك ۋاقتى ۋە سەۋر ـ تاقىتى بولىدۇ، ئۇلار يېتىپ ـ قوپۇش، غىزالىنىش جەھەتتە بالىلار بىلەن ھەمىشە بىرگە بولالايدۇ، بۇ خىزمەتنى ناھايىتى ئالدىراش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. شۇڭا بوۋاي ـ مومايلار بالىلارغا ئاتا ـ ئانىسى بېرەلمىگەن مېھىر ـ مۇھەببەتنى تولۇقلاپ بېرىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بوۋاي ـ مومايلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، نەۋرە ـ چەۋرىلەر ھەم بىر ئامانەت، ھەم ئۆزىنىڭ يېقىن ئادىمى، شۇنداقلا بىر ھەمراھ ھېسابلىنىدۇ. بوۋاي ـ مومايلارنىڭ نەۋرىلىرىگە بولغان كۆيۈنۈش ـ غەمخورلۇقى ئەڭ شەخسىيەتسىز ئەڭ شەرتسىز بولۇپ، بەزىدە ھەتتا مەلۇم بىر خىل «ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش» دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ. دەل مۇشۇنداق ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش بالىنى چوڭلارنىڭ ئالدىدا خىيالىغا كەلگەننى قىلىدىغان، ئۇلاردىن تەپ تارتمايدىغان قىلىپ قويغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىلارنىڭ چوڭلار ھازىرلاپ بەرگەن ئەركىن ـ ئازادە مۇھىت، ئاشۇنداق بىخەتەر، ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شارائىتتا تۇغما قابىلىيىتى تەبىئىي ھالدا تولۇق تەرەققىي قىلىدۇ.

**ئەۋلاد ھالقىغان تەربىيەنىڭ ئۈچىنچى ئەۋزەللىكى: بالىنىڭ «ئۆزلۈك»ىنى تونۇشقا ياردىمى بولىدۇ.**

بوۋىسى ـ مومىسى تەربىيەلىگەن بالىنىڭ «مەن» لا دەيدىغان ئىدىيەسى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ، چۈنكى چوڭلار بەرگەن يېتەرلىك «مېھىر ـ مۇھەببەت» مۇھىتى، شۇنداقلا ھەممىلا ئىشتا ئالدى بىلەن بالىنى ئويلىشى بالىنىڭ نۇرغۇن ئىشلاردا ئالدى بىلەن «ئۆزى» نى ئويلىشىغا، ئۆزىنىڭ پىكىر ـ قارىشى بولۇشىغا، ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. مانا بۇ بالىنىڭ ئۆزلۈك قارىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، مۇستەقىل خاراكتېر ـ خىسلىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ياردىمى بولىدۇ. ئەكسىچە ئاتا ـ ئانىلىرى قاتتىق باشقۇرغان، كىچىكىدىنلا بەك گەپ ئاڭلايدىغان بالىلار ئاسانلا «ئۆزلۈك» ىنى يوقىتىپ قويىدۇ، چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ باشقىلارغا تايىنىۋالىدىغان خاراكتېرنى ناھايىتى ئاسانلا يېتىلدۈرۈۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چوڭلارنىڭ مول ھايات كەچۈرمىشى ۋە ئەخلاق ـ تەبىئىتىمۇ كۆندىلىك تۇرمۇشتا بالىغا ئاستىرتىن تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەكسىچە، بوۋىسى ـ مومىسى باققان بالىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى يېتەرلىك بولىدۇ، چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ باشقىلار بىلەن ئاسانلا قويۇق مۇناسىۋەت باغلىيالايدۇ.

بىراق ئەۋلاد ھالقىغان تەربىيەنىڭ يەنە نۇرغۇن يېتەرسىز تەرىپىمۇ بار، ئاتا ـ ئانىلار بۇنىڭغا دىققەت قىلىشى كېرەك.

**ئەۋلاد ھالقىغان تەربىيەنىڭ 1 ـ يېتەرسىزلىكى: ياشانغانلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭ تەسىرىگە ئاسانلا ئۇچرايدۇ**

بالا قانچە كىچىك بولسا، ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ تەسىرى شۇنچە چوڭقۇر بولىدۇ. چۈنكى بالا كىچىك ۋاقتىدا كۆزىتىش

ئارقىلىق ئۆگىنىدۇ. شۇڭا ئەگەر بىر بالا بوۋىسى ـ مومىسى بىلەن بىرگە تۇرسا چوڭلارنىڭ ھەر بىر ئىش ـ ھەرىكىتى ۋە گەپ ـ سۆزى ئۇنىڭغا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر چوڭلار ئۇمىدۋار، ئوچۇق مىجەزلىك، كىشىلەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشقا ھېرىسمەن، سۆزمەن خۇش چاقچاق بولسا، بالىلارنى باققاندا ھارغىنلىق ھېس قىلمايدۇ، شۇنداقلا بالا بېقىشنى ئۆزىگە يۈك قىلىۋالمايدۇ، شۇڭا بۇلار باققان بالىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئوچۇق مىجەزلىك، شوخ، روھى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، گەپكە ھېرىسمەن كېلىدۇ؛ ئەمما چوڭلار جىمغۇر كىشىلەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشنى خالىمايدىغان، يالغۇزلۇقنى خالايدىغان، گەپ خالىمايدىغان، گۇمانخور، روھىي ھالىتى ۋە ھېسسىياتى سۇس بولسا، بۇنداقلار ئۆزلىرى باققان بالىلار بىلەن چىقىشالماي زىددىيەتلىشىپلا قالماستىن، بەلكى باققان بالىلارمۇ ئاسانلا مۇشۇ خىل مىجەز ـ خاراكتېرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار چوڭلارغا بالىلارنى باققۇزغاندا، چوڭلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى كۆزدە تۇتۇشى كېرەك.

**ئەۋلاد ھالقىغان تەربىيەنىڭ ئىككىنچى يېتەرسىزلىكى: قىسمەن تەلىم ـ تەربىيە قارىشى نىسبەتەن ئارقىدا**

بوۋاي ـ موملار نېمىلا دېگەنبىلەن دەۋر ئاتلىغان كىشىلەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭلارنىڭ جاھىل، مۇتەئەسسىپ پىسخىك ئالاھىدىلىكى سەۋەبىدىن يېڭى شەيئىلەرنى قوبۇل قىلىشى ئاستا بولىدۇ، خاتىرىسىمۇ چېكىنگەن بولىدۇ ، ئۇزۇن يىلدىن بېرى شەكىللەنگەن تەپەككۇر شەكلى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئاسان ئۆزگەرتەلمەيدۇ، مانا بۇلار ئۇلارنىڭ تەلىم ـ تەربىيە قارىشىنىڭ ئارقىدا قېلىشىنى، بىر قاتار ئىلمىي تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلىنىڭ كەملىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان؛ شۇنىڭ ئۈچۈن بوۋاي موماىلارنىڭ تەلەم ـ تەربىيە ئۇسۇلى بىلەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئائىلىدىكى ئۈچ ئەۋلاد كىشىلەر

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ئوتتۇرىدا زىددىيەت ۋە توقۇنۇش كېلىپ چىقىدۇ؛ ئەمما بالىلار شۇ ئىككى ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدا تېنەپ ـ تەۋرەپ قېلىپ، كىم ئۆزىگە ياخشى قارىسا، شۇنىڭ يېنىغا بېرىۋېلىپ، ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىنى خالىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى بولماسلىقتەك زىددىيەتلەر كېلىپ چىقىدۇ.

بوۋاي ـ مومايلارنىڭ بالا بېقىشنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى چۈشىنىش مەسىلىسىدە دېمەكچى بولغىنىم شۇكى، مېھىر ـ مۇھەببەتكە ئېرىشكەن بالا ئەڭ بەختلىك بالا، بوۋاي ـ موماي ۋە ئاتا ـ ئانا بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتسە، ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلسا، بالىلىرىمىز تېخىمۇ ساغلام، ئائىلىمىز تېخىمۇ بەختلىك بولىدۇ. شۇڭا مەن چوڭلىرى بالىسىنى بېقىشىپ بېرىدىغان ياش ئاتا ـ ئانىلارغا تۆۋەندىكىدەك مەسلىھەت بەرمەكچىمەن.

**1. بوۋاي ـ مومايلار ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى، رولىنى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى كېرەك.**

بوۋاي ـ مومايلار بۇ تەرەپلەرنى ئورۇنلىشى ئۈچۈن جۈرئەتلىك بولۇشى كېرەك، بولۇپمۇ 1000 يىللىق مەدەنىيەت تىندۇرمىمىز مۇھىتىدا بوۋاي ـ مومايلارنىڭ بالىلارنى تەربىيەلىشى قىلمىسىغمايدىغان قائىدە، زۆرۈر ئىش دەپ قارىلىدۇ. بىراق ئومۇمەن مۇشۇنداق قاراشتىكى چوڭلار بىلەن بالىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆزلىرىنىڭ رولى، ئورنى مەسىلىسىدە ئاسانلا ئىختىلاپ كېلىپ چىقىدۇ. بوۋاي ـ مومايلارمۇ بالا تەربىيەلەشتە ئاتا ـ ئانىنىڭ ئەڭ ياخشى، ئەڭ مۇۋاپىق نامزات ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى كېرەك، ئۇلار ئۆزلىرىمۇ تەربىيەلىسە بولىدۇ، لېكىن چوقۇم بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەربىيەلەش ئۇسۇلى ۋە ئىدىيەسىگە بويسۇنۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىشى كېرەك. پەقەت مۇشۇنداق بولغاندىلا تەربىيەنىڭ بالىغا پايدىسى بولىدۇ، بالا ئاندىن

ئوخشىمىغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا تېنەپ يۈرمەيدىغان بولىدۇ. بالىلارنى تەربىيەلەش جەھەتتە، چوڭلار پەقەت «تەكلىپ بېرىش» رولىنىلا ئوينايدۇ، نەۋرىسىنى ياخشى تەربىيەلەشكە ياردەم بېرەلەيدۇ. ئائىلىدىكى ھەممەيلەننىڭ كۆز قارىشى ۋە ئىش - ھەرىكىتى چوقۇم بىردەك بولغاندا ئېلىپ بېرىلغان تەربىيە ياخشى تەربىيە ھېسابلىنىدۇ، بالا مۇشۇنداق بىردەكلىككە ئىگە بولغان مۇھىتتىن ئۆزىگە پايدىلىق نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىپ، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.

**2. ئاتا - ئانىلار چوقۇم ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغانلارنىڭ پسىخىك تەرەققىيات ئالاھىدىلىكىگە ئائىت بىلىملەرنى چۈشىنىشى ۋە ئۆگىنىشى كېرەك.**

ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغانلارنىڭ ئائىلىدە قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالغاندا، ئائىلىدىكى نۇرغۇن زىددىيەتنى ئالايلۇق، ئىدىيەدىكى مۇتەئەسسىپلىك، مىجەز - خاراكتېر جەھەتتىكى جاھىللىق قاتارلىقلارنى ئازايتقىلى بولىدۇ. نۇرغۇن ئانىلار مەندىن:

«مۇئەللىم، چوڭلارنىڭ بەزى كۆزقارىشى ۋە ئالاھىدىلىكىنى قانداق قىلغاندا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ؟» دەپ سورىغىنىدا، مەن ئۇلارغا ئۆزىڭىزنىڭ ۋاقتى ۋە زېھنىي قابىلىيىتىڭىزنى «قانداق قىلغاندا قېرىلارنى ئۆزگەرتىشكە» سەرپ قىلغاندىن كۆرە، پسىخولوگىيە بىلىملىرىنى ئۆگەنگىنىڭىز تۈزۈك دەپ جاۋاب بېرىمەن. ياشانغانلارنىڭ ئىش - ھەرىكىتىگە نىسبەتەن چۈشەنچىگە ئىگە بولسىڭىز، بەلكىم زىددىيەتنى ھەل قىلىشنىڭ ياخشى ئۇسۇللىرىنى تاپالىشىڭىز مۇمكىن. بىر كىشىنى ئۆزگەرتىش ناھايىتى قىيىن، بولۇپمۇ ئۆمرىنىڭ يېرىمىنى ياشاپ بولغانلارنى ئۆزگەرتىش بەسى مۇشكۇل. شۇڭلاشقا ياش ئاتا - ئانىلار دائىم ياشانغانلارنى قانداق قىلىپ ئۆزگەرتىش خىيالىدا بولماستىن، ئۆزىنىڭ چەكلىك ۋاقتىدا بالىسىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىشىنى، بالىسىنى تەربىيەلەش مەسىلىسىنى ئويلىشىشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



**3. مىننەتدار بولۇشنى ئۆگىنىۋېلىشى، بالا ئۈچۈن ئىناق ئائىلە كەيپىياتى يارىتىپ بېرىشى كېرەك.**

پىسخىكىلىق مەسلىھەتتە ھەممىدىن ياخشى مۇناسىۋەت، دەيدىغان بىر پىرىنسىپ بار. دېمەكچىمەنكى، ئەگەر مەسلىھەت سورىغان ئادەمگە ياردەم قىلاي دېسىڭىز، چوقۇم ياردەم سورىغۇچى بىلەن ياخشى مەسلىھەت بېرىش مۇناسىۋىتى ئورنىتىشىڭىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇلارنىڭ مەسىلىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرەلەيسىز. مېنىڭچە بۇ پىرىنسىپ كىشىلىك مۇناسىۋەت جەھەتتە ھەممەيلەنگە باب كېلىدۇ. مۇناسىۋەت ياخشى بولغاندىلا ھەل قىلغىلى بولمايدىغان زىددىيەت بولمايدۇ. شۇڭا ياشانغانلار بالىلىرىڭلارنى مەيلى قانداق باقسۇن، سىلەر ئۇلارنىڭ بالاڭلارنى بېقىشىپ بېرىپ، ئەڭ چوڭ غېمىڭلارنى ھەل قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلاردىن مىننەتدار بولۇشىڭلار كېرەك، سىلەر ئۇلارنىڭ ئۆزۈڭلارنى ئەڭ چوڭ باش قېتىنچىلىقىدىن خالاس قىلغانلىقىدىن خۇش بولماي، ئەكسىچە ئۇلارنى ئەيىبلىسەڭلار بولمايدۇ. ناۋادا ئۇلارنى ئاق ـ كۆك دەيدىغان بولساق، كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويىمىز. چوڭلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ ياخشى بولۇشى، ئائىلە كەيپىياتى ئىناق ـ ئىجىل بولۇشى بالا ئۈچۈن ئەڭ ياخشى تەربىيە ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئائىلە كەيپىياتى ياخشى بولمىغان بىر ئائىلىنىڭ بالىغا بېرىدىغان تەسىرى چوڭلارنىڭ بالىغا بولغان بەزى يامان تەسىرىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانا بالا تەربىيەلەش بۇرچىنى ئادا قىلالمىسا، باشقىلارغا كوتۇلداش ۋە ئۇلارنى ئەيىبلەشلىرىنى دەرھال توختىتىپ، مىننەتدار بولۇشنى، مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە چوڭلارنىڭ ئىشچانلىقىنى ماختاشنى، مەسىلىگە باشقا بىر نۇقتىئىنەزەر بىلەن قاراشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىلا سىز تېخىمۇ گۈزەل نەرسىلەرنى بايقىيالايسىز، شۇنىڭ بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىلىپ، باشقا مەسىلىلەر تەبىئىي ھالدا ھەل بولۇپ كېتىدۇ.

**4. ئانا تۇغۇت رۇخستى جەريانىدا ئىمكانقەدەر بالىنى ئۆزى بېقىشى، بالا بىلەن مۇقىم، يېقىن، ئاجرالماس بىر گەۋدىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشى كېرەك.**

ئانا تۇغۇتلۇق دەم ئېلىش ۋاقتىدا بالىنى ئىمكانقەدەر ئۆزى بېقىشى كېرەك. چوڭلار قارىشىپ بەرگىلى كەلگەندە، ئۇلارنىڭ پەقەت ياردەمگىلا كەلگەنلىكىنى، ھەرگىز ئۆزىنىڭ ئورنىدا بالا بېقىشتىن ئىبارەت مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا كەلمىگەنلىكىنى ئېسىدە تۇتۇشى كېرەك. بۇ تۆت ئاي جەرياندىكى بالا بىلەن ھاسىل قىلغان يېقىنچىلىق مۇناسىۋەت بالا قەلبىدە ناھايىتى ياخشى بىخەتەرلىك تۇيغۇسى شەكىللەندۈرىدۇ، ئانىسى خىزمەتكە چۈشكەندىن كېيىن بالىمۇ مۇھىتقا ۋە يېڭى تەربىيەلىگۈچىگە ناھايىتى تېز لا ماسلىشالايدۇ. بىراق ئانا ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانا بىر ئامال قىلىپ، ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن بالا بىلەن كۆپرەك بىللە بولۇشى كېرەك، بولۇپمۇ بىر ياشقا تولمىغان بالىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، دادا ياكى ئۆيدىكى باشقىلار ئۆي ئىشلىرىنى كۆپرەك قىلىپ، بالىنىڭ ئانىسىنى بالىسى بىلەن كۆپرەك بىرگە بولۇش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىشى كېرەك، چۈنكى بۇ مەزگىل بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئانا مۇھىم رول ئوينايدىغان مەزگىل ھېسابلىنىدۇ.

**5. ئىككى ئەۋلاد ئادەم بالىلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئۇسۇلى بىلەن تەربىيەلىسە، بالا مەنىۋى تەرەققىياتىغا ئەڭ ماس كېلىدىغان ئۇسۇلنى تاللاشقا ئېھتىياجلىق.**

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، چوڭلارنىڭ بالا باققان چاغدىكى نامۇۋاپىق ئۇسۇلى كۆپ ھاللاردا تۇرمۇشتىكى كىچىك ئىشلاردا ئىپادىلىنىدۇ. بىراق بۇ ئۇششاق ئىشلارنى ئاتا ـ ئانىلار ئۆز ئۇسۇلى بويىچە تامامەن بىر تەرەپ قىلىپ كېتەلەيدۇ، بۇ ئىككى ئەھۋال زىددىيەتلىكمۇ؟ ياق ، ئۇنداق ئەمەس، بۇنىڭدا بالا پەقەت

231

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئوخشاش بىر ئىشقا ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋالىدۇ، بىراق يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، مەنىۋى تەرەققىياتىغا ئەڭ ماس كېلىدىغان ئۇسۇلنى تاللىۋالىدۇ. ئالايلۇق: بالا يىقىلىپ كەتسە، چوڭلار دەرھاللا يەرنى تېپىدۇ، بالا پۇتلىشىپ كەتكەن، سوقۇلۇپ كەتكەن نەرسىنى ئۇرۇپ قويىدۇ. ھېچقىسى يوق، يەنى ئوخشاش ئىشلارغا يولۇققاندا (دىققەت، قايتا بىر قېتىم يىقىلىپ كەتكەندە مومىسى تەربىيە بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئانىسى قايتا تەربىيە بېرىش دېگەنلىك ئەمەس) ئانىسى بالىنى ئۆز ئۇسۇلى بىلەن يېتەكلىسە بولىدۇ. ئالايلۇق، بالا تاشقا مۈدۈرۈلۈپ يىقىلىپ چۈشكەندىن كېيىن ئۇنى ئۆزى تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش، ئۇنىڭدىن كېيىن بالىغا: — قوزام، ئاغرىدىمۇ، قارا! تاشمۇ ئاغرىپ كەتتى دەيدۇ، ئۇمۇ يىقىلدى، كېلە، بىز ئۇنى بەزلەپ قويايلى» دېسە. بالىمۇ شۇ چاغدا «ھە! ئەسلىدە مېنىڭلا ئاغرىماي، تاشنىڭمۇ ئاغرىيدىكەن ـ دە» دەپ ئويلايدۇ، ئۇنداقتا مومىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئىككى خىل مۇئامىلە ئۇسۇلى بالىنى قانداق تونۇشقا كەلتۈرىدۇ؟ كېيىنكى قېتىم يىقىلغاندىن كېيىن مومىسى بالا تېگىپ كەتكەن ئۈستەلنىڭ بۇرجىكىنى ئۇرغىنىدا بالا بىردىنلا يىغلاپ ۋە مومىسىغا: «ئۈستەلنى ئۇرماڭ، ئۇرسىڭىز بولمايدۇ، ھوۋا! ھوۋ! ئۇنىڭمۇ ئاغرىدۇ...» دەيدۇ، مومىسى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ناھايىتى ئەجەبلەنگەن ھالدا بالىنىڭ ئىش ئۇققانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. كېيىنكى قېتىم ئۇنداق دېمەيدۇ. ئەكسىچە كۆڭلىدە بالىنىڭ ئانىسىنىڭ قىلغىنىنى توغرا دەپ قارايدۇ.

شۇڭلاشقا ئاتا ـ ئانا چوڭلارنىڭ ئۇسۇلىدىن بەك خاتىرجەمسىزلىنىپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ. گەرچە بالا ئىككى خىل ئادەملەر ئارىسىدا تەمتىرەپ يۈرسىمۇ ، لېكىن ئۇ پەقەت: «دۇرۇس ئادەملەرنىڭ ئالدىدا دۇرۇس ئىش قىلىسىلا» بۇ ئۇنىڭ كەلگۈسىدە جەمئىيەتكە پۇختا قەدەم باسقان بىر ئىقتىدارى ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا چوڭلارنىڭ تەربىيە ئۇسۇلىنى ياخشى ئەمەس دەپ قاراش، ئېنىقكى ئۆزىگە ئاۋارىچىلىك تاپقانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئاتا ـ

ئانىنىڭ قىلىدىغىنى ئەندىشىدىن خالىي بولۇپ، بالىنى ئۆز ئۇسۇلى بويىچە يېتەكلەشتىن ئىبارەت. ھەرگىز ئۆز ئىقتىدارىغا سەل قارىماسلىق، بولۇپمۇ بالىنىڭ «توغرا» قىلىق ـ ھەرىكەتلەرنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى تۆۋەن چاغلىماسلىق كېرەك.

ئاخىرىدا مېنىڭ ھەر بىر ئاتا ـ ئانىغا دېمەكچى بولغىنىم، بالىلارنى تەربىيەلەش ئەسلىدىنلا ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىشى. بالىلارنى تەربىيەلەشتىكى ئۇسۇلى «ھەمراھ بولۇش» بىلەن «تەلىم ـ تەربىيە»دىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ئاتا ـ ئانا «ھەمراھ بولۇش» نى ئىشقا ئاشۇرالمىغان ئەھۋالدا، تەلىم ـ تەربىيە ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئاتا ـ ئانىنىڭ تەسىر كۈچى مەڭگۈ ئەڭ چوڭقۇر بولىدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ بۇنى چۈشىنىشىنى ۋە ئۆزىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، ئۇنداقتا ئەۋلاد ھالقىغان تەربىيەنىڭ چوقۇم ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكىدىن ساقلانساق، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرساق، بالىلىرىمىز مېھىر ـ مۇھەببەتلىك تۇرمۇشتا ساغلام ۋە خۇشال ـ خۇرام چوڭ بولالايدۇ.

يۇقىرىدا ئائىلىدە بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى مۇھىم رولىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق، بىراق ئائىلىنىڭ بالىغا قانچىلىك مۇھىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئاجرىشىشىنى نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايدۇ. 2012 ـ يىل 7 ـ ئايدا خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى 2011 ـ يىللىق ئىجتىمائىي مۇلازىمەتنىڭ تەرەققىيات ئىستاتىستىكىسىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولۇشىچە، دۆلىتىمىزنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتى يەتتە يىلدىن بېرى ئىزچىل ئۆرلىگەن. 2011 ـ يىل 1 ـ پەسىلدىلا مەملىكىتىمىزدە 465 مىڭ جۈپ ئەر ـ خوتۇن نىكاھتىن ئاجراشقان بولۇپ، ئوتتۇرا ھېسابتا كۈنىگە 5000 جۈپ ئەر ـ ئايال نىكاھتىن ئاجراشقان. نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتى % 14.6 گە يەتكەن ، بۇ سانلىق مەلۇماتلار ئەلۋەتتە شىنجاڭنىمۇ ئۆز ئىچىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئالىدۇ.

بۇ يەردە مەن قانداقتۇر نىكاھتىن ئاجرىشىش سانلىق مەلۇماتلىرىنى تەتقىق قىلماقچى ئەمەسمەن، پەقەت ئاتا ــ ئانىلارغا دېمەكچى بولغىنىم شۇكى، بىر كۈنلەردە نىكاھنى داۋاملاشتۇرۇش ئىمكانىيىتى قالمىغاندا، ئاتا ــ ئانا بولۇش سالاھىيىتىمىز بىلەن قانداق قىلىپ نىكاھتىن ئاجرىشىشنىڭ بالىغا بولغان زەربىسىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈمىز؟

## 5. ئاجراشقاندا زەخمىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرەيلى

ئاتا ــ ئانا نىكاھتىن ئاجراشقاندا ئەڭ ئازابلىنىدىغىنى بالىلاردۇر. ئاتا ــ ئانىلار باشقىدىن نىكاھلىق بولسا بولىدۇ، لېكىن بالىلار ھەرگىز ئاتا ــ ئانىسى تەل ئائىلىدە ياشىيالمايدۇ، ئۆز ئاتا ــ ئانىسىنىڭ قويىنىدا ئۆسۈپ يېتىلەلمەيدۇ. مېنىڭ قوشنام نىكاھتىن ئاجراشقان ئائىلە ئىدى، ئۇلارنىڭ بۇ بەش ياشلىق قىزى ئۆيىمىزگە ئوينىغىلى كىرگەندە ماڭا:

«ھەدە، دادام بىزنى تاشلاپ كەتتى، ئۇنداق ئاجرىشىدىغان ئادەملەر نېمىشقا مېنى تۇغقان بولغىيتتى؟ دوستلىرىم مېنى دائىم دادىسى يوق بالا دەيدۇ» دېگەنىدى. بۇ ئوماق قىزنىڭ سوئاللىرىنى، سۆزلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا مەن تولىمۇ ئەپسۇسلاندىم. چۈنكى ئۇنىڭ ئاتا ــ ئانىسى ئەينى چاغدا ئاجراشقاندا ناھايىتى قاتتىق ئازارلاشقانىدى، ئانىسى قىزىنى دادىسىغا قەتئىي كۆرسەتمىگەن ھەم بوۋىسى ــ مومىسى بىلەنمۇ باردى ــ كەلدى قىلغىلى قويمىغان. نەتىجىدە، بۇ بىچارە بالا ئانىسىنىڭ ئېرىگە بولغان ئۆچمەنلىك مۇھىتىدا ياشىغاچقا كەم سۆز، يالغۇزلۇقنى ياقتۇرىدىغان، مىجەزى غەيرىي، باشقىلارغا دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارايدىغان، ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىشىلەرگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەم بولۇپ قالدى.

ئاتا ـ ئانىلار ئاجراشقاندىن كېيىن بالىنىڭ پىسخىكىسىغا ئېلىپ كېلىدىغان تەسىرلىرى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچىدىن ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى، ئائىلىدە ئائىلە ئەزاسى ئازىيىپ، ئائىلىدىكى مۇناسىۋەت ۋە ئائىلە تۈزۈلمىسىدە ئۆزگىرىش بولغانلىقتىن، ئائىلە مۇكەممەللىكى يوقىلىدۇ. بۇ ھال بالىنىڭ قەلبىدە بىر خىل ئېغىر كەمتۈكلۈك تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ، بالا مەيلى دادىسى بىلەن ياكى ئانىسى بىلەن بىرگە تۇرسۇن، ئۇنىڭدا پىسخىكا جەھەتتە ئېغىر بىخەتەرسىزلىك تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىسى تەل بولمىغان بالىلار بۇ ئائىلىنى ھەرگىز ھەقىقىي مەنىدىكى ئائىلە دەپ ھېسابلىمايدۇ. باشقا بالىلارغا سېلىشتۇرغاندا، بۇ خىل بالىلار ئۆز ـ ئۆزىنى كەمسىتىش پىسخىكىسىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەقەت بىر تەرەپلا باققان بالىنىڭ ئائىلىدە ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئىجتىمائىيلىشىش يولى تارىيىپ كېتىدۇ. بۇلار بالىنى مۆلچەرلىگۈسىز زىددىيەت ۋە ئازابقا دۇچار قىلىدۇ. بالىنىڭ ئۇچرايدىغان زەربىسى ئاتا ـ ئانىسى ئۇچرايدىغان زەربىدىن ھەرگىز تۆۋەن بولمايدۇ.

ئىككىنچىدىن ئاتا ـ ئانا ئاجراشقاندىن كېيىن، ھەر ئىككىلىسى ناتونۇش ئادەملەرگە ئايلىنىپ، ئۆز ئالدىغا ياشايدۇ، بېرىش ـ كېلىش قىلىشنىڭمۇ ھاجىتى قالمايدۇ. بىراق بالىنىڭ ھەر ئىككى تەرەپ بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولىدۇ، بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىسىلىپ ئۆتىشى تولىمۇ تەسكە توختايدۇ، بۇ خىل ھالەت قەلبىدە پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلىدۇ، بولۇپمۇ بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپكە ئۆچ ـ ئاداۋەت ساقلىسا، بۇ ھال بالىنى تېخىمۇ غەش قىلىدۇ، گاڭگىرىتىدۇ، ئازابلايدۇ ۋە ئۇنىڭدا غېرىبلىق، باش ـ پاناھسىزلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن روھىي جەھەتتە ئاسانلا بېسىم ھېس قىلىدىغان ۋە ھاياتقا ئۈمىدسىز قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ، بۇ نۇقتا يېشى چوڭراق، يەنى 10 ياش چامىسىدىكى بالىلاردا ئالاھىدە گەۋدىلىك كۆرۈلىدۇ. بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ياشتىكى بالىلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، مۇھەببەت، نىكاھ قاتارلىقلارغا نىسبەتەن ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ، بىر خىل ۋەھىمە ھېس قىلىدۇ ۋە كەلگۈسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت تۇرمۇشىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر يەتكۈزىدۇ.

ئۇچىنچىدىن ئاتا ـ ئانا نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن، ئەتراپتىكىلەر ۋە يېقىنلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ كەينىدىن قىلىشقان گەپ ـ سۆزلىرىمۇ بالىغا ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ. ئالايلۇق، قوشنىلارنىڭ بالىغا يالغاندىن كۆيۈنگەن قىياپەتتە:

«ھەي، بۇ بالا نېمىدېگەن بىچارە، كىچىك تۇرۇپلا ئاپىسى ئۇنى تاشلىۋەتتى.» «بالام، داداڭ سېنى كۆرگىلى كەلمىگىلى قانچە ئۇزۇن بولدى؟» دەپ بىلجىرلاشلىرى قاتارلىقلار. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بالىنىڭ دوستلىرى ئوتتۇرىسىدا بولغان سۆز ـ چۆچەكلەرمۇ، ئالايلۇق: «سەن بىلەن ئوينىمايمەن، ھۇ، ئاپىسى يوق ياۋايى، ئاپام مېنى سەن بىلەن ئوينىغىلى قويمايدۇ، سېنى دادىسى يوق، ئائىلە تەربىيەسى كۆرمىگەن دەيدۇ» دېگەندەك گەپ ـ سۆزلەر بالىنىڭ غۇرۇرىغا قاتتىق تېگىدۇ، بالىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئىقتىدارىغىمۇ مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىپ، بالىنى ئۆز ـ ئۆزىنى كەمسىتىدىغان، سەزگۈر، گۇمانخور، كىشىگە ئارىلاشمايدىغان ياكى توڭ مىجەز ـ خاراكتېرلىك قىلىپ قويىدۇ، بالىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

قىسقىسى، ئاتا ـ ئانىنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىشى، بالىنىڭ كېيىنكى كىشىلىك مۇناسىۋىتى، لايىق تاللىشى، ئائىلىۋى تۇرمۇشى، كىشىلەرگە بولغان مۇئامىلىسى قاتارلىقلارغا ئوخشىمىغان دەرىجىدە پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئەمما ئاجراشقان ھەممە ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بالىلارغا بولغان تەسىرىنى مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتكىلىمۇ بولمايدۇ. ئەتراپىمىزدىمۇ ئاتا ـ ئانىسى ئاجرىشىپ كەتكەن بالىلار بار، ئۇلار ئوخشاشلا ساغلام ئۆسۈپ چوڭ بولماقتا، يەنە كېلىپ باشقا بالىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇستەقىل، ئەقىللىك، چىدامىلىق، ئاتا ـ ئانىسىغىمۇ ناھايىتى

كۆيۈمچان بولۇپ، ئۆگىنىش نەتىجىسىمۇ ناھايىتى ياخشى، مىجەز ـ خاراكتېرىمۇ ئوچۇق ـ يورۇق. ئۇلارنىڭ بۇنداق بولۇشىدىكى ئەڭ ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئاجرىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بالىلىرىغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتى ئۆزگەرمىگەن، ئۇلار ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئىناق ئۆتۈشكەن بولۇپ، ئىككىلا تەرەپ بىر ـ بىرىنىڭ بالىغا كۆڭۈل بۆلۈشىنى قوللىغان. شۇڭا ئاتا ـ ئانىنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشىنىڭ بالىغا بولغان زىيىنىنىڭ دەرىجىسى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ساپاسى، بالىغا بولغان پوزىتسىيەسى، بالىغا كۆڭۈل بۆلۈش ئۇسۇلى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئايرىلىپ تۇرۇشقا بولغان چۈشەنچە ـ پوزىتسىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

**ئاجرىشىپ كەتكەن ئاتا ـ ئانىلار، بالىلىرىغا بولغان مەسئۇلىيىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى كېرەك.**



بىز بالىلارنى بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان، ئۇنىڭغا ھايات بەخش ئەتكەن ئاتا ـ ئانا بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، بىزنىڭ بالىلارغا ياخشى تۇرمۇش مۇھىتى يارىتىپ بېرىش مەسئۇلىيىتىمىز ۋە بۇرچىمىز بار، ئەلۋەتتە. بۇ «ياخشى» دېگەن سۆز پەقەت بالىغا ماددىي تۇرمۇش شارائىتى يارىتىپ بېرىشنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، يەنە مەنىۋى ئوزۇق ئاتا قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. گەرچە ئۇلار بىر ئۆيدە ياشىمىسىمۇ، بالىلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ناھايىتى مۇھىم.

بالىلار ئۆزلىرىنىڭ قانداق ئادەمنىڭ بالىسى بولۇشىنى، قانداق ئائىلىدە چوڭ بولۇشىنى تاللىيالمايدۇ، ئەمما ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا قانداق تۇرمۇش ئاتا قىلىشنى تاللىيالايدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ گەپ ـ سۆزى، قىلىق ـ ھەرىكىتى، ھەر بىر تاللاشلىرى بالىلارغا ئازدۇر ـ كۆپتۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. نىكاھلىق تۇرمۇشىڭىز باشلانغاندىن كېيىن، مەسئۇلىيەت دېگەن سۆز ئەڭ مۇھىم رىشتە ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەگەر كۆڭلىڭىزدە مۇشۇنداق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولسا، ئەر – ئايال ئوتتۇرىسىدا بىر قىسىم پىرىنسىپال مەسىلىلەردىن باشقا ھەرقانداق ئىشتا بىرلىككە كېلىش مۇمكىنچىلىكى بولىدۇ. مەن مۇنۇ بىر جۈملە سۆزنى ياخشى كۆرىمەن: «ئاتا – ئانا بولغاندىن كېيىن ھەرقانداق ئىشتا بالىنى كۆزدە تۇتۇشىڭىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك، سىز ئەمدى يالغۇز يەككە – يېگانە ئەمەس، بەلكى بىر بالىنىڭ ئۆمۈرلۈك تەقدىرىنىڭ ئىگىسى».

**پەرزەنتىڭىز ئۈچۈن چىرايلىقچە ئاجرىشىڭ، ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن ئاچچىقىڭىزنى بالىڭىزدىن ئالماڭ.**

نۇرغۇن ئاتا – ئانا ئاجرىشىشتىن ئىلگىرى ئۇرۇشىدۇ، تىللىشىدۇ. ئاجراشقاندىن كېيىن بالىنى قارشى تەرەپكە كۆرسەتمەسلىككە قەسەم قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بالىغا يەنە بىر قىسىم «ئەرلەرنىڭ ياخشىسى يوق»، «داداڭ دۇنيادىكى ئەڭ رەزىل ئادەم، ئۇنىڭغا مەڭگۈ يولۇققۇچى بولما،» دېگەندەك ئىنتايىن يامان ئىدىيەلەرنى سىڭدۈرۈۋېتىدۇ، بالىلارنىڭ ئالدىدا قارشى تەرەپنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ، بالىلارنىڭ قارشى تەرەپكە بولغان ئۆچمەنلىكىنى قوزغايدۇ، بۇلار بالىلارنىڭ قەلبىدە يامان تەسىر پەيدا قىلىدۇ.

**ئاجراشقاندىن كېيىن، بالىنىڭ ھەرقانداق بىر تەرەپ بىلەن نورمال كۆرۈشۈش ھوقۇقى كاپالەتلىك قىلىنىشى كېرەك.**

بالىنى بېقىش ھوقۇقى مەيلى كىمگە تەۋە بولسۇن، بالىنىڭ ئاتا – ئانىسىنى كۆرۈش ھوقۇقى بولىدۇ، بۇ قانۇندا بالىلارغا بېرىلگەن ھوقۇق. بالىنىڭ ئاتا – ئانىسىنى كۆرگۈسى كەلگەن چاغدا كۆرەلىسىلا، بالا ئاندىن ئاتا – ئانىسىنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. شۇڭا ئاتا – ئانىلار بالىلارغا قولايلىق شارائىت ھازىرلاپ بېرىپ، بالىلارغا ئاتا – ئانىسىنىڭ ھەرقانداق

بىرى بىلەن ئالاقىلىشىش، ئاربىلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش كېرەك. مانا بۇلار ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر.

**ئاجراشقاندىن كېيىن، بالىنى باققان تەرەپنىڭ پسىخىك ھالىتى بالىغا نىسبەتەن ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ.**

بالا قانچە كىچىك بولسا، باققۇچى تەرەپنىڭ شۇنچە تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. مۇنداق بىر ئانا بار ئىدى، ئاجراشقاندىن كېيىن ھېچنېمەم قالمىدى دەپ ئويلايدۇ ـ دە، كۆندە بالىسىنىڭ ئالدىدا يىغلاپ، بالىسىغا ئاتىسىنىڭ ۋىجدانسىزلىقىنى، ئۇنىڭ ئانا ـ بالا ئىككىسى بىلەن كارى بولماي تاشلىۋەتكەنلىكىنى دادلايدۇ. بەزىدە قاتتىق كۈلۈپ كېتىدۇ، ئۆيدىكى نەرسىلەرنى ئېتىپ ـ چېقىپ ئاچچىقىنى چىقىرىدۇ. ھەر قېتىم مۇشۇنداق قىلغاندا بالا قورقۇپ تازىلىق ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا مۆكۈنۈۋېلىپ چىقىشقا پېتىنالمايدۇ، ھەتتا شۇ يەردە ئۇخلاپ قالىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال يېرىم يىلغىچە داۋاملىشىدۇ، سەككىز ياشقا كىرىپ قالغان بالىدا مەكتەپكە بېرىشنى خالىمايدىغان، يوتقان ـ كۆرپىسىگە سىيىپ قويىدىغان، كارىۋات ئاستىغا مۆكۈنۈۋېلىشنى ياخشى كۆرىدىغان، ھېچكىمگە گەپ قىلمايدىغان بىنورمال ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. مانا بۇ ئاجرىشىپ كەتكەن ئاتا ـ ئانىنىڭ بىنورمال پسىخىكىسىنىڭ بالىسىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

شۇنىڭ بىلەن سىزگە، مەن يەنە ئاجرىشىشقا توغرا مۇئامىلە قىلغان، ئۈمىدۋار، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، خىزمىتى بار، مۇستەقىللىقى كۈچلۈك مۇستەقىل قاراشقا ئىگە، ئەمما ئاجرىشىشتىن ئىبارەت بۇ ئىشقا ئىنتايىن توغرا روھىي ھالەت بىلەن مۇئامىلە قىلغان، ئاجراشقان بولسىمۇ بالىسىنى ساغلام چوڭ قىلىشقا قەتئىي ئىشەنچىسى بار بىر ئانىنى تونۇيمەن. ئۇ ئاجراشقاندىن كېيىنمۇ بالىسىنىڭ دادىسىنى كۆرۈشكە يول قويىغان، نېمىشقا ئىككىسىنىڭ بىر ئۆيدە ياشىيالمىغانلىقىنى،

www.uyghurkitap.com



شۇنداقلا ئىككىسى بىر ئۆيدە بولمىسىمۇ، ئىككىلىسىنىڭلا ئۆزىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، بۇرۇنقىدەكلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بالا چۈشىنەلىگۈدەك قىلىپ ئېيتقان. بالا ئانىنىڭ مۇشۇنداق ئىجابىي، ئاكتىپ پوزىتسىيەسى ۋە ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىدە بۇنداق ئائىلە مۇھىتىغا ناھايىتى تېزلا ماسلاشقان ھەمدە ناھايىتى ساغلام چوڭ بولغان.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بويتاق ئاتا - ئانىلار يېشى كىچىك بالىلارغا ھېكايە - چۆچەك ئېيتىپ بېرىشى، ئوقۇپ بېرىشى كېرەك. يېشى چوڭراق بالىلارغا روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق كىتابلارنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇلاردا كىتاب، ئوقۇشقا قىزىقىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا بالىلارنىڭ پىسخىك ئېنېرگىيەسى ۋە بەرداشلىق بېرىش كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

جەمئىيەت، مەكتەپ ۋە قولۇم - قوشنىلار ئاتا - ئانىسى ئاجرىشىپ كەتكەن بالىلارغا توغرا پوزىتسىيەدە بولۇشى، ئۇلارغا باشقىچە نەزەردە قارىماسلىقى ۋە باھا بەرمەسلىكى كېرەك.

ئاتا - ئانىسى ئاجراشقان بالىلارغا نىسبەتەن زىيادە كۆيۈنۈش ياكى زىيادە سوغۇق مۇئامىلە قىلىش توغرا ئەمەس. ئالدىنقىسى بالىلارنى كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئېچىنىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا، كېيىنكىسى بولسا چەتكە قېقىۋاتقاندەك تونۇشقا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. كۆپىنچىمىز بىر بالىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاجرىشىپ كەتكىنىنى ئاڭلىغان ۋاقتىمىزدا، دائىم شۇ بالىغا ھېسداشلىق قىلىمىز ۋە ئىچ ئاغرىتىمىز. بۇ ھال ئەمەلىيەتتە بالىغا : ئەر - خوتۇنلار ئاجراشقان ئائىلە نورمال ئائىلە ئەمەس، سەن بۇنداق ئائىلىدە بەختسىز بولۇپ قالىسەن، دېگەن بىر ئۇچۇرنى ئاڭسىز رەۋىشتە يەتكۈزىدۇ. بالىنى مۇشۇنداق كۆڭۈلسىز ئۇچۇر چىرمىۋالغاندا، بالا ئۆزىنى بەكمۇ كەمسىتىدۇ.

بولۇپمۇ مۇئەللىملەر بالىدا ناچار ھەرىكەتلەر كۆرۈلگەندە، ئۇلارغا «ئاناڭنىڭ سېنى يالغۇز باقمىقىمۇ ئاسان ئەمەس»، «ئائىلە

شارائىتنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى مەنمۇ چۈشىنىمەن» دېگەندەك گەپلەرنى قىلماسلىقى كېرەك. ئەگەر بىر تەرەپلا بېقىۋاتقان بالىنىڭ ئۆگىنىشى ياخشى بولسا ئۇلارغا «ھەقىقەتەن ئاناڭنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلدىڭ جۇمۇ» دېگەندەك گەپلەرنى قىلماسلىقى كېرەك. نۆۋەتتە ئىجتىمائىي مۇھىتىمىز ئاجراشقان ئائىلىلەرگە يېتەرلىك كەڭ قورساقلىق قىلمايۋاتىدۇ، بۇ ھال بالىلارغا ۋاستىلىك تەسىر كۆرسىتىپ، بىر تەرەپلا بېقىۋاتقان بالىلارنى دائىم خۇدۇكچان قىلىپ قويۇۋاتىدۇ. ئەگەر مۇئەللىملىرى، دوستلىرى بالىغا ھەددىدىن ئارتۇق كۆڭۈل بۆلۈپ كەتسە، بالىنىڭ ھېس قىلغىنى كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن ئىللىقلىق بولماستىن، بەلكى ئەكسىچە ئۆزىنى كەمسىتىش ۋە ئازاب بولىدۇ. بالا دېگەننىڭ كەپسىز بولۇشى، ئىش ئۇقماسلىقى ناھايىتى نورمال ئەھۋال، بۇلارنى ھەرگىزمۇ بىر تەرەپلا باققان بالىلاردىكى ناچار ئىپادە دەپ قارىساق بولمايدۇ. مۇئەللىملەر بىر تەرەپلا باققان بالىلارغا باشقا بالىلارغا ئوخشاش نەزەر بىلەن قارىشى، تەنقىدلەش زۆرۈر بولسا تەنقىدلىشى، تەقدىرلەش زۆرۈر بولسا تەقدىرلىشى كېرەك.

زىيادە كۆڭۈل بۆلۈش، ئاسراش ئەلۋەتتە مۇھىم، بولۇپمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئانچە مەسئۇلىيەتچانلىقى يېتەرلىك بولمىغان، ئائىلە شارائىتى ھەقىقەتەن ناچار بولغان يەككە ھامىيلىق بالىلارغا شۇنداق قىلىش زۆرۈردۇر. لېكىن بۇنىڭدا ئۇسۇلغا دىققەت قىلىش كېرەك، بۇنى بالا سېزەلمىگۈدەك تەرزدە، ۋاستىلىك ھالدا ئېلىپ بېرىش كېرەك.

ئاتا ـ ئانا، مەكتەپ، جەمئىيەت بىرلىكتە بالىلارغا ياخشى، ئۆزئارا ئىززەت ـ ھۆرمەت قىلىدىغان ۋە كەڭ قورساق بولىدىغان تەرەققىي قىلىش سەھنىسى ھازىرلاپ بەرسەكلا، بۇ بالىلارمۇ باشقا بالىلارغا ئوخشاشلا ناھايىتى ياخشى تەرەققىي قىلالايدۇ. شۇڭا ئاجراشقان ۋە ئاجرىشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئەر ـ ئاياللار، سىلەردىن ئۆتۈنىدىغىنىم: ئاجرىشىش سەۋەبىدىن بالىلارغا ئېلىپ كېلىدىغان ئازابنى چوقۇم ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشەرگەيسىلەر!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# پەرزەنتنامە

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى:  ئەكبەر ئەلى، نازىگۇل ئاكسانباي
مەسئۇل كوررېكتورى:  ئايگۇل سابىت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:  شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون:  0991 - 2827472
ئادرېسى:  ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى:  830001
باسقۇچى:  شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى:  شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى:  1230 × 880 مىللىمېتىر  1/32
باسما تاۋىقى:  7.75
نەشرى:  2015 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى:  2015 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى:  1 - 3000
كىتاب نومۇرى:  ISBN 978 - 7 - 228 - 18125 - 4
باھاسى:  20.00 يۈەن

